# هاتەم ھەققىدە
# قىسسە

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# ئەرتاقوقە
# قىسسە

نەشرگە تەييارلىغۇچى:   توختى ئابسخان
مەسئۇل مۇھەررىرى:   ئابلىمىت ھاجى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

بەت


ھاتەم . . . . . . . . . . . . . . 1

مەلىكە ھۆسنە بانۇ ۋە ئۇنىڭ ھۆسنە ئاۋات شەھرى-نى بىنا قىلىشى .................... 6

مەلىكە ھۆسنە بانۇنىڭ كەززاپ شەيخ ۋە ئۇنىڭ قىرىق مۇرىدىنى ئوغورلۇق ئۈستىدە تۇتۇپ، پادىشاغا جازالاتقانلىغى .................... 21

مەلىكە ھۆسنە بانۇنىڭ ئۆزىگە كەلگەن ئەلچىلەرگە قويغان يەتتە سوئالى .................... 24

ھاتەمنىڭ ھۆۋەيدا چۆلىگە بېرىپ، مەلىكە ھۆسنە بانۇ-نىڭ بىرىنچى سوئالىغا جاۋاپ تاپقانلىغى .......... 34

ھاتەمنىڭ مەلىكە ھۆسنە بانۇنىڭ ئىككىنچى سوئالىغا جاۋاپ ئىزدەش يولىدا بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى ... 52

ھاتەمنىڭ دەشتۇ-باياۋانلارنى كېزىپ، مەلىكە ھۆسنە بانۇنىڭ ئۈچىنچى سوئالىغا جاۋاپ تاپقانلىغى ... 97

ھاتەمنىڭ مەلىكە ھۆسنە بانۇنىڭ تۆرتىنچى سوئالىغا جاۋاپ ئىزدەش يولىدا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرى ... 132

ھاتەمنىڭ مەلىكە ھۆسنە بانۇنىڭ بەشىنچى سو-ئالىغا جاۋاپ ئىزدەپ قىلغان سەپىرى .......... 158

ھاتەمنىڭ تىلسىماتنى بۇزۇپ، مەلىكە ھۆسنە بانۇ-نىڭ ئالتىنچى سوئالىغا جاۋاپ تاپقانلىغى ...... 177

ھاتەمنىڭ مەلىكە ھۆسنە بانۇنىڭ يەتتىنچى سو-ئالىغا جاۋاپ تېپىپ كېلىشى ۋە ھۆسنە بانۇ بىلەن شاھزادە مۇنىرنىڭ تويى .................... 197

# هاتەم

بۇرۇنقى زاماندا، سېخىلىقتا مەشھۇر بولغان ـ هاتەم ئىسىملىك بىر ئادەم ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ نامى تىللاردا داستان بولۇپ، مۇشۇ كۆنلەرگىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.
رىۋايەتچىلەر مۇنداق ھىكايە قىلىشىدۇ:
هاتەمنىڭ دادىسى ـ تەي، تەينىڭ ئاتىسى ـ كەهلان، كەهلاننىڭ ئاتىسى ـ رەسەن، رەسەننىڭ ئاتىسى ـ نەخشەپ، نەخشەپنىڭ ئاتىسى ـ قەهتان، قەهتاننىڭ ئاتىسى ـ هوت، هوتنىڭ ئاتىسى ـ ئامايا ئىدى.
ئامايا ـ يەمەن ۋىلايىتىنىڭ هوكۇمدارى بولۇپ، دېخانچىلىقتا ماهىر ئىدى. ئۇ بىر پەرزەنت يۈزى كورۇپ، ئىسمىنى « هوت » دەپ قويىدى. هوت چوڭ بولدى ۋە ئاتىسىنىڭ يولىنى تۇتۇپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە باي بولدى، ئاندىن كوڭلىگە پادىشالىق هەۋىسى چۈشۈپ، هەر خىل خىياللارنى سۈردى. ئاخىرى، مەسلىهەت ئۈچۈن ئوز يېقىنلىرىنى يىغىپ، زىياپەت بېرىپ، مۇددىئاسىنى بايان قىلدى. يېقىنلىرى: «مۇددىئا يىگىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كوپ بايلىق كېرەك، ئۇنداق بولمىسا، ئەمەلگە ئاشمايدۇ » ـ دېيىشتى.
ـ ئەي قېرىنداشلار، ـ دېدى هوت ئالدىن تەييارلاپ قويغان قورال ـ ياراقلىرىنى كورسىتىپ، ـ خاتىرجەم بولۇڭلار، سىلەر رازىلىق بېرىپ، دوئا يىگلارنى بەرسەڭلارلا بولىدۇ، شۇ چاغدا ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن يەمەننىڭ پادىشالىغىنى تارتىۋالسام ئەجەپ ئەمەس...

ھوت زىياپەتتىن كېيىن مەشھۇر شەمشەرۋاز ۋە ئۇستا نەيزىۋازلارنى تەشكىللەپ، ئۇلارغا كىيىم - كېچەك، قورال - ياراق تارقىتىپ بېرىپ، جەڭگە ھازىرلىق قىلدى.

يەمەن پادىشاسىغا: « ئامايانىڭ ئوغلى - ھوتنىڭ خىيالى يامان، پادىشا ئاگاھ بولمىسا، پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالمايدۇ » - دىگەن خەۋەر يەتتى. پادىشا دەرغەزەپكە كېلىپ، ئون پالۋاننى لەشكەر بېشى قىلىپ تەيىنلەپ، نۇرغۇن قوشۇنلار بىلەن ھوتقا قارشى ماڭغۇزماقچى بولدى. بۇنىڭدىن ھوتمۇ خەۋەر تاپتى - دە، لەشكەرلىرىنى تەشكىللەپ ھۇشيار تۇردى.

ئەلقىسسە، شەھەر تەرەپتىن يەمەن پادىشاسىنىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كەلدى. ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى مەيدانغا كىردى. تاماشىچىلار ئۆز كۆڭۈللىرىدە: « كىمنىڭ يۈزىنى راھەت شامىلى سىلاپ، كىمنىڭ بېشىنى ھالاكەت قىلىچى تېنىدىن جۇدا قىلار، كىم بېشىغا دولەت تاجىنى كىيەر؟ » - دىگەن پىكىرنى كوچۈرۈشەتتى.

مەيدانغا ئالدى بىلەن پالۋانلار يەككە - يەككە ھالدا كىرىپ قەھرىمانلىق كورسەتتى. كېيىن لەشكەرلەر بەش - بەشلەپ، ئون - ئونلاپ، يۈز - يۈزلەپ مەيدانغا چۈشتى. جەڭ قىزىپ كەتتى...

پادىشا لەشكەرلىرى يېڭىلىپ، ھەممە نەرسىلىرىنى تاشلاپ شەھەرگە قاراپ قاچتى.

بۇ مەغلۇبىيەتتىن قاتتىق غەزەپلەنگەن يەمەن پادىشاسى ئەتىسى لەكمىڭ - لەكمىڭ لەشكەر تارتىپ يولغا چىقتى. ھوتمۇ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، لەشكەرلىرىنى ھۇشيار تۇرغۇزدى. بىر كېچە - كۈندۈز ئۆتتى. ئەتىسى كۈن چىققاندا ناغرا - سۇناي ئاۋازلىرى يەر - زېمىننى لەرزىگە كەلتۈردى.

يەمەن پادىشاسىنىڭ لەشكەرلىرى ھوتنىڭ ئوردۇلىغا كېلىپ سەپ تۈزدى. ئىككى تەرەپنىڭ پالۋانلىرى بىر - بىرى بىلەن ھۈنەر كۆرسىتىشكە باشلىدى. پادىشا لەشكەرلىرى بۇ قېتىممۇ يېڭىلىشكە يۈزلەندى. ھوتنىڭ لەشكەرلىرى تېخىمۇ روھلىنىپ، بۆرۈنقىدىنمۇ ئوبدانراق جەڭ قىلدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە پادىشا ئۆلدى. بۇ خەۋەرچاقماقتېزلىكىدە تەرەپ - تەرەپلەرگە تارقىدى. شەھەر خەلقى ۋە كونا لەشكەرلەر ھوتنىڭ ئايىغىغا باش قويدى ۋە ھوتنى، پادىشالىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ، مۇبارەكلەپ يىغىلدۇردى.

ھوت پادىشا بولغاندىن كېيىن ئادالەت بىلەن شەھەر سوراپ خەلقنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلدى.

ئەلقىسسە، ھوت بىر پەرزەنت كۆرگەن بولۇپ، ئىسمى "قەھتان " ئىدى. ھوت ئەجەل شەربىتىنى ئىچىپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغاندىن كېيىن تاجۇ - تەختى قەھتانغا قالدى.

قەھتانمۇ ئاتىسىنىڭ يولىنى تۇتۇپ، ئادالەت بىلەن شەھەر سوراپ، لەشكەرلىرىنى كۆپەيتىپ ۋە كۈچەيتىپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى شات، يۇرتنى ئاۋات قىلىشقا تىرىشتى.

قەھتان بىر پەرزەنت كۆرۈپ، ئىسمىنى "نەخشەپ " قويدى ھەم ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىدى. قەھتان بۇ دۇنيادىن ئۇ ئالەمگە ياخشى نام بىلەن كەتتى. تاجۇ - تەخت نەخشەپكە قالدى

نەخشەپ ئاتا - بوۋىلىرىدەك ئادالەتنى كەسپ قىلالمىدى. مەملىكەت ئىشلىرىغا ھەر تەرەپتىن قاراقوللار ئارىلىشىشقا باشلىدى. نەخشەپمۇ بىر پەرزەنت كوردى. ئىسمىنى " رەسە، قويدى.

رەسەن كوپ چاغلاردا ئاتىسىنى لارازى قىلاتتى. ئاتىسى ئۇنىڭدىن بىزار ئىدى. نەخشەپ ئەجەل ساقىسىدىن شەربەت ئىچكەندىن كېيىن پادىشالىق رەسەنگە قالدى.

رەسەنمۇ ئادالەت دەرياسىدا ئۈزمەي، خەلقنىڭ هال-ئەهۋالىغا يەتمەي، ئۇزۇنغا بارماي ئاخىرەتكە قەدەم قويدى. تاجۇ - تەخت ئۇنىڭ ئوغلى كەهلانغا قالدى.

كەهلان خەلققە پايدىمۇ كەلتۈرمىدى، زىيانمۇ سالمىدى. ئۇ بىر پەرزەنت كوردى. ئىسمىنى « تەي » قويدى. كەهلان مەڭگۈلۈك كوز يۇمغاندىن كېيىن پادىشالىق ئوغلى تەيگە قالدى. تەي بوۋىسى هوتىنىڭ يولىنى تۇتۇپ، ئادالەتلىك بىلەن ئىش كوروپ، يەمەن زېمىنىنى ئاۋات قىلدى. خەلق ۋە لەشكەرلەر ئۇنىڭدىن رازى بولدى. خەزىنىلەر ئالتۇن، كۇمۇشكە لىق تولدى. تاجۇ - تەخپ كۇچۇيۇپ، دولەتنىڭ ئىقبال كوكىدە بەخت-سائادەت يۇلتۇزلىرى چاقناشقا باشلىدى.

تەي بىر پەرزەنت كوروپ ئىسمىنى « هاتەم » قويدى.

ئەلقىسسە، هاتەم تۇغۇلغان كۇنى يەمەندە ئالتە مىڭ ئوغۇل تۇغۇلغان ئىدى. پادىشا پەرمان چۇشۇروپ ئۇلارنى يىغدى ۋە ئالتە مىڭ ئىنىك ئانا بەلگىلىدى. هاتەمگە بولسا، مەخسۇس 4 ئىنىك ئانا تەيىنلىدى. ئىنىك ئانىلار هاتەمگە سۇت ئېلىپ كىرگىنىدە، ئۇ زادى ئىچكىلى ئۇنىمىدى. بۇ ئىشتىن هەيران بولغان ئىنىك ئانىلار ئەهۋالنى پادىشاغا يەتكۇزدى. پادىشانىڭ كوڭۇل ئاسمىنىدا خاتىرجەمسىزلىك بۇلۇتى ئەگىدى - دە، هوكۇمالارنى يىغىپ، بۇ ئىشنىڭ سەۋەۋىنى سوروشتۇردى. هوكۇمالا مۇلاھىزىلەر يۇرگۇزۇشكەندىن كېيىن:" بۇ ئوغۇلنىڭ كوڭلى ساخاۋەتكە توغرا كەلمەيدىغان هىچقانداق نەرسىنى

خالىمايدىكەن. شۇڭا ئۇ مەشھۇر سېخى ئادەم بولىدىكەن»- دەپ جاۋاپ بېرىپتى. شۇنىڭ بىلەن پادىشانىڭ كوڭلى تىنىپ، پۇخرالاردىن بىر يىللىق باجنى كوچۇرۇم قىلدى. ھاتەمگە قانداق تائام بېرىلسە، باشقا بالىلار ۋە ئىنىڭ ئانىلارغىمۇ شۇنداق تائام بېرىلىدىغان بولدى.

ئەلقىسسە، پادىشا ھوكۇمالارنى يەنە بىر قېتىم يىغىپ ئوغلىنىڭ بەختى - تەلىيىنى سورىغان ئىدى، ھوكۇمالار: «بۇ ئوغۇلنىڭ تەلىيى ئۇلۇغ، ئامەتى چوڭ، ئىقپالى نۇرانە، بېلىگە ھەمىشە سېخىلىق كەمەرىنى باغلاپ، مىسكىن - بىچارىلارنىڭ دىلىنى شات قىلغۇسى» - دېيىشتى. بۇ جاۋاپتىن كوڭلى زىيادە خۇشاللىقتا چۈمگەن پادىشا — ھوكۇما - دانىشمەنلەرگە نۇرغۇن سوۋغىلارنى ئىنئام قىلدى....

يىللار - يىللارنى قوغلاپ ئوتۇپ، ئوغۇللار ئون ئىككى ياشقا كىردى. ئۇلارنىڭ رەڭگى - روىى، كىيىم - كېچىكى ئوخشاش بولۇپ، مىنىدىغان ئاتلىرى بىر خىل ياسداق ئىدى.

ھاتەم ھەركۈنى بىر قېتىم كوچىغا چىقىپ ئايلىناتتى، غېرىپ - مۇساپىرلارغا، يېتىم - يېسىرلارغا خەيرى - ساقاۋەت قىلاتتى... ئۇ ھەرگىز قاتتىق سوز قىلمەيتتى، خاپا بولمايتتى، خۇشچىراي بولۇپ، ساھىپجاماللىقتا نادىر ئىدى...

# مەلىكە ھوسنەبانۇ ۋە ئۇنىڭ ھوسنە ئاۋات شەھرىنى بىنا قىلىشى

ئەندى پادىشا كەردان بىلەن ئۇنىڭ نەۋرىسى ھوسنەبانۇ ھەققىدە سۆز ئاڭلاڭلار:

ئىران زېمىنىدا ئادەملىرى باي بىر چوڭ ۋىلايەت بار ئىدى. پادىشاسىنىڭ ئىسمى كەردان بولۇپ، ئۇنىڭ خەزىنە دۇنياسى ھەددى - ھېساپسىز، ئەسكىرى سان-ساناقسىز ئىدى. ئۇ، ئۆزىنى شۇنداق ئادىل پادىشا ھېساپلايتتىكى، ئەگەر ئۆز ئوغلى شەرىئەت ھۆكمىگە خىلاپ ئىش قىلسا، ئۇنى شەرتسىز جازالايتتى... ئۇنىڭ نادىرە دەۋران ئىسىملىك ھۆسۈن - لاتاپەتتە تەڭدىشى يوق بىر قىزى بار ئىدى. ئۇ، بۇ قىزىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. نادىرە دەۋراننىڭ مەڭزى ۋە پېشانىسىدىكى خالى ئۇنىڭغا شۇنداق ياراشقان ئىدىكى، گويا تولۇن ئاي يېنىدىكى نۇرلۇق يۇلتۇزغا ئوخشايتتى.

ئەلقىسسە، بۇ يۇرتتا خوجا بەرزەخ دېگەن بىر كاتتا سودىگەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى - ئۇلۇغلار نەسلىدىن ئىدى. پادىشا كەردان ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن قىزى - نادىرە دەۋراننى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ قويۇپ، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا كۆركەم ئىمارەتلەر ياسىتىپ بەردى...

مەلىكە نادىرە دەۋران ھۆسۈن - جامالدا ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە گۈزەل بىر قىز تۇغدى، بۇنىڭدىن پادىشادىن تارتىپ بارلىق پۇخرالارغىچە ھەممەيلەن بىسيار خۇش بولۇپ، قىزنىڭ ئىسمىنى ھوسنە بانۇ قويدى.

ھوسنە بانۇ يەتتە ياشقا كىرگەندە، نادىرە دەۋران بۇ دۇنيا-



دىن مەڭگۈلۈك كۆز يۇمدى. ئۇزاق ئۆتمەي خوجا بەرزەخ ھە-پانى ئالەم بىلەن ۋىدالىشىپ، باقى ئالەمنىڭ يولىنى تۇتتى. بارلىق مال - مۈلۈك ھوسنە بانۇغا قالدى. ھوسنە بانۇ بىر ھەپتە كەردان شاھنىڭكىدە تۇرسا، يەنە بىر ھەپتە ئۆز ئۆيىدە تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ يېشى ئون ئىككىگە يەتتى. بىر كۈنى ئۇ مەنزىرىدىن كوچىغا قاراپ تۇراتتى، چوڭ يولدىن ئىسارقىسىدا قىرىق مۇرىدى بار بىر ئەزىز ئۆتۈپ قالدى.

- بۇ كىم؟ - دەپ سورىدى ھوسنە بانۇ ئىنىك ئانىدىن. ئىنىك ئانا:

- بۇ شەيخ كەردان شاھنىڭ پىرى، - دەپ جاۋاپ بەردى.

ھوسنە بانۇ ھەيران قالدى. ئۇ بىر كۈنى كەردان شاھنىڭ ئالدىغا كىرگەندە:

- ئى، ئاتا، پىرلىرىنى چاقىرىپ، زىياپەت بېرىپ، دۇئاسىنى ئالسام دەيمەن، - دېدى.

- بولىدۇ قىزىم، - دېدى كەردان شاھ خۇشال بولۇپ، - ئۇ كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئالساڭ، ئىككىلا دۇنيادا سائادەتمەن بولىسەن..

مەلىكە خۇشال ھالدا ئۆيگە قايتىپ كېلىپ زىياپەت تەييارلىقىغا كىرىشتى. ئەتىسى ئىنىك ئانا يۈزىنى يېپىپ بېرىپ شەيخكە مەلىكىنىڭ سالامىنى ۋە زىياپەت تەكلىۋىنى يەتكۈزدى.

شەيخ بۇ تەكلىپنى ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈپ تۇرغاندەك دەرھال رازىلىق بىلدۈردى.

چۈشكە يېقىنلاشقاندا، شەيخنىڭ مۇبارەك لەۋزى ئاڭلاندى. ئۇنىڭغا ھېلىقى مۇرىتلىرى ھەمرا ئىدى. سارايى خوجىسى ئۇلارنى مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردى ۋە كاتتا زىياپەت بېرىپ كۈتىۋالدى. بۇ كېچە تاڭ ئاتقىچە يەپ-ئىچىش، زىكرى - سوھبەتلەر بولدى. مەلىكە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە كىيىم - كېچەك ۋە نۇرغۇن پۇل

ئىنئام قىلدى. شەيخكە بىر ئىگەرلىك ئات، توققۇز يۈرۈش تون سىرپاي، بىر لىگەن ئالتۇن، تىللا ھەدىيە قىلدى. ئۇلار دۇئا قىلىشىپ، رەخمەتلەر ئېيتىشىپ ئۆز ماكانىغا قايتىشتى.

زىياپەتتىن كېيىن كۈن پېتىپ قاراڭغۇ چۈشتى. مەلىكىنىڭ نېمىشقىدۇ زادىلا ئۇيقىسى كەلمىدى. يېرىم كېچە بولغاندا تاشقىرىدىن غەيرى بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. مەلىكە ئىشىكنى قىيا ئېچىپ ھويلىغا قارىدى. ھېلىقى شەيخ قىرىق مۇرىدىنى ئەگەشتۈرۈپ، باشقا ئۆيلەردىكى مال - مۈلۈكلەرنى ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى. خىزمەتچىلەردىن بىر قانچىسى شېھىت ھەم مەجرۇھ بولۇپ يېتىشاتتى.... مەلىكە ئىنىك ئانىنى ئويغۇتۇپ، ئەھۋالنى خەۋەر قىلدى. ئىنىك ئانىمۇ ئوغۇرلۇق قىلىۋاتقانلارنىڭ شەيخ ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

ئەتىسى مەلىكە ئىنىك ئانا بىلەن بىللە كەردان شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— بۈگۈن كېچە بىر توپ ئوغرىلار كېلىپ ئۆيۈمنى بۇلاپ كەتتى. بىز ئوغرىلارنى تونۇۋالدۇق، — دەپ ئەرز قىلدى.

— ئۇلار كىم ئىكەن؟ — ئالدىراپ سورىدى شاھ.

مەلىكە جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېدى:

— ئۇلار سىلىنىڭ پىرلىرى - ھېلىقى شەيخ ۋە ئۇنىڭ سوپىلىرى. ئۇلار خىزمەتكارلىرىمىزنىڭ بەزىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بەزىلىرىنى ئېغىر يارىلاندۇرۇپ قويدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پادىشا دەرغەزەپ بولۇپ، مەلىكە بىلەن ئىنىك ئانىغا ۋاقىرىدى:

— ئەي چېچى ئۇزۇن ئەقلى قىسقىلار! مېنىڭ پىرىمگە تۆھمەت قىلىشنى سىلەرگە كىم ئۆگەتتى؟ سىلەر مېنىڭ دۈشمەنلىرىم ئالدىدا مېنى رەسۋا قىلماقچىمۇ؟!

پادىشانىڭ تېنىگە لەرزە چۈشۈپ، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق باستى ۋە ئىختىيارسىز توۋلىدى:



— جاللاتلار! بۇ ئىككى شور پېشانە بەدبەختنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار!

جاللاتلار مەلىكە بىلەن ئىنىك ئانىنى ئېلىپ چىقىپ پادىشانىڭ بۇيرۇقىنى بىجا كەلتۈرمەكچى بولدى. لېكىن شۇچاغدا ۋەزىرلەردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، كىيامەرس ئادەمدىن بۇيان ھېچبىر پادىشا ئاياللارنىڭ قېنىنى تۆككەن ئەمەس، يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، مەلىكە ئۆز پەرزەنتىڭىز، مېنىڭ مەسلىھەتىم شۇكى، ئۆلتۈرمەي، باياۋانغا ئېلىپ بېرىپ تاشلىۋەتسەك، ئۆلگەننىڭ ھۆكمى بولغاي...

بۇ مەسلىھەت پادىشانى قايىل قىلدى. ئۇ ۋەزىرنىڭ دانالىقىغا تەھسىنلەر ئېيتىپ:

— ئۇنداق بولسا بۇ ۋەزىپىنى سەن ئورۇنلىغىن، — دېدى.

پادىشادىن ئىجازەت ئالغان دانا ۋەزىر مەلىكە بىلەن ئىنىك ئانىنى جاللاتلارنىڭ قولىدىن ئاجرىتىپ ئالدى ۋە بىر مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئىنسان قەدىمى يەتمىگەن، قورقۇنۇچلۇق بىر باياۋانغا ئېلىپ باردى.

— ئەي مەلىكەم، — دېدى ۋەزىر، — ئەگەر ئىشىڭ ھەق بولسا، ھامان يورۇقلۇققا چىقارسەن.

ئەلقىسسە، مەلىكە بىلەن ئىنىك ئانا دەشتۇ باياۋاندا دەھشەتلىك ئىسسىق دەستىدىن قىينالدى... پانا بولغىدەك يەر ئىزدەپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بىر بۇلاقنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە بىر تۈپ دەرەخ بولۇپ، ئۇ دەرەخ ئەتراپقا سايە تاشلاپ تۇراتتى. بۇ ئىككى ئاجىز - غېرىپ بۇ يەردە ماكان تۇتماقچى بولدى.

كېچىلىرى يېرىم كېچىگىچە مەلىكە ئۇخلاپ، ئىنىك ئانا پاسىۋانلىق قىلسا، يېرىم كېچىدىن كېيىن ئىنىك ئانا ئۇخلاپ، مەلىكە پاسىۋانلىق قىلدى. بىر كېچە، مەلىكىنىڭ نۆۋىتىدىكى سەھەر ۋاقتى ئىدى، ئىككى قۇش كېلىپ. دەرەخكە قۇنۇپ، ئاجايىپ خۇش ئاۋاز بىلەن سايراشتى-دە، كەينىدىنلا زۇۋانغا كىردى.

— ئەي جورە قابىل، بۇ مېھمانلار ئادەم قەدىمى يەتمەس بۇ يەرگە كېلىپ، بىزنىڭ ماكانىمىزدا ئارام ئاپتۇ. بۇلار ئۈچۈن ھېچقانداق زىيانپەت بەرمىدۇققۇ، — دېدى بىرىنچى قۇش.

— دانىشمەنلەردىن ئاڭلىغىنىم ئېسىمدە، — دېدى ئىككىنچى قۇش،

— ئىككى ئايال مەلۇم سەۋەپ بىلەن بۇ بۇلاقنىڭ تۇۋۇدگە قەدەم يەتكۈزگەي، ئۇلارنىڭ بىرى مەلىكە، بىرى ئىنىك ئانا بولغاي. ئۇ مەلىكە ئىسمىنىڭ بېشىدا «ھ» بولغاي، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھوسنە بولغاي، بۇ ئىككى مەزلۇم ئەشۇلار بولسا كېرەك. مەن مېھماندارچىلىق يۈزىسىدىن مەلىكىگە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي.

— ئۇ قانداق ھېكايە؟ — دېدى بىرىنچى قۇش، — قېنى ئېيتقىن، مەنمۇ ئاڭلاي.

ئەلقىسسە، ئىككىنچى قۇش ھەمراسىغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىشكە باشلىدى. مەلىكە ھوسنەبانۇمۇ قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى:

— ئۆتكەن زاماندا بىر پادىشا بولۇپ، ئەسلى كەيىانىلاردىن ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ شىكار قىلىش ئۈچۈن چىقىپ، مۇشۇ بۇلاقنىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە بۇ يەردە ئارام ئاپتۇ. بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى، ھاۋاسى ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ماس كېلىپ قاپتۇ.



شۇڭا بىر نەچچە كۈن بۇ يەردە تۇرۇپ بەزىدە سازەندىلەر بىلەن، بەزىدە ئۆلىمالار بىلەن ئۇزاق مۇڭدىشىپتۇ.

ھۆكۈمالار سوھبىتى بولغاندا، ھۆكۈمالار ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، سىزنىڭ مەملىكىتىڭىز ۋە شۇنچە كۆپ غەزىنىڭىز بار. ھەر قانداق پادىشا ۋە غېنىلارغا بۇ دۇنيا ۋاپا قىلمايدۇ. شۇڭا سىزگە شۇنداق قىلىش لازىمكى، سىزدىن كېيىن ئاشكارا بولۇپ، ساۋاپ ھاسىل بولغاي.

پادىشا ئۇلاردىن سوراپتۇ:

— ئۇ قانداق بولىدۇ؟

— پۈتۈن غەزىنىلەرنىڭ يېرىمىنى تىلسىم قىلىپ، ئۇشبۇ بۇلاقنىڭ بېشىغا كۆمسەك، ئۇنى ئىلمى نۇجۇم ھېساۋى بىلەن سىزدىن نەچچە يىللاردىن كېيىن ئۆز ئەۋلادىڭىزدىن كېلىدىغان خا ئايال خا ئەركەك بىر كىشىنىڭ نامىغا توغرىلاپ قويساق.

پادىشا بۇ مەسلىھەتكە ماقۇل بوپتۇ ۋە ھەرخىل كەسىپ ئۇستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، بۇلاقنىڭ سۇ چىقىدىغان يېرىگىچە كولاتقۇزۇپتۇ. ئاندىن ئۇ يەرگە گۈمبەز ياسىتىپتۇ. گۈمبەزلەرنى قىممەت باھالىق ئالتۇن-كۈمۈش، لەئىلى ياقۇت، مەرۋايىتلار بىلەن تولدۇرۇپتۇ ۋە بىر خەت پۈتۈپ شۇ يەردە قويۇپتۇ. خەتكە: «ھەر قاچان ئۇشبۇ خەزىنە تەيىن قىلىنغان ئادەمدىن باشقا كىشى بۇ دۇنيالارنى ئالماق ئۈچۈن قەست قىلسا، بۇ دۇنيالار يىلان-چايان بولۇپ زەربە بېرىدۇ. ئەگەر بۇ سىردىن خەۋىرى بارلار ئالماقچى بولسا، ئەجدىھا ياكى شىرلار پەيدا بولۇپ، ئۇنى پارە-پارە قىلىپ تاشلىغاي» — دىگەن سۆزلەر يېزىلىپتۇ.

— ئەندى سىز شۇكى، — دەپ داۋام قىپتۇ ھېلىقى قۇش، — ئۇشبۇ دەرەخنىڭ ئارقىسى - كۈن چىقىش تەرىپىگە يىگىرمە بىر قەدەم مېڭىپ شۇ يەرنى قازسا، گۈمبەزنىڭ يولى ئېچىلغاي، باشقا ئىشلارنى ئالدىنقى گۈمبەزگە قويۇلغان خەتتىن تەلىم ئېلىپ ئىش قىلسا كۇپايە...

ھىكايە شۇ يەرگە كەلگەندە تاڭ يورۇپ، قۇشلار ئۇچۇپ كەتتى. مەلىكە ئىنىك ئانىنى ئويغۇتۇپ، قۇشلار سوھبىتىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلار خۇشال بولۇپ، قۇشلارنىڭ ئېيتقىنىغا ئاساسەن ئىش كۆرۈپ، ئازغىنا كولىۋىدى، راستىنلا گۈمبەزنىڭ يولى ئېچىلدى.

ئەلقىسسە، ئۇلار گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىدىپ، ھوكۇمالار يېزىپ قويغان خەتنى ئېلىپ تاشقىرىغا چىقتى. مەلىكە سىناش ئۈچۈن ئىنىك ئانىنى گۈمبەز ئىچىدىن بىر نەرسە ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى. ئىنىك ئانا گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىۋىدى، كۆزىگە قورقۇنۇشلۇق نەرسىلەر كۆرۈندى. ئىنىك ئانا قورقۇپ، دەرھال قېچىپ چىقتى. بۇنىڭدىن مەلىكە، ھوكۇمالار سۆزىنىڭ راستلىقىنى بىلدى - دە، ئۆزى گۈمبەز ئىچىگە كىرىپ بىر مۇنچە تىللا ئېلىپ چىقتى ۋە ئۇنى ئىنىك ئانىغا بېرىپ:

— ئى ئانا، سىز بۇ تىللالارنى شەھەرگە ئېلىپ بېرىڭ، مەن سىز كەلگىچە مۇشۇ يەردە ئىستىقامەت قىلىپ تۇراي، ئىككى ئوغلىڭىزنى، خىزمەتچىلەرنى، ئۇسكىنە - سايمان قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىڭ، بۇ يەردە بىر شەھەر بىنا قىلىمىز، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئىنىك ئانا بىر نەچچە كۈندە ئۆز ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئوغۇللىرىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى، ئۇلارغا ئال-



تۇن - كۆمۈشلەرنى بېرىپ، خىزمەتچىلەر بىلەن بىللە سايمانلارنى تەييارلاپ، مەلىكىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى.

ئىنىك ئانا بىلەن ئىككى ئوغۇل ۋە خىزمەتچىلەرنى كۆرگەن مەلىكە كۆپ شادىمان بولدى. ئاندىن ئىنىك ئانىنىڭ بىر ئوغلىنى شەھەرگە بېرىپ، يەنىمۇ كۆپ خىزمەتچى ۋە ئۇستىلارنى باشلاپ كېلىش ئۈچۈن بۇيرىدى. ئىككىنچى ئوغلىغا بولسا، ئېلىپ كەلگەن خىزمەتچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ، خەزىنىنىڭ ئۈستىنى تام ئىچىگە ئېلىپ، ئىمارەت ياساشقا بۇيرىدى. ئۇلار بىر يىل ئىشلەپ، يېڭى بىر شەھەر بىنا قىلدى. يۈزدىن ئارتۇق ئالىي ئىمارەتلەرنى ياساپ، زىلچا - گىلەملەر بىلەن زىننەتلىدى، باغۇ - بوستانلارنى بەرپا قىلدى، سارايلارنى سالدى، ئىمارەتلەرگە ھەر تەرەپتىن كۆپلىگەن غېرىپ - غۇرۋانە، مىسكىنلەرنى ئېلىپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇردى. ھەممىسىگە يەككە - يىگىدەك كىيىم - كېچەك ۋە پۇل بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا شەھەر ئادەمگە، سارايلار مالغا، مېھمانخانىلار مېھمانلارغا تولدى. ھەر قايسى ئىشلارغا مۇۋاپىق ئىش باشقۇرغۇچىلارنى بەلگىلىدى. مېھمانخانىلاردا ساھىپجامال قىزلار ھەمراھلىقىدا بەزمىلەر قىزىپ كەتتى. مەلىكىمۇ ئەرەنچە ياسىنىپ، ئات مىنىپ، ھەر ھەپتىدە بىر ئىككى كۈن شىكارغا، تاماشىغا چىقاتتى. بىر قېتىم شىكاردا ئۇنىڭغا كەردان شاھنىڭ نەۋكەرلىرى ئۇچرىدى. مەلىكىنىڭ شىكاردىكى چەۋەندازلىقىدىن ئۇلار ھەيران قالدى. تەھسىن - ئاپىرىنلار ئېيتتى ۋە سورىدى:

— ئېتىڭىز نىمە؟ قايسى گۈلشەندىن پەرۋاز ئەيلىدىڭىز؟

مەلىكە جاۋاب بەردى:

— مەن بىر پادىشانىڭ يۈرەك پارىسى ئىدىم. ئېتىم شاھ-

زادە مۇنەۋۋەر. ئاتامدىن رۇخسەت ئېلىپ، ئۆز ھەمرالىرىم بىلەن شىكار تاماشاسى قىلىپ يۈرەتتىم. شۇندا بىر بۇلاق بويىغا كېلىپ توختۇدۇم. ئۇ بۇلاق ماڭا ناھايىتى ياقتى. ئاتامنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئۇ يەرگە شەھەر سېلىپ، ئېتىمنى ھوسنە ئاۋات قويدۇم. بىر ئاي بۇ يەردە تۇرسام، يەنە بىر ئاي ئاتامنىڭ يېنىدا تۇرىمەن.

بۇ نەۋكەرلەر ئون نەچچە ئىدى. مەلىكە ئۇلارنى تەكلىپ قىلىپ، شەھەرگە باشلاپ كەلدى. بىر كېچە - كۈندۈز زىياپەت بېرىپ ھەممىگە بىردىن ئات، يېڭى كىيىم - كېچەك ۋە قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى تەقدىم قىلدى. مەلىكىدىن چەكسىز مىننەتدار بولغان نەۋكەرلەر ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي مەلىكىنى ماختاشتى. «كۆرگەنلىرىمىزنى كەردان شاھقا مەلۇم قىلايلۇق، ئۆزى باشقىلاردىن ئاڭلىسا، بىزگە ئاھانەت قىلىدۇ» دەپ مەسلىھەتلەشتى. مەسلىھەتلىرى بويىچە مەلىكە تەقدىم قىلغان كىيىملەرنى كىيىپ ۋە ئاتلارغا مىنىپ، پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپ سالام بەردى. كەردان شاھى نەۋكەرلىرىنىڭ كەيپى ساز، ھەركەتلىرىنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى پەملەپ:

— ئەي يىگىتلەر، ئات ۋە كىيىملىرىڭلار مۇبارەك بولسۇن! بۇ نەرسىلەرنى قەيەردىن ئالدىڭلار؟ - دەپ سورىدى.

نەۋكەرلەر جاۋاپ بېرىپ دېدى:

— ئەي پادىشاھى جاھان. بىز شىكار ئۈچۈن كۈن چىقىش تەرەپتىكى تاغنىڭ يېنىغا بارغان ئىدۇق. ئۇ يەردە بىر ئاتلىق شاھزادىگە يولۇقتۇق. ئۇ شاھزادىدەك ئاي جامال، خۇش پېئىل، شېرىن سۆزلۈكتىن يەنە بىرى بۇ ئالەمدە بولمىغاي، جاھاندا ئانىلاردىن مۇنداق ئوغۇل بەلكى يەنە تۇغۇلماس...



ئۇلار زوق - شوق بىلەن مەلىكىنىڭ تەرىپىنى قىلىشتى. كەردان شاھنىڭ دىلىغا غايىۋانە بىر ئوت تۇتۇشۇپ، ئۇنى بىر كۆرۈشكە ئارزۇ قىلدى. نەۋكەرلىرىگە:

— پۈتۈن شەھەرگە مەلۇم قىلىڭلار، كىمنىڭ شىكار ئارزۇسى بولسا، كۈن چىقىش تەرەپتىكى تاغ باغرىغا بارسۇن، - دەپ بۇيرىدى.

پادىشا ئۆزىنىڭ ۋەزىر، ئەسكەرلىرىنى ۋە چېدىر، بارگاھلىرىنى ئېلىپ بەلگىلەنگەن تاغ باغرىغا كېلىپ چۈشتى. شىكار قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار مۇئەييەن يەرگە توپلاندى. بىر كۈنى كەردان شاھ شىكاردىن خۇشال ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۆز خانىسىدا ئارام ئالدى. شىكار داشلىقلىرىدىن بىرى يوشۇرۇن ھالدا ھوسنە ئاۋاتقا بېرىپ، مەلىكىگە خەۋەر يەتكۈزدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مەلىكە ھوسنەبانۇ ئالدىن مەخسۇس دوستىخان ھازىرلاپ شاھ بارگاھىغا ئەۋەتتى. مەلىكىنىڭ غۇلاملىرى كەردان شاھقا سوۋغا - سالاملارنى بېرىپ يېنىشتى.

مەلىكە ئەرەنچە ياسىنىپ - شاھزادە مۇنەۋۋەر بولۇپ - خاس كىشىلىرى بىلەن شىكار قىلىپ، شاھ بارگاھىغا يېقىنلاشتى. شاھ ھۆرمەت ئۈچۈن ۋەزىرلەردىن بىر نەچچىسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقاردى. ۋەزىرلەر شاھزادە مۇنەۋۋەرنى چېدىر - بارگاھىغا باشلاپ، شاھ يېنىدىن جاي بەردى. ئامان - ئېسەنلىك سوراشقاندىن كېيىن شاھ: «نەۋكەرلىرىم ئۆز ئەقىللىرىچە سۆزلەپتۇ، ئۇلار شاھزادىنىڭ ئەسلى سۈپىتىنىڭ يۈزدىن بىرىنىمۇ ئېيتالماپتۇ...» - دەپ ئويلىدى ۋە كۆڭلىدە مۇشۇنداق بىر پەرزەنت كۆرۈش ئوتى لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى.

كەردان شاھ ئۆز قەدرىگە لايىق ئىنئام، زىياپەتلەر بەردى. بارغانسېرى كۆڭلىنىڭ باغلىنىشى زىيادىلەشتى، دۆلىتىنى گۇۋا قىلىپ ئاتا - بالا بولۇشقا ئەھدى قىلدى، شاھزادە مۇنەۋۋەرمۇ تۇرغانلارنى شاھىت قىلىپ تۇرۇپ شاھنى «ئاتام» دېدى ۋە ئەدەپ بىلەن:

— ئەتە پەقىرنىڭ مەنزىلىگە قەدەم قويغايلا، مەنمۇ بىر كۈن خىزمەتلىرىنى قىلىپ مۇرادىمغا يەتسەم، — دېدى.

شاھ كەردان ماقۇللۇق بىلدۈردى. مەلىكە شاھ بىلەن خوشلىشىپ، ئۆز مەنزىلىگە قايتتى.

ئەلقىسسە، مەلىكە ئۆز شەھىرىگە كېلىپ زىياپەت تەييارلىقىنى ئورۇنلاشتۇردى. تاڭ ئاتقاندا خىزمەت كەمىرىنى بېلىگە چىڭ باغلاپ كەردان شاھنىڭ يولىغا قاراپ تۇردى.

كەردان شاھ بارلىق ئەمەلدارلىرى ۋە لەشكەرلىرى بىلەن سەپ تۈزۈپ مېھمان بولۇش نىيىتىدە سەھرالارنى تاماشا قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. مەلىكىنىڭ ئادەملىرى مېھمانلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى مەلىكىگە خەۋەر قىلدى. مەلىكە ئەرەنچە كىيىملىرىنى كىيىپ ئۆزىنى ئارەستە ئەيلەپ، ھوسنە ئاۋات شەھىرىنىڭ بارلىق خەلقىنى ئېلىپ، پىيادە مېڭىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. بىر چاقىرىم يەرگىچە پايانداز سېلىندى. خىزمەتچىلەر بولسا مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن چېچىپ ئىسھان قىلىشقا لىگەن - لىگەنلەردە ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تۇتۇپ تەييار تۇردى.

كەردان شاھ ئالتۇن قەسىرگە چۈشتى. مەلىكە ئۈچ كېچە-كۈندۈز چوڭ زىياپەت بەردى.

كەردان شاھ قايتىدىغان چاغدا مەلىكىگە توققۇز بوخچا كىيىم - كېچەك، ناھايىتى نۇرغۇن لەئلى ياقۇت، مەرۋايىتلارنى



ھەدىيە قىلدى. مەلىكىمۇ پادىشانىڭ ئەمەلدار ۋە لەشكەرلىرىگە دەرىجىسىگە قاراپ سوۋغىلارنى ئىنئام قىلىپ ئۇزىتىپ قويدى. كەردان شاھ بۇ ئوغلىنىڭ مەرت، دانىشمەنلىكىگە تەھسىن-ئاپىرىنلار ئېيتىپ، ھىممىتىگە كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ئەسكەرلەرمۇ شاھزادىگە بەخت - سائادەت تىلەشتى.

ئۇلار ئۆز شەھىرىگە كېلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن كەردان شاھنىڭ ئەمرى بىلەن بىر نامە تەييارلاندى. ئۇ نامىنى پېچەتلەپ، يېقىنلىرىغا:

— بۇ نامىنى ئوغلۇم شاھزادە مۇنەۋۋەرگە بېرىپ، ئۇنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرىدى.

ئۇلار كەردان شاھنىڭ نامىسىنى مەلىكىگە يەتكۈزدى. مەلىكە كەلگەن خادىملارنى ئىززەت - ئىكراملار بىلەن ئۆز خانىسىغا باشلىدى. تېخىمۇ ئوبدان زىياپەت بېرىپ كۈتتى. شاھ ئۆز نامىسىدا مۇنداق يازغان ئىدى:

«ئى ئوغلۇم مۇنەۋۋەر شاھ، نامەم تەگكىنى ھامان بۇ قېرى ئاتاڭنىڭ كۆزلىرىنى قەدىمىڭ تۇپرىقى بىلەن رۇشەن قىلغايسەن، ئىنتىزارلىق ئىلكىدە كۈتىمەن...»

كېچە ئۆتۈپ تاڭ ئاتتى. مەلىكە يەنە ئەرەنچە ياسىنىپ، يۈزگە يېقىن خىزمەتچىلىرىنى ئېلىپ، ئەلچىلەرگە ئەگىشىپ شەھەرگە راۋان بولدى. ئۇلار ئويۇن - كۈلكە، ناخشا - سازلار بىلەن شەھەرگە يېتىپ كېلىشتى.

بۇنىڭدىن شاتلانغان پادىشا ئۇلۇغلاردىن بىر قانچىسىنى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقاردى. ئۇلار مەلىكىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىپ شەھەرگە ئېلىپ كىرىشتى. مەلىكە كېلىۋېتىپ، ئۆز ئويىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە قاراپ، دەرۋازىسىغا قۇلۇپ

سىلىنىپ، دەرۋازا ئالدىغا ئەخلەت دۆۋىلىنىپ كەتكەنلىگىنى كوردى، «ئاھ» دەپ كوزلىرىنى ياشلىدى. ئاندىن پادىشانىڭ دەرگاھىغا كىردى.

شاھ مۇنەۋۋەر شاھزادىنى كورۇپ، ئىختىيارسىزھالدا تەختتىن چۈشۈپ، ۋەزىرنىڭ يۇقۇرىسىدىن جاي بەردى. پادىشانىڭ شاتلىغى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، ۋۇجۇدى ھاياجان ئىلكىدە ياييردى. شاھزادىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ھەرەمخانىغا باشلاپ كىردى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن شاھزادە: «قايتىشىمىزغا رۇخسەت بەرسىلە، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم كېلىپ تۇراي» - دەپ قايتىشقا ئىجازەت سورىدى.

شاھ، خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى. شاھزادە خوشلۇشۇپ ھوسنە - ئاۋاتقا راۋان بولدى.

ئۇ، ئوز شەھرىگە كېلىپ، بىر ھەپتە ئوتكەندىن كېيىن يەنە شەھەرگە كېلىپ كەردان شاھ ھوزۇرىدا ئارام ئالدى.

ئۈچىنچى قېتىم كەلگىنىدە شاھ - دىدى:

— ئەي كوزۇمنىڭ نۇرى، قەيەردىن بولسۇن، بىر يەردىن لايىق كورسۇتۇڭ، پەرزىنگىزنى ئادا قىلىپ قوياي، قەيەر مۇۋاپىق كەلسە، شۇ يەرنى كورسۇتۇڭ، قورا جاي ياسىتىپ بېرەي.

شاھزادە مىننەتدارلىق بىلدۇرۇپ دىدى:

— ئەي پادىشا، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەرۋازىسىغا قۇلۇپ سېلىنغانلىق بىر ھويلا كوردۇم، ئالدىغا ئەخلەت توكۇگلۇك تۇرۇدۇ. ئەشۇ ھويلىنىڭ گۇناھىدىن ئوتسىلە، ئاندىن بەندىگە مېھرىبانلىق قىلسىلا.



— ئەي كوزۇمنىڭ نۇرى، - دىدى پادىشا، - ئەگەر سىزدىن ئاشقا ھەر قانداق كىشى بۇ سوزنى ئېغىزىدىن چىقىرىدىغان بولسا، تىلىنى سۇغۇرۇۋالغان بولاتتىم. بۇ كۈنلەردە سىزدىن باشقا مېھرىبان ئادىمىم يوق، بوپتۇ، دىگىنىڭىزدەك قىلايلى.

پادىشا كەردان ئوغلىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ھويلىنىڭ گۇناھىدىن ئوتتى ۋە خىزمەتچىلىرىگە:

— بېرىپ دەرۋازىنى ئېچىپ، سۇ چېچىپ تازىلاپ، ئويلەرگە زىلچا - گىلەملەرنى سېلىپ تەييارلاڭلا، - دەپ بۇيرىدى.

پادىشانىڭ ئەمرى بىلەن سودىگەر بەرزەخنىڭ ھويلىسى، ئويلىرى چىنىدەك تازىلاندى. مەلىكە پادىشانىڭ رۇخسىتى بىلەن ئوز ئويىگە كەلدى، ھەممە ياقىلىرىنى كوزدىن كوچۇردى. پەقىر - مىسكىنلەرگە خەير - ساخاۋەت بەردى. بىر ھەپتە ئوز ئويىدە، بىر ھەپتە ھوسنەئاۋاتتا تۇردى.

ئەندىكى گەپنى پادىشانىڭ قەدىرلىك پىر ئۇستازى ھەققىدە ئاڭلاڭلار:

بىر كۈنى مۇنەۋۋەر شاھ پادىشانىڭ ئالدىدا تازىم قىلىپ تۇردى. پادىشا:

— ئەي كوز نۇرۇم، مۇنداق تۇرۇشتا نىمە مۇددىئايىڭ بار؟ - دىدى.

مۇنەۋۋەر شاھ:

— ئەي ئاتا، پىرىڭىزگە زىيارەت بېرىپ دۇئاسىنى ئالسام دەيمەن. ،

ئوغلىنىڭ ئارزۇسىدىن خۇشال بولغان پادىشا قوشۇلدىغانلىغىنى بىلدۇردى. مەلىكە بېشى كوككە يەتكەندەك بولۇپ، ئويىگە بېرىپ، ئىلگىرىكىدىن بىر نەچچە ھەسسە ئارتۇق تەي-

يارلىق قىلدى ۋە ساراي خوجىسىنى پادىشانىڭ پىرىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۇ، شەيخكە زىياپەت تەكلىۋىنى يەتكۈزدى. شەيخ ئەتىسى بارىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

كېچە ئۆتۈپ، تاڭ ئاتتى. چاشكا ۋاقتى بولغان ئىدى، شەيخ قىرىق مۇرىتى بىلەن يېتىپ كەلدى.

خىزمەتچىلەر ئۇلارنى مېھمانخانىغا باشلىدى. شەيخ ۋە ئۇنىڭ قىرىق مۇرىتى زىياپەتكە تەييارلانغان نەرسە - كېرەكلەرنىڭ بىرونقىدىن بىر نەچچە ھەسسە ئارتۇق تۇرغانلىقىنى كوردى.

ئەلئىسسە، بىر كېچە - كۈندۈزلۈك زىياپەت ۋاقتى قىزغىن سوھبەتلەر بىلەن ئۆتتى، مېھمانلار كوپلىگەن سوۋغا - سالاملار ۋە ئىززەت - ئىكراملار بىلەن ئۇزۇتۇلدى.



# مەلىكە ھۆسنە بانۇنىڭ كەززاپ شەيخ ۋە ئۇنىڭ قىرىق مۇرىدىنى ئوغۇرلۇق ئۈستىدە تۇتۇپ، پادىشاغا جازالاتقانلىقى

ئەندى مەلىكە بىلەن شەھەرنىڭ قۇرۇبېشى ھەققىدە گەپ ئاڭلاڭلار:

مەلىكە يېرىم كېچىدە بىر كىشىنى مەخپى ئەۋەتىپ، قۇرۇبېشىنى چاقىرتقۇزۇپ كەلدى. ئۆزى ئەرەنچە ياسىنىپ ئالدىغا چىقىپ ئامان - ئېسەنلىك سوراشقاندىن كېيىن دېدى:

— ئەي كېچىلەرنىڭ سەردارى، سەن ۋىلايەتنى خاراپ قىلىۋاتقان ئوغرىلارنىڭ كىملىگىنى بىلەمسەن؟

قورۇبېشى يىغلاپ تۇرۇپ دېدى:

— ئەي شاھزادەم، نەچچە يىللاردىن بۇيان جېنىمەدىن جاق تويدۇم. بۇ ئوغرى - خۇمپەرلەر تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى...

— غەم يېمىگىن، - دېدى مەلىكە مەسلىھەت كورسۇتۇپ ۋە كوڭلىنى تىندۇرۇپ، - ئىنشائاللا، ئوغرىلارمۇ قولغا چۈشۈپ قالار.

— شۇنداق بولارمۇ؟ - دەپ ھەيرانلىقتا سورىدى قورۇبېشى، - ئوغرىلار تۇتۇلسا، بېشىم كوككە يەتكەن بولاتتى...

— ئىنشائاللا، - دېدى مەلىكە، - قانچە ئەسكىرىڭ بار؟

— ئۇتتۇزدىن ئارتۇق.

يەنە ئۇتتۇز يىگىت تاپ، ھەممىسىنى تولۇق قوراللاندۇرغىن، ھەر بىرىدە بىردىن ئادەم باغلايدىغان ئارقانمۇ بولسۇن، كېچىدە كېلىپ بىزنىڭ ھويلىغا يوشۇرۇنۇڭلار. ئوغرىلار قىرىقتىن ئارتۇق. ئۆيدىكى ھەممە مال - مۈلۈكلەرنى كوتىرىپ ماڭمىغىچە قوزغالماڭلار، ئوغرىلارنىڭ قوللىرى مال بىلەن بەنت بولغاندىن كېيىن، بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ، تەرەپ - تەرەپتىن چىقىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار. ھەر كىم بىردىن ئوغرىنى باغلىسۇن، ئالغان مالنى دۈمبىسىدىن يەشمەڭلا. شۇ ھالەتتە شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭلار ...، - مەلىكە قور بېشىغا يەنە بىر مۇنچە گەپلەرنى تاپىلاپ، كوپ ئىنئاملار بېرىپ ئۇزاتتى.

قور بېشى مەلىكىنىڭ ئېيتقىنىنى بويىچە تەييارلىق قىلدى.

مەلىكىنىڭ ئادەملىرى بۈگۈن كېچە ئوغرىلار كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر ئېلىپ كەلدى. مەلىكە بۇ خەۋەرنى قور بېشىغا يەتكۈزدى. قور بېشىنىڭ ئەسكەرلىرى ئون - ئونلاپ ھويلىغا كىرىپ مەلىكە بەلگىلىگەن جايلارغا يوشۇرۇندى. مەلىكىمۇ بارلىق خىزمەتچىلىرى بىلەن ئويغاق ئولتۇردى.

يېرىم كېچىدىن ئۆتكەن ئىدى. ئوغرىلارنىڭ بىرى تامدىن ئارتىلىپ ئىچىگە كىرىپ دەرۋازىلارنى ئېچىپ قويدى. ئاندىن ئوغرىلار كىرىپ ماللارنى كۈچلىرىنىڭ يېتىشىچە كوتىرىپ ھويلىغا چىقىشتى ۋە بىر - بىرلىرىنىڭ دۈمبىلىرىگە ھەممىنى تېڭىشتى.

ئۇلار ماللارنى كوتىرىپ مېڭىش ئالدىدا تۇرغاندا، قور بېشىنىڭ ئاۋازى ياڭرىدى، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھەر بىرى بىردىن ئوغرىنى بېسىپ باغلىدى. ئوغرىلارنىڭ بىرسىمۇ قاچالمىدى. ئوغرىلار تاڭ ئاتقىچە نازارەت ئاستىدا تۇردى. مەلىكە



تاڭ ئېتىشى بىلەن پادىشانىڭ دەرگاھىغا باردى. دولەت خادىملىرىنىڭ ھەممىسى ھازىر بولدى. مۇنەۋۋەر شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ دۇئا قىلدى. شاھ سورىدى:

- ئەي كوز نۇرۇم، يەنە نىمە ئەرزىڭ بار؟

مۇنەۋۋەر شاھ جاۋاپ بەردى:

— بۇ كېچە ئويۇمگە ئوغرى كىردى. تەلىيىمگە ھەممىسى تۇتۇلدى. ھازىر ئۇلارنى قور بېشى لەشكەرلىرى بىلەن ساقلاپ قالدى. ئوغرىلار قىرىق ئىكەن، ئەگەر ئالىيلىرى ئەمىر قىلسىلا ھازىر قىلغاي.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مەجلىس ئەھلى ھەيرانۇ - ھەس بولدى. پادىشانىڭ بۇيرىغى بىلەن قور بېشى ئوغرىلارنى ھەيدەپ كىردى. ئوردا خادىملىرى كوردىكى، قىرىق ئوغرىنىڭ قوللىرى دۈمبىلىرىدىكى مال بىلەن قوشۇپ چەمبەر - چەس باغلانغان. ھەر بىرسىنى بىردىن ئەسكەر يالاپ كەپتۇ. چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن بۇ ئوغرىلارنىڭ باشلىقى شەيخ ئىكەنلىگىنى بىلدى. چۈنكى، تۇتۇلغانلار شەيخنىڭ دائىم بىللە ئېلىپ يۈرۈيدىغان مۇرىتلىرى ئىدى. كەردان شاھ خىجالەت بولغىنىدىن قىزىرىپ، بېشىنى يەرگە سېلىپ، گەدىنىنى قاشلاپ قويدى. كوڭلىدە: «ۋادەرىخا، بۇ كەززاپ شەيخنى پىرىم دەپ، يۈرەك باغرىم ھوسنە بانۇنى باياۋانلارغا تاشلىدىم...» - دىگەن پۇشايمانى كوچۈردى. پادىشانىڭ يۈرەكلىرى كاۋاپ بولۇپ، كوزلىرى ياشقا تولۇپ، ئۇز نەزەر گاھىدا بۇلارغا لايىق سىياسەت دارى تەييار قىلدۇرۇپ، شەھەر خەلقىگە خەۋەر قىلغۇزدى. ئوغرىلارنىڭ ھەممىسىنى دارغا ئېسىپ، نىجىس بەدەنلىرىنى ئوتتا كويدۇرۇپ، ئەلگە ئىبرەت قىلماقچى بولدى. شەيخنىڭ ئويىگە بىر نەچچە ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىپ مال - مۈلۈكلىرىنى ئەكەلدۇرۇپ ماللارنى ئىگىلىرىگە تارقىتىپ بەردى.

# مەلىكە ھۆسنە بانۇنىڭ ئۆزىگە كەلگەن ئەلچىلەرگە قويغان يەتتە سوئالى

مۇلەۋۋەر شاھ بۇ كىچە: "چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولىمەن" دەپ پادىشادىن ئىجازەت ئېلىپ يېنىپ چىقتى. چوڭ ئانىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ سالام بەردى. چوڭ ئانىسىنىڭ مەرھۇم پەرزەنتلىرىنى ئەسلەپ، يۈرەكلىرى پارە - پارە بولغىنى تۇرغاندا مەلىكىنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئاھ تارتىپ ئەرچە كىيىملەر ئىچىدىن ئۆزىنى بولۇتلار ئارىسىدىن چىققان كۈنگە ئوخشاش ئاشكارىلىدى. بېشىدىن ئالتۇن تاجىنى ئېلىۋىدى، قاپقارا ئۇزۇن چاچلىرى ئايىغىغا چۈشۈپ يەر سۈيدى، ئۇ ئانىسىنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلاپ، پۇتلىرىنى يۈز - كۆزىگە سۈرتەتتى. ئانىسىمۇ ئۇنىڭ يۈز - كۆزىدىن سۆيۈپ دەيتتى:

— ئەي پەرىلەر سەرۋىرى، سەن كىمسەن، مۇنداق جادۇ بىلەن مېنى ئالدامسەن؟ كويۇۋاتقان يۈرەك ئوتۇمنى ئۇلغايتتىڭ.

مەلىكە دېدى:

— ئەي ئانا، مەن ئەشۇ باياۋانغا تاشلانغان مەلىكە دەۋراننىڭ يادىكارى - ھۆسنە بانۇمەن.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئانا ئۆزىنى تۇتالماي ھوشىدىن كەتتى. بىر سائەتتىن كېيىن يەنە ھوشىغا كېلىپ ئىككىنچى قېتىم مەلىكىنى قۇچاقلىدى. دەل شۇ چاغدا پادىشامۇ يېنىپ



كەلدى. مەلىكە پادىشانىڭ ئالدىغا ئۆزىنى ئاتتى. پىغان، ھاياجان پەلەككە يەتتى. پادىشا مەلىكىنى يۆلەپ باغرىغا باستى، مەلىكە شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقىچە بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردى.

ئەتىسى، پادىشا مەلىكىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ خىجالەتچىلىك قاينىمىغا چۆكتى.

مەلىكە بۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن ئاتا - ئانىلىرىدىن تارتىپ ئوردا خادىملىرىغىچە ھۆسنەئاۋاتقا تەكلىپ قىلىپ يولغا راۋان بولدى.

مەلىكە قىرىق كىچە - كۈندۈز زىياپەت بېرىپ ئۇلارنى رازى قىلدى. پادىشانى باشلاپ يەر ئاستىدىكى يەتتە خەزىنىنى زىيارەت قىلدۇردى. كەردان شاھ بۇ يەردە ھەر قانچە چىقىم قىلسىمۇ بىر ئۆمۈردىن ئېشىپ قالىدىغان بايلىقنى كۆردى. مەلىكە دېدى:

— ئەي ئاتا، بۇ خەزىنىلەردىن ئېلىڭ!

شاھ قول ئۇزۇتۇۋىدى، دۇنيانىڭ ھەممىسى يىلان - چايان بولۇپ قالدى. پادىشا بۇ خەزىنىلەرنىڭ تىلىسىم ئىكەنلىكىنى، مەلىكىدىن باشقا كىشىنىڭ پايدىلىنالمايدىغانلىقىنى بىلدى ۋە ھەممىسىنى مەلىكىگە ئۆتۈندى. ھۆسنە ئاۋات شەھىرىنىمۇ مەلىكىگە ئىنئام قىلدى. يەنە يېڭىدىن پەيدا بولغان بىر قانچە ناھىيىلەرنىمۇ قوشۇپ بەردى ھەمدە بۇنىڭغا خەت يازدۇرۇپ، مۆھۈرىنى باستى.

قىرىق كۈنلۈك زىياپەت كۆڭۈللۈك ئۆتتى. كەردان شاھ قىزى بىلەن يىغلاپ خوشلىشىپ ئۆز مەنزىلىگە قاراپ راۋان بولدى.

شۇندىن كېيىن ئايدا بىرەر قېتىم ئۇلار بىر - بىرىنى
يوقلاپ باردى - كەلدى قىلىپ تۇرۇشتى .
ئەندى گەپنى باشقا تەرەپتىن ئاڭلاڭلار :
هوسنە ئاۋات كۈندىن كۈنگە گۈللەندى . مەلىكىنىڭ هوسنى - جامالى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ، شوهرىتى ئەتراپقا پۇركەتتى.
هەر قايسى شەهەرلەردىكى شاهزادىلەر مەلىكىگە خېرىدار بولۇپ ئەلچىلەرنى ئەۋەتەتتى . مەلىكە رازىلىق بەرمەيتتى، نىمە قىلىشنى بىلمەي سىقىلاتتى. مەلىكە بىر كۈنى ئىنىك ئانىسىنى خىلۋەت جايغا چاقىرىپ ئېيتتىكى :
— بۇ زامانىنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئەهۋالىنى كوردۇم . ئۇلۇغ شەيخ - ئىشانلىرى ئەشۇنداق بولسا، باشقىلىرى قانداق بولغاي! ئەلچىلەرنىڭ كوپ كېلىشىدىن بېشىم قاتتى . تۇرمۇشقا چىقىشنى هەرگىزمۇ رازىلىغىم يوق . بۇنىڭغا سىز بىر چارە قىلىڭ . هەر كىمەرسە بولسا ، سىز تاپقان چارىنىڭ هوددىسىدىن چىقالماي، ۋىسال ئارزۇسىدىن ئۇمىدىنى ئۈزۈپ ، قوللىرىنى يۇيسۇن، مەلىكە بۇ سوزلەرنى ئېيتىپ ، كوز ياشلىرىنى توكۇپ يىغلىدى.
ئىنىك ئانا مەلىكىنىڭ بۇ هالىغا ئىچ ئاغرىتتى ۋە مەلىكىگە دىدى :
— ئى قىزىم ، ئازاپلانمىغىن ، بۇ هەقتە كوڭلۇمگە بىر پىكىر كەلدى .
— ئۇ قانداق پىكىر ؟ - دەپ سورىدى مەلىكە ئالدىراپ،
— مەن ئۇلۇغلاردىن ئاڭلىغان يەتتە سوئال بار ، - دىدى ئىنىك ئانا ، - ئۇنى ئېلان قىلىمىز ؛ هەر تەرەپتىن كەلگەن ئەلچىلەر بۇ سوئاللارغا جاۋاپ بېرەلمەي سەندىن ئۇمىت ئۈزۈشى مۇمكىن .



مەلىكە بۇ مەسلىهەتكە ماقۇل كەلدى ۋە :
— ئېيتىڭە ئانا ، ئۇ قايسى سوئاللار ، - دەپ سورىدى .
— بىرىنچى سوئال :
بىر كورۇپ دىلبىرىنى پەس قىلغان،
ئىككى كورمەكنى هەۋەس قىلغان.
ئىككىنچى سوئال :
ياخشىلىقنى دەريالارغا قىل جاندىن،
ئەجرىڭنى هەق بىرۇر باياۋاندىن.
ئۈچىنچى سوئال :
هەر كىشكى يامان ئىشنى قىلسا دىلداش،
ئاخىر بىر كۈن رەسۋا بولۇر، ئۇ بولۇپ پاش.
توتىنچى سوئال :
كىمكى راستلىقنى قىلاركەن ئىزهار،
ئۇنىڭغا هەمىشە خۇدا ئوزى يار.
بەشىنچى سوئال :
نىمە دىگەن سوز ئىرۇر تاغدىن چىققان بۇندا،
نىمە ئۈچۈن بولغان بۇندا ئۇ پەيدا.
ئالتىنچى سوئال :
هاممامدىن ئەسلىنى بىلسە كىشى،
ئاسايىش تاپقاي مۇشكۇل ئىشى.
يەتتىنچى سوئال :
بۇ گوهەردەك يەنە بىرىنى پەيدا قىل،
يەتتە ئىقلىمنى كېزىپ مۇئەييا قىل.

— دىدى ئىنىك ئانا .

مەلىكە بۇ سوئاللارغا قوشۇلدى. شۇندىن كېيىن ھەر تەرەپتىن كەلگەن ئەلچىلەرگە بۇ يەتتە سوئالغا جاۋاپ بېرىش تەلەۋى قويۇلدى. ئەلچىلەر سوئاللارنىڭ قاتتىقلىقىدىن لائىلاج قالدى. ئۈمىتسىزلىنىپ، ۋىسال ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆز مەملىكەتلىرىگە قايتىشتى. بۇ ھېكايە ئۆرگەنچ يۇرتلىرىغا قەدەر تارالدى.

ئۆرگەنچ پادىشاسىنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، ئېتى شاھزادە مۇنىرە خارەزمى ئىدى. ئۇ، ناھايىتى ساھىپجامال بولۇپ، تۇرلۇك پەزىلەرنى ئىگەللىگەن ئىدى. ئۇ مەلىكە ھوسنە بانۇنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، غايىۋانە ئاشىقى بىقارار بولدى. ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى تۇتالمىدى. شاھ گاھى شىكار قىلدى. گاھى بەزمە ئويىنىدى. گاھى ناخشىچى، سازەندىلەرنى يىغىپ نەغمە-ناۋا قىلدۇردى. لېكىن ئۇنىڭ يۈرىگىدىكى ئىشقى ئوتى پەسەيمەش ئۇيا قىتا تۇرسۇن، تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى.

شاھزادە بىر سۈرەتچى بۇرادىرىنى چاقىرىپ، ئۇلىغا دەردى-ھالىنى ئىزھار قىلىپ، ياردەم بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى، يىغلىدى. سۈرەتچى بۇرادىرى دىدى:

— ئەي شاھزادە، ھەر سوزنى راست دىسىمۇ بولماس، يالغان دىسىمۇ بولماس، مەلىكىنىڭ ئەھۋالى سىز ئاڭلىغاندەك بولىشىمۇ مۇمكىن، بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. سەۋرى قىلىڭ، مەن سىز ئۈچۈن سەپەر قىلاي، بۇ سوزلەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئايرىپ خەۋەر ئېلىپ كېلەي.

ئۇ شاھزادىغا تەسەللى بېرىپ، ئىجازەت بىلەن يولغا راۋان بولدى. مىڭ بىر جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، ئۇزاق يوللارنى بېسىپ ھوسنە ئاۋاتقا يېتىپ كەلدى. كۈتكۈچىلەر ئۇنى



مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىززەت-ئىكرامىلار قىلدى. ئاردىن تورت-بەش كۈن ئوتتى. بىر كۈنى مەلىكە:

— «ئەگەر مېھمان ھاجەتمەن بولسا، بۇ پۇللارنى يول خىراجىتىگە ئىشلەتسۇن» دەپ بىر ھەميان پۇل چىقاردى. سۈرەتچى ھوزۇرەئېيتىپ ئالغىنى ئۇنىمىدى ۋە دىدى:

— خىزمەت مۇددىئاسى بىلەن ئۇزاق يەردىن كەلدىم. ئەگەر باشقىلار قاتارىدا خىزمەتكە لايىق كورۇلسەم، مۇۋاپىق جاي بەرگەي. بولمىسا ئۆز يۇرتۇمغا قايتقايمەن.

كېنىزەك سۈرەتچىنىڭ گېپىنى مەلىكىگە يەتكۈزدى. مەلىكە:

— ئۇ مېھمان كىشىنىڭ بىرەر ھۈنىرى بار مىكىن؟ - دەپ سورىدى.

كېنىزەك چىقىپ، مېھماندىن ھۈنىرىنىڭ بار-يوقلىقىنى سورىدى. سۈرەتچى: «نەققاشلىق، سۈرەتچىلىك قاتارلىق تۇرلۇك ھۈنەرلەردىن خەۋىرىم بار، ئالەمگە مېنىڭدەك ھۈنەرۋەندىن يەنە بىرسى كەلمىگەن بولسا كېرەك» - دەپ جاۋاپ بەردى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مەلىكە ناھايىتى خۇرسەن بولدى. چۈنكى، ئۇ، ئۇزۇندىن بۇيان ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى ئالدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى. «ئەگەر بۇ سۈرەتچىگە كورۇنسەم، نامەھرەم بولىدۇ» - دىدى مەلىكە ئىنىك ئانىغا مەسلىھەت سېلىپ، - «كورۇنمىسەم سۈرىتىمنى قانداق ئالغاي؟»

ئىنىك ئانا يول كورسۇتۇپ دىدى:

— ئۇنىڭ يولى ئاسان، بىر يوغان داسقا سۇ قۇيۇپ تامنىڭ تۈۋىگە قويىمىز. سەن قەسرىنىڭ تېمىدىن سۇغا قارايسەن، سۈرەتچى سېنىڭ ئەكسىڭنى سۇدا كورۇپ، سۈرىتىڭنى ئالغاي.

بۇ مەسلىھەت سۈرەتچىگىمۇ ماقۇل كەلدى. ئىنىك ئانا

ئىشنى ئۆزى ئىپتىقاندەك ئورۇنلاشتۇردى. سۈرەتچى قەسىرنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ، مەلىكىنىڭ سۈرىتىنى سۇدا كۆرۈپ، كۆڭلىگە نەقىش قىلدى. ئاندىن بىر ئۆيگە كىرىپ، سۈرەتتىن ئىككىنى سىزدى. سۈرەتنىڭ بىرىنى ئىنىك ئانا ئارقىلىق مەلىكىگە چىقارتىپ بەردى. يەنە بىرىنى يوشۇرۇن ھالدا شاھزادە ئۈچۈن ئېلىپ قالدى.

مەلىكە سۈرىتىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە ئۆز سۈرىتىگە ئۆزى ئاشىقى شەيدا بولدى. سۈرەتچىگە نۇرغۇن پۇل ئىنئام قىلدى.

ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن سۈرەتچى ئىنىك ئانىغا ئىلتىماس قىلىپ:

— ئەي ئانا، مەن پۇل - مالغا باي بولدۇم. ئەگەر مەلىكەم قوشۇلسا، ئۆز يۇرتۇمغا بېرىپ، خوتۇن بالىلىرىمنى ئېلىپ كېلىپ، بىر ئۆمۈر مەلىكىنىڭ خىزمىتىدە بولسام، - دېدى.

ئىنىك ئانا مەلىكىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، سۈرەتچىنىڭ ئىلتىماسىنى يەتكۈزدى ۋە جاۋاپ ئېلىپ چىقتى. مەلىكىگە ۋاكالىتەن سۈرەتچىگە يەنە كۆپ يول خىراجىتى بېرىپ، ھەرخىل ھەدىيىلەر بىلەن ئۇزاتتى. سۈرەتچى خۇشال - خۇرام ھالدا تازىم بىجا كەلتۈرۈپ يولغا راۋان بولدى. ئۇ يۇرتىغا يېتىپ كېلىپ، شاھزادە مۇنىرنىڭ ئالدىغا كىردى. مەلىكىنىڭ سۈرىتىنى بەردى. شاھزادە بۇ سۈرەتنى كۆرۈش بىلەن ئىشقى ئوتى ھەسسىلەپ ئۇلغىيىپ كەتتى. ئىشقى سۇلتانىنىڭ ھۆكمى بويىچە ئىش قىلىشتىن باشقىغا ئىلاجى قالمىدى.



ئەندى سۆزنى شاھزادە مۇنىرنىڭ كېيىنكى ئەھۋالىدىن ئاڭلاڭلار.

شاھزادە مۇنىرە بىلىدىكى، بۇ ئىشقا ئالتۇن، كۆمۈش، لەشكەر، قورال لازىم ئەمەس. ئىشقى سۇلتانىنىڭ يولى بىلەن بالا دەشتىگە كىرمىگىچە بولماس.

شۇڭا ئۇ سەپەر قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى، يەنە بىر نامە پۈتۈپ، ھال - ئەھۋالىنى ئاتا - ئانىسىغا ئىزھار قىلدى. نامىدە مۇنداق دېيىلگەن ئىدى: «مېنىڭ ئۈچۈن غەم يېمەڭلار، تاكى ئۆزەم كەلمىگىچە ئارقامدىن كىشى ئەۋەتىپ ئىزدەپ يۈرمەڭلار. كىشى ئەۋەتسەڭلارمۇ يولۇمدىن قايتمايمەن...» ئۇ نامىنىڭ ئاخىرىغا ئىسمىنى يېزىپ موھۇرىنى بېسىپ ياستۇق ئۈستىدە قويدى - دە، قەلەندەرچە كىيىم كىيىپ، يېرىم كېچىدە ھوسنە ئاۋات يولىغا ئاتلاندى.

ئەلقىسسە: شاھزادە مۇنىرە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ ئاخىرى ھوسنە ئاۋاتقا يېتىپ كەلدى. ئۇنى مەلىكىنىڭ غۇلاملىرى كۆرۈپ، مېھمانخانىغا باشلىدى. تۈرلۈك نازۇ - نېمەتلەر بىلەن زىياپەت بەردى. ئۈچىنچى كۈنى مەلىكە ئۇنىڭغا بىر ھەميان پۇل چىقاردى. خىزمەتچى:

— يول خىراجەتلىرى بولغاي، - دېدى.

شاھزادە ئالغىنى ئۇنىماي، بىر نەچچە لەئەلنى پۇلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ:

— مەلىكەمگە تۇھپەم، - دېدى.

خىزمەتچى ھەميان بىلەن لەئەلنى مەلىكىنىڭ ئالدىغا

ئېلىپ كىردى. مەلىكە ئۇشبۇ لەئەلدىن مەزكۇر كىشىنىڭ ئاز ئىكەنلىگىنى بىلدى ۋە ئىنىك ئانىنى چاقىرىپ:

— ئەي ئانا، بۇ مۇسافىر ياش يىگىتتىن خەۋەر ئېلىڭ، ئا مۇھەببەت دەۋاسى بولسا، مۇلايىملىق بىلەن جاۋاپ بېرىڭ، دې

ئىنىك ئانا شاھزادىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ئال دوستىخان سالدى. تائامدىن كېيىن:

— ئەي ئوغلۇم، يول بولسۇن، قەيەردىن كەلدىڭ نەگە بارىسىز، بۇ سەپىرىڭىزدىن مەقسىدىڭىز نىمە؟ —د سورىدى.

شاھزادە يۈرىگىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئاھ ئۇرۇپ، يا چۇغىدىن بىر نامە چىقىرىپ، ئىنىك ئانىغا بەردى ۋە دېدى:

— ئەي ئانا، يۈرەك سوزۇم ئۇشبۇ نامىدا بار. مەلىكەگە ي كۆزسىڭىز.

ئىنىك ئانا نامەنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ:

— ئەي ئوغلۇم، ئۆزىڭىزنى بالا دامىغا داغلاپسىز، قۇتۇ ماس ماجىراغا قاپسىز، ھېلىتەم بولسىمۇ، ئۇشبۇ دەۋايىڭىزدىن كېچىپ ئۆز شەھرىڭىزگە قايتىڭ. دۇنيادا ساھىپجامال مەلىكىلەر تولا بىرىنى تاللىۋېلىپ مىرادىڭىزغا يەتسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر بول مىسا پىراق شىددىتى ۋە ھىجران مۇشەققىتى ئاستىدا نام-ن شانسىز يوقۇلۇپ كېتىسىز، — دېدى.

— مۇشۇ كويغا قەدەم قويغاندىن بېرى نىشانسىزمەن، دېدى شاھزادە، — مەيلى پىراق ئۆلتۈرسۇن، مەيلى ئىشتىياق كويدۈرسۇن. ھەممىسى ماڭا كار قىلالمايدۇ. ھېچقاچان بۇ ئىش تىن ۋاز كەچمەيمەن.



— ئۇنداق بولسا مەلىكىنىڭ يەتتە سوئالى بار، — دې-دى ئىنىك ئانا، — شۇ سوئاللارغا جاۋاپ بېرەلىسىڭىز ھوسنە ئاۋات مەملىكىتىنىڭ پادىشالىغى ۋە مەلىكىنىڭ نىكاھى سىزگە مۇبارەك بولسۇن، ئەگەر بولمىسا ئۆز يولىڭىزغا مېڭىڭ.

شاھزادە يەتتە سوئالغا جاۋاپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى. ئىنىك ئانا مەلىكىگە ۋاكالىتەن «ئەگەر كىمكى بۇ يەتتە سوئالغا جاۋاپ تېپىپ كېلەلىسە، ئەلۋەتتە ھوسنە ئاۋات ۋە مەلىكە ھوسنە بانۇ شۇ كىشىنىڭ ئىختىيارىدا» دەپ نامە يېزىپ شاھزادىغا بەردى.

ئەتىسى، تاڭ ئاتتى. ئىنىك ئانا مەلىكىدىن بىر سەر ئالتۇن بىلەن بىر نامىنى ئېلىپ چىقىپ شاھزادىغا بەردى.

شاھزادە نامەنى يۈزىگە سۈرتۈپ، ئېچىپ ئوقۇپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدى. نامەدە: «ئەي بالا دەشتىنىڭ ئاۋارىسى، ئىشقى ئوتىدا كويگۈچى، ئۇشبۇ مۇھەببەت سەۋداسىدىن قولۇڭنى يۇغىنىڭ ياخشى ئىدى. ئەندى بولمىدى. ساڭا يەتتە سوئالنىڭ بىرىنچىسىنى يازدىم. بىيىتنىڭ مەزمۇنىنى بىلىپ، ئەسلىنى تولۇق ئاڭلاپ كەلگەيسەن:

«بىر كورۇپ دىلبىرىنى پەس قىلغان،
ئىككى كورمەكنى يەنە ھەۋەس قىلغان»

يەنى ئۇ قانداق ئاشىق بولغايكى، مەشۇقىنى بىر كورۇپ، يەنە بىر كورۇشنى ئارزۇ قىپتۇ؟ بۇ سوزنىڭ ئەسلى مەنىسىنى يېشىپ كەلگەيسەن. «نامە تامام ۋەسسالام» دەپ يېزىلغان ئىدى.

شاھزادە بالا دەشتىدىن جاپا ۋە ئاپەت شارابىنى ئىچىپ، ھىممەت كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، ھازىرلار بىلەن ئىنىك ئانىدىن دۇئالار ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. ئۇ خېلى بىر مەز-

گىلگىچە سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈردى . ھېچ ئادەم ئ
نىڭغا سىرنىڭ خەۋىرىنى بەرمىدى . شەھەرمۇ - شەھەر ، يېزا
مۇ - يېزا كېزىپ ، چۆل باياۋانلارنى بېسىپ . تاغۇ - داۋان
لاردىن ئاشتى . لېكىن مىرات گوھىرىنىڭ خەۋىرى بولمىدى
شاھزادىنىڭ ھېرىپ - ئېچىپ ، قىينىلىپ ، مېڭىشقىمۇ مادار
قالمىدى . ئاران دىگەندە يەمەن ۋىلايىتىنىڭ بىر دەشتى
يېتىپ كەلدى . لېكىن نەگە كېلىپ قالغىنىنى ئۆزى بىلمەيتتى
ئۇ ، ھېرىپ چارچىغان ھالدا بىر بۇلاق بويىغا كېلىپ ق
دى ۋە بۇلاقنىڭ پاكىزە سۈزۈك سۈيىدىن قانغىچە ئىچكەندى
كېيىن ئۇيقىغا كەتتى .

## ھاتەمنىڭ ھۇۋەيدا چۆلىگە بېرىپ، مەلىكە ھوسنا بانۇنىڭ بىرىنچى سوئالىغا جاۋاپ تاپقانلىقى

بۇ بۇلاق بەزى چاغلاردا ھاتەم شىكارغا چىققاندا بۇ يەر
گە كېلىپ قونۇپ ، ئاتلىرىنى دەم ئالدۇرۇپ ، ئۆزىنى راھەت
لەندۈرىدىغان بۇلاق ئىدى . ھاتەم شۇ ئادىتى بويىچە بۇ قېتى
مۇ ھەمرالىرى بىلەن شۇ يەرگە كېلىپ چۈشتى. بۇلاق بويى
چېدىر - بارىگاھلىرىنى تىكتى. ھاتەم بۇلاق ئەتراپىنى ئايلىنى
بىر كىشىنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كوردى . ئۇنىڭ كىيىملىرى
جۇل - جۇل بولۇپ ، بەئەينى دىۋانىغا ئوخشايتتى . ئۇ ئادە
شۇنداق ئورۇق ئىدىكى ، تىرىكمىكىن دىسە ئۆلۈكتەك ، ئۆلۈك
مىكىن دىسە تىرىكتەك ئىدى. پىشانىسىدىن سائادەت نۇرلىرى
چارلاپ، ئەسلىزاتىنىڭ ئۇلۇغلاردىن ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى
ھاتەمنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ ئاستا ئويغاتتى. شاھزادە كوزى
نى ئېچىپ ، ئەتراپىدا بىر جامائە كىشىلەرنىڭ توپلۇشۇپ . ئۇ
زىگە سايە تاشلاپ تۇرغانلىقىنى كوردى - دە، ھاتەمنىڭ ئايىغ



غا ئۆزىنى تاشلىدى . ھاتەم ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى . دوستى
خانىغا باشلاپ ئۆز يېنىدا ئولتۇرغۇزدى . تائامدىن كېيىن ئۇ-
نىڭغا كىيىم - كېچەكلەر بېرىپ ، ئاتقا مىندۇرۇپ ، شەھەرگە ئې-
لىپ باردى . ئۈچ - تۆرت كۈن مېھمان قىلدى . بىر كېچىسى ئۇ-
نى خىلۋەتتە ئولتۇرغۇزۇپ :

— ئەي، بۇرادىرىم ! مۇنداق مەجنۇنلارچە يۈرۈشۈڭنىڭ
بائىسى نىمە؟ - دەپ سورىدى .

شاھزادە يۈرەك - باغرىدىن ئۇھ تارتىپ ، سەرگۈزەشتىسى-
نى باشتىن-ئاياق سوزلەپ بەردى. يېنىدىن مەلىكىنىڭ سۈرىتى-
نى چىقىرىپ ھاتەمنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە باھار يامغۇرىدەك
ياشلىرىنى توكتى .

ھاتەم تەسەللى بېرىپ روھلاندۇردى ۋە :

— ئەي بۇرادەر غەم يېمە ، ئىنشائاللا ، بۇ ئىشىڭنى بىر
باشقا چىقارسام ئەجەپ ئەمەس . - دىدى .

ئارىدىن ئۈچ- تۆرت كۈن ئۆتتى. ھاتەم سەپەر تەييارلىقىنى
قىلىپ ئاتىسىغا: " ئەي مېھرىبانىم ئاتا، غەمگۇزارىم ئانا
ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، خولۇم - خوشنىلىرىم، مەن ئىشقى چولىدە
غەمناك بولۇپ يۈرگەن بىر يىگىتنىڭ ئىشىنى ئاسان قىلىش ئۈ-
چۈن سەپەرگە ئاتلاندىم. مېنى ئىزدىمەڭلار، دىلىڭلاردا ياد ئېتىپ،
دۇئا قىلىڭلار » - دەپ نامە يېزىپ، ئۇنى ياستۇقنىڭ ئۈستىدە
قويۇپ، شاھزادە بىلەن بىللە ھوسنى - ئاۋات يولىنى تۇتتى.
دەشتۇ- سەھرالارنى ئارىلاپ، ئاخىرى ھوسنە ئاۋاتقا يەتتى.

مېھمانلارنى كورگەن خىزمەتچىلەر ئۇلارنى مېھمانخانىغا
باشلىدى، كاتتا زىياپەت بەردى. ئىنىك ئانا بۇ خەۋەرنى ئاڭ-
لاپ، شاھزادىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئامان-ئېسەنلىك سورىدى ۋە:

— ئەي يىگىت، مەلىكە بىلەن ۋەدىلەشكەن سوئال مەسىلى-
سى قانداق بولدى؟ - دىدى.

شاھزادە ئېغىز ئېچىپ ئۈلگۈرگىچە ھاتەم جاۋاپ بەردى:
— ئەي ئانا، بۇ شاھزادە مېنىڭ بۇرادىرىم، بۇ مۇشكۇ
سوئالنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلسام، ھوسنى-ئاۋات شەھرى بىل
مەلىكىنى كىمگە بەرسەم ئىختىيار مېنىڭدە بولسا ... ئەگەر
سۆزۈمنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالمىسام ئۆز گۇنايىم ئۆزۈمگە.

ئىنىك ئانا بۇ سوزنى مەلىكىگە يەتكۈزدى. مەلىكە ھاتەمنى
پىكرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىر كېچە ئۆتۈپ تا
ئاتقاندا ئىنىك ئانا مەلىكىدىن بىر سەر ئالتۇن بىلەن بىر نا
مە ئېلىپ چىقىپ، بۇ ئىككى شاھزادىنىڭ ئالدىغا قويدى. ھاتە
نامە مەزمۇنىدىن ئاگاھ بولۇپ بىلدىكى: «بىر كورۇپ دىلبىر
نى پەس قىلغان، ئىككى كورمەكنى يەنە ھەۋەس قىلغان، ئۇقا
داق ئاشىق بولغايكى، مەشۇقنى كورۇپ، يەنە كورمەكنىڭ ھەۋ
سىدە قاپتۇ، شۇ سوزنىڭ ئەسلىنى تېپىپ كەلگەيسىز.»

ئەندى ئىككى كەلىمە سوزنى ھاتەم تەيدىن ئاڭلاڭلار.

ھاتەم بۇ نامەنى بېلىگە باغلاپ، شاھزادە مۇنىرنى ئ
نىڭ ئانىغا تاپشۇرۇپ، چوڭ - كىچىك جاماەتتىن دۇئا ئېلىپ
غۇربەت يولىغا قەدەم قويدى.سەھرامۇ - سەھرا، شەھەرمۇ - شە
ھەر كەزدى. تاغ - داۋانلار ئېشىپ، چول - جەزىرىلەرنى بېسىپ
ساياھەت قىلدى. ئۇ بىر كۈنى، بىر تاغنىڭ باغرىدا كېتىپ با
راتتى. بىر ئاچ بورى بىر چىشى كىيىكنى تۇتىۋاپتۇ. ھاتەم كور
دىكى. كەيىكنىڭ ئەمچەكلىرىدىن سۈتلىرى ئېقىپ تۇرۇپتۇ. ئە
لىدە ئۇ كىيىك يېڭىدىن تۇققان بولۇپ، باللىرى ئۈچۈن ئوزۇق
ئىزدەپ چىققان ئىدى. ھاتەمنىڭ رەھمى كېلىپ، كىيىكنى قۇتۇل
دۇرۇپ يولغا سېلىۋەتتى. لېكىن بورى:



— ئەي ھاتەم، ئۇ كىيىك مېنىڭ نېسىۋەم ئىدى. قولدىن كەتتى. ئەندى مەن يەنە ئاچ قالىمەن، قانداق قىلىمەن؟ — دېدى. ھاتەم بورىدىن:

— سەن مېنىڭ ھاتەم ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى. بورى:

— ئىنسانلار ئارىسىدا مۇنداق مۇرۇۋۋەت ھاتەمدىن باشقىلاردا كەمرەك، بۇ قىلمىشىڭدىن بىلدىمكى، سەن چوقۇم ھاتەم، — دەپ جاۋاپ بەردى.

بۇ سوزنى ئاڭلىغان ھاتەم ئۆز تېنىدىن بىر پارچە گوشنى كېسىپ ئېلىپ بورىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى ۋە:

— ئاچ قالمىغىن، ئاز بولسىمۇ بۇ گوشنى يەپ تۇرغىن، — دېدى. بورى گوشنى يەپ بولۇپ:

— ئەي ھاتەم، بۇ ئەجەل ۋەھىمىسى قاپلاپ تۇرغان دەشتۇر-باياۋانغا تاجۇ-تەختىڭنى تاشلاپ نىمشكە كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

ھاتەم بورىگە ئەھۋالنى باشتىن - ئاياق ئىزھار قىلدى ۋە مەلىكىنىڭ سوئالىغا جاۋاپ ئىزدەپ بۇ چول - جەزىرىلەرنى ئارىلاپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتتى.

بورى:

— ئېيتقىنا، قانداق سوئال ئۇ، — دەپ سورىدى.

ھاتەم مەلىكىنىڭ سوئالىنى دىگەندىن كېيىن، بورى:

— بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ھۆۋەيدا چولىدىن تېپىلىدۇ، — دېدى.

— ھۆۋەيدا چولى قەبەردە؟ — دەپ سورىدى ھاتەم. بورى ھۆۋەيدا چولىنىڭ يولىنى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ قويدى.

هاتەم يەنە يولغا راۋان بولدى. بىر نەچچە مەنزىللەر بېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭغا بىر بۇلاق ئۇچرىدى. بۇلاقنىڭ بويى ئۇن تۇپ دەرەخ بار ئىدى. ھېرىپ بىر قەدەم يۈرۈشكىمۇ ھال قالمىغان ھاتەم دەرەخنىڭ تۈۋىگە باردى - دە، ي
ئوتمەي بۇ يەرگە ئىككى شاغال پەيدا بولدى. ئەسلىدە بۇ شاغاللارنىڭ ماكانى ئىدى. شاغاللارنىڭ بىرى:

— شۇ چاققىچە بۇ مەنزىللەرنىڭ كاتتىسىغا بىرەرمۇ ئا مىزات قەدىمى يەتمىگەن ئىدى. بۇ كىشى قانداق بولۇپ يەرگە كېلىپ قالدى بولغاي، - دىدى.

ئىككىنچىسى:

— بۇ ھاتەم بولغاي. چۈنكى ئۇلۇغلاردىن: « بىر كۈنى بولغايكى، ھاتەمنىڭ قەدىمى شۇ يەرگە يەتكەي » - دەپ ئاڭلى غانمەن، مانا ئەندى بىز ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى بولۇپتۇ، دىدى.

— ھاتەم كېسەل بولغاندەك كورۈنىدۇ، -دىدى بىرىنچىسى بىزنىڭ ماكانىمىزدا ئۇنىڭ بۇ ھالدا يېتىشى خوپ بولمىغاي بىر ئامال قىلايلى، بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش بەكمۇ قىيىن، ما زاندىران جاڭگىلىدا مۇرغ پەررۇھ دىگەن بىر قۇش بار، تاكى شۇ قۇشنى قولغا كەلتۈرۈپ يۈرىكىنى ياكى بېشىنى يېرىپ ئې لىپ بۇ يارىغا قويىسا، شىپا تاپىمىغاي.

شاغاللارنىڭ ئىككىنچىسى دىدى:

— بۇ كىشىگە خىزمەت قىلمىساق مۇرۇۋۋەتلىك بولالمىغا مىز. خۇدانىڭ ئالدىدا يۈز كېلەلمەيمىز. سەن مۇشۇ يەردە تۇ رۇپ ھاتەمگە پاسىبانلىق قىلغىن، مەن مازاندىران جاڭگىلى بېرىپ مۇرغ پەررۇھنىڭ بېشىنى ياكى يۈرىكىنى ئېلىپ كېلەي.



ئىككىنچى شاغال يولغا راۋان بولدى، شۇ ماڭغىنىچە ئۇ كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ ئاخىرى مازاندىران جاڭگىلىغا يەتتى - دە،چوڭ بىر تۇپ دەرەخنىڭ ئاستىدا ھاردۇق ئالدى.

بۇيەرگەئارىلاپ-ئارىلاپمۇرغ پەررۇھلار كېلىپ ئوينۇشۇپ كېتەتتى. دەل بۇگۈنمۇ ئۇلار كېلىشتى - دە، ئويۇنغا چۈشتى. شاغال چاققانلىق بىلەن بىرنى بېسىۋالدى ۋە دەرھال بېشىنى ئۈزۈپ، گوشىنى يەپ تويدى. ماغدىرىغا كەلگەندىن كېيىن مۇرغ پەررۇھنىڭ بېشىنى ئېلىپ، كوپ يول يۈرۈپ، نۇرغۇن مۇ- شەققەتلەر بىلەن ئۇز ماكانىغا كەلدى. مۇرغ پەررۇھنىڭ بېشىنى يېرىپ، مېڭىسىنى چىقىرىپ ئېلىپ ھاتەمنىڭ تېنىگە سۈرتتى. يا- رىسىغا بېشىنى ياپتى. ھاتەمنىڭ ئاغرىقى ساقىيىپ، سالامەتلى- گى سەللىمازا ئەسلىگە كەلدى.

— سىلەر مەن ئۈچۈن كوپ خىزمەت قىلدىڭلار، سىلەرنىڭ- مۇ بىرەر ھاجىتىڭلار بولسا كېرەك، ئېيتىڭلار، مەنمۇ بىر خىز- مەت قىلىپ، ياخشىلىغىڭلارنى قايتۇراي، -دىدى ھاتەم شاغاللارغا.

— بىز ھەر قېتىم بالا چىقارساق، توڭگۇزلار كېلىپ، بالى- لىرىمىزنى يەپ، نابۇت قىلىپ كېتىدۇ. ئۇلارغا بىزنىڭ كۈچىمىز يەتمەيدۇ.

— مېنى ئۇلارنىڭ ماكانىغا باشلاڭلار، ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بېرەي،

شاغاللار ھاتەمگە يول باشلاپ، باشقا بىر بۇلاق بويىغا ئې-

لىپ باردى. بۇ يەر توڭگۇزلارنىڭ ماكانى ئىدى. شاغاللار
تەمنى قويۇپ، ئۇزلىرى قايتىپ كېتىشتى.

توڭگۇزلار ئۇزۇق ئىزدەپ، ئوۋغا چىقىپ كېتىشكەن ئىدى
ھاتەم بۇ يەردە بىر مەھەل ساقلاپ تۇردى. بىر چاغدا توڭگۇز
لار قايتىپ كېلىشتى - دە، ھاتەمگە قاراپ چىقىراپ، تۇمشۇق
رى بىلەن يەرنى تۇرتۇپ ھەيۋە بىلەن دېيىشتى:

— ئەي ئادەمزات، تۇرغىن! يولۇڭنى تاپقىن، بولمىسا
نىڭنى پارە - پارە قىلىپ تاشلايمىز!

ھاتەم ئۇلارغا دېدى:

— ئەي مەخلۇقلار! ئەگەر مۇندىن كېيىن شاغاللارغا ئازا
بەرمىسەڭلار، بۇ يەردىن كېتىمەن، بولمىسا كۆكۈم - تالقان قى
لىۋېتىمەن.

توڭگۇزلار:

— ئالدى بىلەن ئۇز تېنىڭ بىلەن جېنىڭنى بۇ يەردىن
ساق- سالامەت ئېلىپ كېتىشىڭ كويىدا بولماي، تېخى مۇنداق
گەپلەرنى قىلىۋاتىسىنا! - دېيىشتى - دە، ھاتەمگە ئېتىلدى.

ھاتەم كوردىكى، مۇلايىملىق بىلەن قىلىنغان نەسىھەت توڭ
گۇزلارغا كار قىلمىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ توڭگۇزلارنى بىر
بىرلەپ يەر چىشلەتتى، تىرناقلىرىنى كېسىپ، چىشلىرىنى ئۇ
رۇپ توكۇۋەتتى.

— ئەي ئادەم، - دېدى توڭگۇزلار ھاتەمگە، - بىز چىش
تىرناقلىرىمىز بىلەن تاماق تېپىپ يەيتتۇق، سەن چىش - تىر
ناقلىرىمىزنى چېقىپ تاشلىدىڭ، ئەندى قانداق قىلىمىز؟

شۇ چاغدا شاغاللار پەيدا بولدى. ھاتەم ئۇلارغا:



— مەن ئۇلارنىڭ چىش - تىرناقلىرىنى يوق قىلدىم. ئەن-
دى بۇلارنىڭ يىگۈلىگى سىلەرگە بولغاي، - دېدى ۋە شاغاللار
بىلەن توڭگۇزلار ئوتتۇرىسىدا مۇرەسسە - مادارا قىلىپ، ئۇلار
بىلەن خوشلۇشۇپ ھۆۋەيدا چولىگە قاراپ راۋان بولدى.

ھاتەمگە ھەر خىل مەخلۇقلار ئۇچرىدى. ئۇلار ھەر خىل
قىياپەتكە كىرىۋالغان جىن- پەرىلەر ئىدى، ھاتەم بىرقانچە كۈن
يول يۇرگەندىن كېيىن ئىككى يولنىڭ بېشىغا كېلىپ قالدى. ئۇ
تەۋەككۇل قىلىپ سول تەرەپتىكى يولغا ماڭدى. ئۈچ - تۆرت
كۈن يۇرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر توپ خورازلار ئۇچرىدى.
خورازلار قاناتلىرىنى قېقىشىپ، چىللىشىپ ئوينىشاتتى. ھاتەم ئۇلار-
نىڭ خورازلار سىياقىغا كىرىۋالغان پەرىلەر ئىكەنلىگىنى بىلىۋالدى.

خورازلار ھاتەمنى دەررۇ ئارىغا ئالدى ۋە ئونى سورەپ بىر
جايغا ئېلىپ باردى. ھاتەم كوردىكى، ئۇ يەردە خورازلار بىھېساپ
كوپ ئىدى. ھەممىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەيۋەت بىلەن تۇرغان
خورازنى كورۇپ ھاتەم: "ئېھتىمال باشلىغى بولسا كېرەك" دەپ
ئويلاپ، ئالدىغا بېرىپ تازىم قىلدى. ئۇ خوراز ئادەمگە ئوخ-
شاش مۇلايىملىق بىلەن سالامياندۇرۇپ، ھاتەمنى يۇقۇرىغا تەك-
لىپ قىلدى. دوستىخان سالدۇرۇپ، نازۇ- نېمەتلەر كەلتۇردى.

ھاتەم ئاچقوساق ئىدى، ئۇ، دوستىخاندىكى نازۇ- نېمەت-
لەردىن تويغىچە يېدى. كەچ كىردى. ھاتەم شۇ يەردە يېتىپ قالدى.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا، خورازلار ھاتەمنى پادىشاسىنىڭ
ئالدىغا ئېلىپ باردى.

— ئەي ياش يىگىت، قەيەرلىكسەن، نەگە بارىسەن، بۇ
خەتەرلىك يەرلەرگە نېمە ئۇچۇن قەدەم قويدۇڭ؟- دەپ سورىدى
خورازلار پادىشاسى.

ھاتەم خورازلار پادىشاسىغا:
— ئەي شاھ، پەقىر يەمەن ۋىلايىتىنىڭ پادىشاسى تەيئىنى
ئوغلى ھاتەم بولىمەن،- دەپ جاۋاپ بەردى ۋە شاھزادە مۇنىر
بىلەن ھۆسنە بانۇنىڭ ھېكايىسىنى بايان قىلىپ بەردى.
خوراز پادىشاسى مېھرىبانلىق بىلەن دېدى:
— بىز پەرىلەردىن بولىمىز، دائىم خوراز سۈرىتىدە يۈرۈي-
مىز. مېنىڭ ئاي پەرى ئىسىملىك بىر قىزىم بار، ھوسنى،
جامالىدا ۋە پاساھەتتە ئۇنىڭغا ھېچبىر پەرى تەڭ كېلەلمەي-
ئۇنى ئۆز نىكاھىڭغا ئالساڭ.
— قوبۇل قىلالمايمەن،- دېدى ھاتەم ۋە كۆڭلىدە بۇ تو-
رۇلۇق ئويلۇنۇپ قالدى، پادىشا ھاتەمنى ئاي پەرىنىڭ قەس-
رىگە ئېلىپ بېرىشنى بۇيرىدى.
ئۈچ - تۆرت خوراز ھاتەمنى كۆتىرىپ ئۇچتى. تاغنىڭ
ئۇ تەرىپىدە بىر بوستان بار ئىدى، ھاتەم ئۇنىڭدىن گۈلىستان-
ئىرەمنىڭ بەلگۈ - نىشانلىرىنى كورگەندەك بولدى؛ ھاتەم كۆر-
دىكى، ئېرىقلاردا سۈپ - سۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرۇپتۇ، تۈرلۈك-
تۈرلۈك دەرەخلەردە ھەرخىل گۈزەل قۇشلار خۇش سايراپ تۇ-
رۇپتۇ، ئوتتۇرىدا بىر كول بولۇپ، كولنىڭ ئالدى تەرىپىدە بىر
ئالى قەسىر قەد كوتىرىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تەخت
قويۇلۇپتۇ. ئاي پەرى شۇ تەختتە ئىكەن.
خورازلار ھاتەمنى تەختنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئاي
پەرىگە شاھنىڭ ھوكۇمىنى يەتكۈزدى، ئاي پەرى يۈزخىل نازۇ-
كەرەشمە بىلەن ھاتەمنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تەخت ئۈستىگە ئېلىپ
چىقتى ۋە ئۈچ كېچە كۈندۈز نەغمە - ناۋالار بىلەن بەزمە قىلىپ
بەردى. ئاخىرى ئاي پەرىنىڭ گۈزەل جامالى، خۇشخۇي مۇئامە-



لىسى ھاتەمنى ئۆزىگە بەنت قىلدى. كېيىن خىزمەتكارلار ئىز-
زەت ۋە ئېھتىرام بىلەن ھاتەمنى شاھ ھوزۇرىغا قايتۇرۇپ كەل-
دى. شاھنىڭ ئۈمىدى ھەم ھاتەمنىڭ ماقۇللىغى بىلەن پەرىلەر
رەسمىدە توي قىلىندى. شۇنداق قىلىپ ھاتەم ئاي پەرىنى ئۆز
نىكاھىغا ئالدى. ئىككىسىنىڭ مۇراد - مەقسىدى ھاسىل بولدى.
ئارىدىن بىرقانچە كۈنلەر ئوتتى. بىر كۈنى ھاتەمنىڭ
يادىغا شاھزادە مۇنىرەبىلەن ھوسنە بانۇچۈشتى ۋە ئاي پەرىگە:
— ماڭا رۇخسەت قىلىسىڭىز، يەنە سەپەرگە ئاتلانغايمەن،-
دېدى. ئاي پەرى سەۋدۈنى سورىدى، ھاتەم بۇنىڭغا شاھزادەبى-
لەن مەلىكە ھوسنەبانۇنىڭ قىسسىسىنى سوزلەپبەردى. ئاي پەرى
رازىلىق بەردى ۋە ئەھۋالنى ئاتىسىغا ئېيتتى، پادىشامۇ قوشۇل-
دى، ئاي پەرى ھاتەمگە بىر مۆھۈر بەردى.
— ئەي ھاتەم،- دېدى ئاي پەرى،- بۇ موھۈرنى ئەسلائۆزۈڭ-
دىن ئايرىما، سەن بارىدىغان يولدا ئەجدەرھالار بار. يەنە ئە-
گەر تەشنالىق ۋە ئاچلىقتا قالساڭ بۇ موھۈرنى ئاغزىڭغا سال-
غايسەن، قايىنغان ياغ، خۇمدان ۋە دەريالار، تۈرلۈك ئاپەتلەر
ئىچىدە قالساڭ، بۇ موھۈرنىڭ خاسىيىتىدىن ئامان قالغايسەن.
ئاي پەرىمۇ بىرقانچە ھەمرالىرى بىلەن ھاتەمگە ھەمدەم
بولۇپ، بىر قانچە مەنزىللەرنى بېسىپ ئوتۇپ ئاخىرى ئۇنى
ھۆۋەيدا چولىنىڭ يولىغا سېلىپ قويدى. ھاتەم قايتىپ كېلىشكە
ۋەدە بېرىپ، پەرىلەر بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى.
ئەلقىسسە، ئەندى ئىككى ئېغىز سوزنى ھاتەمنىڭ ئەجدەر-
ھاغا ئۇچرىغىنىدىن ئاڭلاڭلار:
ھاتەم ماڭا - ماڭا ئاخىرى بىر قوم-ۇشلۇق باياۋانغا
چۈشتى، ئۇنىڭ نەبېشىنى، نە ئايىغىنى بىلىپ بولمايتتى. ئۇ-

يەر پايانسىز جاڭگاللىق بولۇپ، سۇدىن ئەسەرمۇ يوق
ھىلىقى موھۇرنىڭ خاسىيىتىدەن ئەتتىگەن، كەچ مەزگىللىرى
بىركىشى يۈزىگە نىقاپ تارتقان ھالدا كېلىپ ئۇسسىسىق
سۇ يەتكۈزۈپ بېرەتتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يېراقتى
تاغدەك بىر نەرسە كورۇندى، يېقىن بېرىپ قارىسا بىر ئەجدى
ھا ئىكەن.

ئەجدەرھا ھاتەمنى دەم تارتتى، ھاتەم ئۆزىنى
تۇرالماي ئەجدەرھانىڭ ئالدىغا ئۇچۇپ كەلدى. بىراق موھۇر
نىڭ خاسىيىتىدىن ئەجدەرھا ئۇنى ھەزىم قىلالمىدى.
ھاتەمھۇشىغا كېلىپ، ئەجدەرھانىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى
رانقىلىشقا باشلىدى. تاقەتقىلالمىغان ئەجدەرھا ياۋانىڭ
چىتىگە بېرىپ ھاتەمنى قەي قىلىپ تاشلىدى. ئۆزى يەنە
مۇشلۇققا كەتتى.

ھاتەم يەنە يولغا راۋان بولدى... كۈنلەرنىڭ بىرى
ئۇزاقتىن بىر تاغ كورۇندى. ھاتەم كوپ مۇشەققەتلەر بىلە
تاغ باغرىغا يەتتى. قارىسا ئۇ تاغ بۇلۇت سۈيۈپ تۇرۇپتۇ.
تەم تاققا ياماشتى...

ھاتەم تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كېتىپ باراتتى. يابې
يېشىل، خوش ھاۋالىق بىر گۈلىستان ئۇچرىدى. بۇ خۇش ھا
يېشىللىق بەزىدە سۇنىڭ ئۈستىدە، بەزىدە سۇنىڭ ئاستىدا كورۇنە
تى. ھاتەم ئىلگىرىلەپ بېرىپ بىر جايغا- ئاجايىپ بىر ھەشەمە
لىك سۇپىغا يەتتى، ئۇ سۇپا ھەرخىل بىساتلار بىلەن زىننە
لەنگەن بولۇپ، ئۇ يەردە ھەرخىل نازۇ-نېمەتلەر ھازىر ئىدى
ھاتەم ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ، خىلمۇ - خىل غىزالارنى يەپ، تو
يۇپ ھوزۇرلاندى. بىرۋاقىتتا شىرىن ئۇيقىغا كەتتى. خېلىدىن



كېيىن ئويغۇنۇپ قارىغىدەك بولسا، ئالدىدا بىر دەرۋىش تۇر-
غىدەك. ھاتەم ئورنىدىن تۇرۇپ دەرۋىشكە تازىم بىلەن سالام
بەردى. دەرۋىش سالامنى قوبۇل قىلىپ، دوستىخان سالدى
ۋە تۈرلۈك غىزالار بىلەن ھاتەمنى مېھمان قىلدى. دەرۋىش
دۇئادىن كېيىن سورىدى:

— ئەي يىگىت، قەيەردىن كەلدىڭ، قەيەرگە بارىسەن، بۇ
چول جەزىرىگە قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭنىڭ سەۋەۋى نىمە؟ تو-
لۇق بايان قىلىپ بەرسەڭ.

ھاتەم پۈتۈنسەرگۈزەشتىسىنىبىر - بىرلەپ بايان قىلدى،
ئاندىن ھۆۋەيدا چولىگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئەي ئوغلۇم، دىدى دەرۋىش نەسىھەت قىلىپ.- بۇ خى-
يالدىن كەچكىن، بۇنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئوتۇش خەتەرلىك، ھەربىر
قەدىمىڭدە ئاپەتكە يۇلىقىسەن، تىلىسماتلار ھەددى - ھىساپسىز،
بۇ يولغا كىرگەنلەر ئەسلا چىقالمايدۇ. ياخشىسى مۇشۇ يەردىن
سالامەت قايتىپ كەتكىن.

— ئەي ئاتا، - دىدى ھاتەم،- دىگەنلىرىڭ ئاقىلانە گەپ
بولدى، بىراق مەن جېنىمنى بەندىلەرنىڭ مۇھتاجلىقى ئۈچۈن
پىدا قىلغان ھاتەم تەي بولىمەن، ھازىرغا قەدەر باشقىلارنىڭ
خىزمىتى ئۈچۈن ھەرقانداق مۇشكۈللۈكلەردىن ئوزۇمنى تارتقى-
نىم يوق. ماڭا ھۆۋەيدا چولىنىڭ يولىنى كورسۈتۈپ قويغىن ،
ئۇدۇنيا، بۇدۇنيا سەندىن خۇشال بولۇپ كېتەي!

دەرۋىش پاك، ھىممەتلىك ھاتەمگە چىندىن قايىل بولۇپ
ئېيتتى :

ئەي كوز نۇرۇم، ئەندى مېنىڭ سوزۇمنى ئاڭلىغىن. ئې-
سىڭدىن چىقارما، ھۆۋەيدا چولىنىڭ يولىدا خەتەرلەر كوپ،ھەر-

گىز ئالدىراڭغۇلۇق قىلما، ھەرخىل سۈرەتلەر ئۇچرىسا (مەيلى
ياش، مەيلى قېرى، مەيلى سەت، مەيلى چىرايلىق بولمىسۇن)
ئالدىراپ ئىشىنىپ قالما!

دەرۋىش يەنە نۇرغۇن ئالامەتلەرنى ئېيتىپ، نەسىھەتلە
قىلىپ ھاتەمنى يولغا سېلىپ قويدى.

ئەلقىسە، ئەندى سۆزنى ھۆۋەيدا چۆلىدىن ئاڭلاڭلار:

دەرۋىش سۈرەتلىك كىشىدىن ئايرىلغان ھاتەم "رەببىم ئاللا
دەپ مېڭىۋەردى. دەشتى - باياۋانلاردىن ئۆتۈپ، نەچچە.
نەچچە كۈنلەردىن كېيىن يەنە بىر دەشتكە كىردى. بۇ دەشت
نىڭ چېكى كۆرۈنمەيتتى. خېلى مەزگىل يۈرۈۋەردى. ئاجايىپ
غارايىپ قورقۇنۇشلۇق ئالامەتلەر كۆرۈنسىمۇ قارىماي كېتىۋەر
دى. بىر چاغدا ناھايىتى چوڭ بىر كۆلگە كەلدى. كۆلنىڭ ئا
خىرى كۆرۈنمەيتتى. سۈيى سۈپ - سۈزۈك ئىدى. ھاتەم تاماشا
قىلىش ئۈچۈن كۆلنىڭ بويىدا ئولتۇردى. بىر چاغدا
كۆل چايقىلىپ، دولقۇنلار ئارىسىدىن بىر خوتۇن پەيدا بولدى.
ھاتەم " نامەرەم بولمىسۇن يەنە" دەپ كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋال
دى. لېكىن ئۇ خوتۇن دەرھال ھاتەمنىڭ قېشىغا كەلدى - دە
ئۇنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ كۆلنىڭ تېگىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى.
ھاتەم كۆزىنى ئېچىپ قارىغان ئىدى، نە كۆل، نە خوتۇن كۆرۈن
مىدى. ئۇنىڭ شۇتاپتا تۇرغان يېرى بىر بوستان ئىدىكى، بۇن
داق بوستان يەتتە ئىقلىمدا يوق ئىدى. ھەرخىل قۇشلار يې
قىملىق سايرىشىپ، گۈللەر ئارا بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئوينا
يۈرۈشەتتى. ئۇلار ئۆز تىللىرى، قىلىقلىرى بىلەن ھاتەمنى
ئۆز يانلىرىغا ئىشارەت قىلىشاتتى. ھاتەم ئۇلارغا كۆز سالما
تىن ئۆتۈپ كېتىۋەردى. ئۇ تاش مەغرىچە شۇ يەردە تاماشا قىلدى؛



ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ پەرىزاتلار
كۆن قارايدى، ھاتەمنى بىر توپ پەرىزاتلار ئۇنىڭغا
قويماي قەسىر ئىچىگە ئېلىپ كىردى. ھاتەم ئىشىكتىن كىرىپلا
كۆردىكى قەسىرنىڭ تاملىرى تورۇسلىرىغىچە ھەرخىل نازىنىن
قىزلارنىڭ سۈرەتلىرى بىلەن بېزەلگەن، قەسىرنىڭ تۆرىگە قى-
زىلالتۇن تەختنىڭ ئۈستىدە بىر پەرى ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ بولسا
ھەرخىل ھىللىلەر بىلەن ياسىنىپ ئۆزىنى نەقەدەر پىلىغان، نەقاۋىنىڭ
ئاستىدىن جامالىنىڭ شولىسى چۇشۇپ تۇراتتى. بۇ شولىدىن
قەسىر تېخىمۇ رۇشەن كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى پېتىلە - پې-
تىلە بولۇپ ئەۋرىشىمدەك نازۇك بېلىگە چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ
پەرى تازىم بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئىما - ئىشارەتلەر بى-
لەن ھاتەمنى تەختكە تەكلىپ قىلدى. ھاتەم ئورنىدىن تۇرۇپ،
تەختنىڭ بىرىنچى پايىسىگە قەدەم قويۇشى بىلەن بىر نەد ھەي-
ۋەت ئاۋاز كۆتۈرۈلدىكى؛ گويا قەسىر ئۆرۈلگەندەك بولۇپ كەت-
تى. ئەمما ھاتەم قاراپ كۆردىكى، ھەممە نەرسىلەر ئۆز ئورنىدا
تۇرۇپتۇ. ئۇ تەختنىڭ ئىككىنچى پايىسىگە قەدەم قويۇۋىدى،
ئىلگىرىكىدىنمۇ قاتتىق تاراقلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى !...

ھاتەم ئۇ مەككار جادۇنىڭ يېنىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋىدى،
تامدىكى سۈرەتلەر يەرگە ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ ناز قىلىشقا باشلى-
دى. دوستىخان ئېچىلىپ تۈرلۈك تائام ۋە مېۋە - چىۋىلەر
ھازىر بولدى. ھەممەيلەن تائاملارغا قول ئۇزاتتى. ھاتەم
ھەرقانچە يەپمۇ تويغاندەك بولمىدى. ئۇلار يەپ - ئىچىشتىن
توختاپ، دوستىخان يىغىلدى، پەردىلەر چاقچاق بىلەن
ھاتەمگە يېقىنلىشىپ، ئىشقىۋازلىق قىلىشقىلى تۇرۇشتى، ھاتەم
ئۇلارغا پىسەنت قىلمىدى. قول ئۇزاتمىدى. سۈبھى ۋاقتى بولغان-
دا ئۇلارنىڭ ھەممىسى تاملارغا چىقىشىپ، ئەسلىدىكى سۈرەت

ھالىتىدىگە ئايلىنىشتى. قەسىر خالى قالدى. ھاتەم بىر بۇلۇڭلا
ئۇيۇشىغا كەتتى. ئۇ قانغىچە ئۇخلاپ، بىر چاغدا ئويغاندى. ئورن
نىدىن تۇرۇپ ئەتراپنى تاماشىشا قىلىپ كۆڭلىنى كەچ قىلدى.
ھاتەم نىقاپلىق پەرىنىڭ يۈزىنى ئېچىپ بىر كۆرۈشنى
خىيال قىلاتتى. ئەمما دەرۋىشنىڭ نەسىھىتى ئېسىگە چۈشۈپ
ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «ئەي ھا
تەم، سەن بۇ يەردە ئەيشى - ئىشرەت بىلەن تاماشىدا، ئۇ ئىك
كى ئاشىق يولۇڭغا ئىنتىزار بولۇپ قايغۇدا ... ئەندى ئۇ تىل
سىمىنى قۇتۇلۇشىنىڭ يولىنى قىلغىن ...» - دەيتتى.
كۈندىكى، يەنە سۇبھى ۋاقتى يېقىنلاپ قالغان ئىدى،
ھاتەم نىقاپلىق پەرىنىڭ نىقاۋىنى ئېلىپ تاشلاپ، يۈزىنى كۆر
گىچە، تەختىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن نىقاپلىق پەرى يەنە پەيدا بو
لۇپ، يۈزىنى ھىلە - نازلار بىلەن ھاتەمنىڭ قولىدىن تۇتۇپ
يۈزىگە بىر كاچات سالدى، ھاتەم ھوشىدىن كەتتى. بىر ۋاقى
لاردا ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچسا نە قەسىر ۋە نە كۆل ياكى بوس
تان كۆرۈنمەيتتى. ئۇ، ئۆزىنى بىر دەشتتە كۆردى. كېتىۋېتىپ
ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇ ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە
قاراپ - تۆرت - بەش كۈن يول يۈرۈپ. بىر بۇلاقنىڭ قېشى
غا يەتتى، بۇلاقنىڭ قېشىدا بىر ئادەم بېشىغا پەردە ئوراپ،
يۈزىنى يەرگە قويۇپ، زار - زار يىغلاپ مۇنداق بېيىت ئوقۇماقتا ئىدى.

بىر كۆرۈپ دىلبىرىمنى پەس قىلدىم،
ئىككى كۆرمەكنى يەنە ھەۋەس قىلدىم.

ھاتەم: «ھۆۋەيدا چۈلى شۇ بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ
شۈكرىلەر قىلدى ۋە ئۇ ئادەمگە سالام قىلدى، ئۇ ئادەم ھەم جە-
ۋاپ سالام بىجا كەلتۈردى.



— ئەي ياش يىگىت، - دەپ سورىدى ھاتەم ئۇنىڭدىن:
بۇ دەشتتە - باياۋاندا تۇرۇشۇڭنىڭ سەۋەبى نىمە؟
يىگىت بۇ سوزنى ئاڭلاپ دىدى:
ئەي ئازات ئادەم، مېنىڭ سەرگۈزەشتەم ھەددى ھىساپ-
سىز، ئەگەر دەيدىغان بولسام ساڭا مالامەتلەر يېتىدۇ.
— ئېيتىۋەرگىن، - دىدى، ھاتەم، - ئىنشائاللا، دەردىڭگە
داۋا تاپقايمەن.
ياش يىگىت سوزلىدى:
— مەن كۆن پېتىش تەرەپتىكى شەھەردىن بولۇپ، سودى-
گەر كىشى ئىدىم. بىر قانچە كارۋانلار بىلەن بىرگە بىر ۋىلا-
يەتكە ماڭماقتا ئىرادە قىلدۇق. بىردەشتكە يەتكەندە، ھاۋا ئىن-
تايىن قىزىپ كەتتى. مەن ئۇسساپ كەتتىم، سۇ ئارتىلغان تو-
گىلەرنى توختۇتۇپ سۇ ئېلىپ ئىچىشكە ھىچبىر پۇرسەت تاپال-
مىدىم. يولنىڭ بىر يېقىدا ئېگىز بىر يەر كۆرۈندى. كارۋاندىن
ئايرىلىپ ئېگىزلىك ئۈستىگە چىقىپ قارىسام بىر كولدە لىق سۇ
تۇرۇپتۇ. مەن ئۇ كولنىڭ بويىغا بېرىپ. سۇدىن بىر جام ئېلىپ
ئىچەي دەپ تۇرىشىمغا نىمە بولدى، بىلمەيمەن، كول ئۇشتۇمتۇت
ئوركەشلەپ مەۋج ئۇرغىلى تۇردى. ئاندىن ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر
يالىڭاچ خوتۇن چىقىپ، مېنى مەھكەم تۇتىۋېلىپ سۇغا باستى.
كوزۇمنى ئاچسام كول يوق بىر بوستاندا تۇرۇپتىمەن،
ئۇ بوستاننىڭ تەرىپىگە سوز يەتمەس، بوس-
تانلىقتا پەرىزاتلار سەپ - سەپ بولۇپ سەيلە قىلىشىپ يۈرەت-
تى، بىر چاغدا كۈنمۇ كەچ بولدى، پەرىزاتلار مېنى بىر قە-
سىرگە يەتكۈزدى. قەسىرنىڭ ھەممە تاملىرىغا گۈزەل، نازىنىن-
سەنەملەرنىڭ سۈرىتى نەقىشلەنگەن ئىدى. ئالدىدا بىر تەختنى

ياساپ قويۇپتۇ، ئۇلار مېنى تەخت ئۈستىگە چىقارغان ئىدى، تامدىكى پەرىزاتلارنىڭ سۈرىتىگە جان كىرىپ، يەرگە چۈشۈپ بەزمە قۇرۇشتى، بىردىن ھېچكىم كۆرمىگەن بىر نىقاپلىق خوتۇن يېنىمدا پەيدا بولدى، ئۇنىڭ يۈزىدىن پەردىنى ئېلىپ، جامالىنى كۆرمەككە قول ئۇزۇتۇشۇمغا يەنە بىر سۈرەت جىلۋە قىلدى، ئۇ سۈرەت شىرچاقچە ئىسىمدىن كەتمەيدۇ. تەختنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىدىن باشقا بىر نىقاپلىق خوتۇن پەيدا بولدى- دە، قولۇمدىن تۇتىۋېلىپ بىر كاچات ئۇردى. بىھوش بولۇپ تەختتىن يىقىلدىم. ھوشۇمغا كېلىپ قارىسام ئۇشبۇ دەشتۇ - بالادا تۇرىمەن، كېتەي دەيمەن، لېكىن ئۇ پەرىنىڭ گۈزەل چىرايى بىر نەپەسمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمەي، نائىلاج نەچچە زاماندىن بېرى بۇ ماكاندا تۇرىۋاتىمەن، دائىم بۇ بېيىتنى ئوقۇيمەن:

بىر كۆرۈپ دىلبىرىمنى پەس قىلدىم،
ئىككى كۆرمەكنى يەنە ھەۋەس قىلدىم.
ماڭا كۆڭلۈك تۇرمۇشۇم شۇ ھالدا.

سودىگەر يىغلاپ يەنە ھوشىدىن كەتتى. كېيىن يەنە ھوشىغا كەلدى ۋە يىغلاشقا باشلىدى.

— ئەي ياش يىگىت، — دېدى ھاتەم، — ئورنىڭدىن تۇرغىن، مېنىڭ بىلەن ھەمراھ بولغىن، سېنى مەھبۇبىڭغا يەتكۈزگەيمەن.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان يىگىت ھاتەمنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلىدى. ھاتەم يىگىتنىڭ بېشىنى يۆلەپ، سىلاپ تۇرۇپ تەسەللى بەردى. كېيىن ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ يولغا راۋان بولدى.



— ھەي بۇرادىرىم، — دېدى ھاتەم، — قۇلاق سالغىن، بۇ ئىشقا قەدەم قويمىساڭ ياخشى بولاتتى. ئەندى ئۇ قەسىرگە يەنە بارسەن، ئۇ نىقاپلىق خوتۇننىڭ قولىنى تۇتمىساڭ ئۆمۈرۋايەت ئۇ يەردە قالىسەن، قاچانكى تىلسىماتتىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلساڭ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتقىن، ئۇ چاغدا ئۆزۈڭنى بۇ ھۆۋەيدا چۆلىدە كۆرىسەن، ئەي بۇرادەر، ئەلۋەتتە يەنە بىر كۆرۈپ ئۆزۈڭنى قۇتقۇزۇپ ئالغايسەن، لېكىن، بۇ تىلسىمات، ئەسلى يوق.

كېتىۋېتىپ ئۇلار بىر كۆلگە ئۇچراشتى، يىگىت ھاتەم كۆرسەتكەن يول بىلەن مېڭىپ كۆل لېۋىگە يېقىنلاشتى. كۆلدە بىردىن دولقۇن كۆتۈرۈلدى-دە، ياڭاچ بىر خوتۇن چىقىپ، يىگىتنىڭ بېلىدىن قاماپ كۆل ئاستىغا كىرىپ كەتتى.

ھاتەم خاتىرجەم يولغا راۋان بولدى. ھېلىقى دەرۋىشنىڭ بوستانىغا يەتتى. زىيارەت قىلىپ كۆرگەنلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. دەرۋىش ھاتەمنىڭ ھىممىتىگە تەھسىنلەر ئېيتىپ، بىر كېچە مېھمان قىلدى. ھاتەم دەرۋىش بىلەن خوشلۇشۇپ يەنە ئۆز يولىغا راۋان بولدى. ماڭا- ماڭا بېلىقسىمان ئادەملەر ماكانىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردىكى پەرىزاتلار بىلەن ئوكوڭۇللۇك تاماشا قىلىپ يەنە يولغا راۋان بولدى. بىر نەچچە كۈنلەردىن كېيىن خورازشا مەملىكىتىگە يېتىپ كەلدى. شاھ بىلەن كۆرۈشۈپ ئاندىن كېيىن ئاي پەرىنىڭ ھەرىمىگە كىرىپ، خۇشال ھالدا ئەھۋالىنى ئىزھار قىلدى ۋە بىر - ئىككى ئاي ئۇ يەردە بولدى.

ھاتەم سەپەر ھاردۇقىنى چىقىرىپ، خوشلۇشۇپ يەنە يولغا راۋان بولدى. شاغال، بورى ۋە تۆكگۆزلار تۇرۇشلۇق جايلارغا

يەتتى. ئۇلار بىلەن بىر كېچە سوھبەتلىشىپ يەنە يولغا
چۈشتى.

ئازغىنا ۋاقىتتىن كېيىن ھۆسنە ئاۋاتقا يېتىپ شاھزا-
دىنىڭ سوھبىتىگە داخىل بولدى. ئىككى ئاكا - ئۇكا شاھ-
زادىلار بۇ كېچىنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزدى. ھاتەم ئاڭلىغان
كەرگەنلەرنى يېزىپ مەلىكىگە كىرگۈزدى. مەلىكە باشتىن
ئاخىر ئوقۇپ خۇرسەن بولۇپ ئىنىك ئانىغا:
— مېنىڭ نامىمدا ئەھۋال سورىغىن، بىر سەر ئالتۇن بى-
لەن دوستىخانىدا زىياپەت ئېلىپ چىققىن — دىدى.

## ھاتەمنىڭ مەلىكە ھۆسنە بانۇنىڭ ئىككىنچى سوئالىغا جاۋاپ تېپىش يولىدا بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى

ئىنىك ئانا چىقىپ ھاتەم بىلەن شاھزادىنى مېھمان قى-
لىپ كىرگىچە، مەلىكە ئىككىنچى سوئالنى يېزىپ تەييار قى-
لىپ قويدى.

ئىنىك ئانا قايتىپ مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىۋىدى، ھۆسنە
بانۇ يېزىپ قويغان خېتىنى بەردى. ئىنىك ئانا ئۇنى ئېلىپ
چىقىپ ھاتەمگە يەتكۈزدى. ھاتەم مەلىكىنىڭ خېتىنى ئېچىپ
ئوقىدى. خەتتە مۇنداق يېزىلغان ئىدى:
" سۆگرە سوزۇم شۇكى، بىرىنچى سوئال جايىغا يېتىپتۇ.
بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولدۇم. ئەندى ئۈچ - تۆرت كۈن
دەم ئېلىپ، ئىككىنچى سوئالىغا قەدەم قويغايسىز، سىزگە مەنلا
ئەمەس، پۈتۈن جاھان ئاپىرىن ئېيتقاي. ئىككىنچى سوئال



ياخشىلىقنى دەريالارغا قىل جاندىن،
ئەجرىڭنى ھەق بىرۇر باياۋاندىن.

ئۇ كىشى نىمە ئۈچۈن دەريالارغا ياخشىلىق قىلىپ، ئەجرى-
نى باياۋاندىن تاپتى؟ بۇ سوزنىڭ ئەسلى قانداق ئىكەنلىگى-
نى بىلىپ كەلگەيسىز. نامە تامام ۋەسسالام."

ئەلقىسسە، ئەندى سوزنى ھاتەمنىڭ ئىككىنچى سوئالغا
جاۋاپ تېپىش ئۈچۈن قەدەم قويغانلىغىدىن ئاڭلاڭلار:

ھاتەم بىر - ئىككى كۈن ھاردۇغىنى چىقىرىپ بولغاندىن
كېيىن ھازىرلاردىن دۇئا ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. دەشت-ۇ-
سەھرالارنى كېزىپ، بىر خۇش ھاۋالىق يەرگە يەتتى. ئۇ يەردە
ئارام ئېلىپ تائام يىدى، كوڭلى- شىمال ۋە شەرق تەرەپنى
تارتتى - دە، تەۋەككۇل قىلىپ شىمال تەرەپكە ماڭدى. تاغۇ-
دەشت، دەريالارنى سەيلە قىلىپ كېتىۋاتقىنىدا قۇلىقىغا بىر-
نالە ئاڭلاندى. بىر ھازادىن كېيىن ھاتەم ئۇ جايغا باردى. قا-
رىسا چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان بىر يىگىت تۇپراققا بېشى-
نى قويۇپ. يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق بىر بېيىت ئوقۇۋاتاتتى.

قايانغا بارارمەن دىگىلى ھالۇ - زارىمنى،
يېتىپ كوي ھادىسە، ھىچ تاپمىدىم بارارىمنى.

ھاتام يىگىتنىڭ قېشىغا بېرىپ سالام بەردى. يىگىتمۇ جا-
ۋاپ سالام قايتۇردى. كېيىن ھاتەم:
— ئەي بۇرادەر، ھالىڭىز نىچۇك؟ - دەپ سورىدى. يىگىت
سوز باشلىدى:

ئېيتسام تىلىم كويىدۇ، ئېيتمىسام دىلىم. ئېيتىم نەئىم سودى-
گەر، شەھرىم ياخشى بىر يەر. بىر كارۋان بىلەن سەپەر قىلغان
ئىدۇق. بىر شەھەرگە كىرىپ ماللارنى سېتىپ بولۇپ، يۇرتىمىز-
غا ياپ خەرىتىلەرنى ئېلىپ قايتىشنىڭ تەييارلىغىنى قىلىۋاتات-
تۇق، كوزۇم بىر كوچىغا چۈشتى، يېقىنراق بارغان ئىدىم، ئال-

دىمدا بىر چوڭ دەرۋازا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە تۆ
تەرىپىدە دىرىزىسى بار بىر قەسىر بار ئىكەن. بىر دىرىزىس
كوچا تەرەپتە بولۇپ ئەينەكلىك ئىكەن. ئۇ قەسىردە بىر گۈز
سەنەم پەيدا بولۇپ مېنى كورۇپ نەپس تەبەسسۇم قىلدى. د
غايىپ بولدى. مەن بىتاقەت بولۇپ ئۇ يەردىكى كىشىلەردىن
"بۇ كىمنىڭ ئۆيى، ئۇ مەنزىرىدىن گورۇنگىنى قانداق ئاپەت؟" دە
سورۇدۇم. ئادەملەر:

— ئەي سودىگەر كىشى، بۇ ئىشنى ھەرگىز سورىما. ئ
جېنىڭغا جەۋرى قىلما، تېزدىن ئۆز يولۇڭغا ماڭغىن، — دىدى
مەن ھىجران ئوتى ئىچىدە قالغان ئىدىم. سورىماسلىققا تاقى
يوق ئىدى. بىر كىشى ماڭا: "ئۆز ئۇۋالىڭ ئۆزۈڭگە، ماقۇل
مەن ئېيتىپ بېرەي، بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى خوجا ھارىس دىگە
سودىگەر بولىدۇ. ساڭا جىلۋە قىلىپ غايىپ بولغىنى شۇنىڭ
قىزى. تېخى ياتلىق بولمىدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن شەرتلىرى بار
كىمكى شۇنىڭغا جاۋاپ بېرەلىسە تەلىپى ئوڭ، بولمىسا مالل
رىنى پۈتۈنلەي ئېلىۋېلىپ، ئۆزىنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىدۇ
ئەي يىگىت، ياخشىسى ئۆز يولۇڭغا ماڭغىن"— دىدى. مەن سا
رايىغا باردىم. خوجى ھارىسقا ئەلچى كىرگۈزدۈم. خوجى ھارىس
مېنى ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلدى ۋە:
— ئەي نەئىم، بۇ سودىدىن قولۇڭنى تارتقىن، بىكاردىن
بىكار "ئۆزۈڭنى بالاغا تۇتۇپ بەرمىگىن" — دىدى.
بۇ نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلغىم كەلمىدى. ئۇ باشقا سو
دىگەرلەرنىمۇ يىغىپ، مېنى ئولتۇرغۇزۇپ تۇرۇپ مۇنداق دىدى:
— ئەي نەئىم، بۇ يولۇڭدىن قايتساڭ ياخشى بولاتتى،
بۇ يەردە ئۈچ شەرت بار. ئۇنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالماي قالار-
سەنمىكىن، ئەگەر ئۇ شەرتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىساڭ،



مەلىكە تامام مۈلكى بىلەن سېنىڭ بولىدۇ. ئەگەر چىقالمىساڭ
مال - مۈلكۈڭ قولۇڭدىن كېتەر.
مەن:
— مەيلى رازىمەن، — دىدىم ۋە تىلىمدىن ھوججەت بېرىپ موھۇ-
رۇمنى باستىم.
خوجا ھارىس قىزىنى چاقىردى، مەلىكە كىرىپلا:
— ئەي سودىگەر، ھىلىھەم بولسىمۇ، ھۇشۇڭنى تېپىپ ئۆز
يولۇڭغا ماڭ، — دىدى.
بۇ خىيالىمدىن ھەرگىزمۇ قايتمايمەن دىدىم مەن جاۋاپ
بېرىپ.
— ئەمىسە ئۆز گۇناھىڭ ئۆزۈڭگە، — دىدى مەلىكە، — ئال-
دىنقى شەرت: بۇ شەھەردىن ئۈچ - تۆرتچا قىرىم يىراقلىقتىكى
تاغنىڭ يېنىدا بىر دەريا بار. ئۇنىڭ چېتىدە بىر غار بار. ئۇ-
نىڭدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگىن. لېكىن شۇنى بىلگىنكى، ئۇ يەر-
كە بارغان ئادەم قايتىپ كېلەلمەيدۇ. ئىككىنچى شەرت: ھەر
جۈمە كېچىسى بىر ئاۋاز كېلىدۇ. مۇنداق بېيىت ئوقۇلىدۇ.

قىلمىدىم ياخشى ئىشنى مەن، بارىمەن پۇشمان بۇ كېچە،
ئاتەش ئىچرە زەپمۇ كويدى ئورتىنىپ، جان بۇ كېچە.

بۇ ئىشلارنى قىلمىغانغا نىمە ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدۇ؟
بۇنىڭ سىرىنى بىلىپ كېلىپ جاۋابىنى بەرگىن. ئۈچىنچى
شەرت: پادىشالىق موھۇرىشاھ پەرىنىڭ قولىدا، ئۇنى ئېلىپ
كەلگىن.
بۇ شەرتلەرنىڭ قىيىنلىقىدىن نىمە دېيىشىمنى بىلەلمى-
دىم. "بۇ ئىشنى ئاخىرىغا چىقىرالماسمەنمىكىن" دەپ ئويلۇ-
دۇم. ئۇلار مېنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقاردى. مال - مۈلكۈم-

دىن ئايرىلغىنىم سىر سىرى، ئىشقى مۇھەببەتنىڭ ئاپىتىدىن جىنىم ئاتەشتە قالدى. مانا ئاغىنە، مىنىڭ ھالىم شۇدۇر، ئۇ ئەھۋالنى ئىزھار قىلىپ بولۇپ يىغلاشقا باشلىدى،
ھاتەمنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كەلدى بولغاي، دېدى:
— ئەي بۇرادەر، غەم يىمە، سىنىڭ ئۈچۈن بۇ خىزمەتلەرنى مەن قىلاي، مىرادىڭنى ھاسىل قىلاي.
ئۇلار بىللە خوجا ھارىسنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ھاتەم تازى[...] بىلەن مۇنداق دېدى:
— ئەي خوجام، نەئىم ئۈچۈن مەن خىزمەت قىلاي، نەئى[...]نىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇڭ.
— بولىدۇ، — دېدى خوجا ھارىس قوشۇلۇپ، — خاتىرجە[...] كېتىۋېرىڭ.
ھاتەم نەئىمگە سارايدىن جاي تېپىپ بېرىپ، سەپەرگە تەييارلاندى.
خوجا ھارىسنىڭ ئادەملىرى ھاتەمنى باشلاپ غار يېنىغا يەتكۈزۈپ قويدى. ئۇ يەر ئاجايىپ قاراڭغۇ ئىدى. ھاتەم تە[...]ۋەككۇل قىلىپ غارغا كىرمەكچى بولدى ۋە ھىلىقى بىللە كە[...]گەنلەرگە:
— قىرىق كۈنگىچە مەندىن خەۋەر بولمىسا، مىنىڭ دۇئا[...]يىمنى بۇرادىرىم نەئىمگە ۋە خوجا ھارىسقا يەتكۈزۈپ قويۇڭ[...]لار، — دېدى.
ئەندىكى گەپنى بارسا- كەلمەس يولدىن ئاڭلاڭلار:
بۇ غار ئەرنىڭ كۆزىدىن پىنھان، خەتەرلىك تىلسىمات بولۇپ، ئۇ تەرىپى كويىقاپقا تۇتىشاتتى.
ھاتەم كۆزىنى يۇمۇپ، بۇ تىلسىماتقا قەدەم قويۇپ بىر



چاقىرىمدىن كۆپرەك يول يۈرگەندە بىر دۇشمەنلىك زاھىر بولدى.
ئەلقىسسە، ھاتەم ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ كۆردىكى: ئۇ يەر ئاجايىپ بىر ئالەمدۇر. ھەممە يەر ياپ - يېشىللىق، سۇلار شاقىراپ شوخ ئېقىپ تۇرغان، رەڭگا - رەڭ گۈللەر ئېچىلغان، ئىنتايىن خوشھاۋالىق ئىدى. قارىغاندا ھېچبىر ئادەم قەدىمى يەتكەندەك ئەمەس. باشقا خىلدىكى ھايۋانلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ، بۇ مەنزىلدە بىر نەچچە كۈن تۇردى. بىر كۈنلەردە ئۇزاقتا بىر قورغان كۆرۈندى. ھاتەم ئۇ قورغانغا قاراپ ماڭدى. ناھايىتى تەسلىكتە قورغانغا يېقىنلاشتى. ئۇ، دىۋىلەر ماكانى ئىكەن. ھاتەمگە نەچچە - نەچچە گۇرۇ دىۋىلەر ئۇچرىدى، لېكىن پادىشالىرىدىن قورقۇپ زىيان يەتكۈزمىدى. يەنە بىر خىل دىۋىلەر پەيدا بولۇپ ھاتەمنى باشلىقلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. زەبەردەستبىر دىۋە پەرىشانھالدا يىغلاپ ئولتۇراتتى. ھاتەم:
— سىنىڭ پەرىشانلىقىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى.
— خوتۇنۇمنىڭ كۆز ئاغرىقى ئېغىرلىشىپ، قارىغۇ بولۇپ يېتىپ قالدى. قانداق قىلىشنى بىلمىدىم. شۇڭا پەرىشانمەن، — دەپ جاۋاپ بەردى ھىلىقى دىۋە.
— مەن ھوكۇما كىشىمەن، — دېدى ھاتەم، — مەلىكەڭنىڭ كۆزىنى مەن كۆرۈپ داۋالاپ باقاي.
دىۋە خۇرسەن بولۇپ، ھاتەمنى قولىدىن تۇتۇپ ئۆيىگە باشلاپ كىردى. بىر ئالى مەيدان، ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان ئىمارەتلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. دىۋە ھاتەمنى بىر ئايۋانغا ئېلىپ كىردى. ئايۋاندا تەخت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە مەلىكىسى نالە - زار قىلىۋاتاتتى. ھاتەم مەلىكىنىڭ كۆزىدە ئىششىق بارلىقىنى كۆردى - دە:

— بىر قاچا پاكىزەسۈت ئېلىپ كېلىڭلار، - دېدى،
دىۋە دەرھال بىر قاچا پاكىزە سۈت ئېلىپ كەلدى، دا
پىشىدىكى ئاي پەرى بەرگەن موھۇرنى سۈتتە ئۈچ قېتىم چاي
قاپ، مەلىكىنىڭ كوزىگە سۈركىدى. قالغىنىنى ئىچۈردى، ر
ئازدىن كېيىن مەلىكە تەرلىدى. كوز ئاغرىغى بېسىلغاندەك بو
دى. ئۈچ كۈنگىچە ئۈچ قاچا سۈتكە بۇ ئەمەلنى قىلىپ ئىچۈ
دى. ئاخىرى كېسەل شىپا تېپىپ سەللىمازا ساقايدى.
شۇندىن كېيىن دىۋىلەر كاتتىسى قاتارلىق ھەممە دىۋ
لەرنىڭ ھاتەمگە بولغان ئىخلاسى ئېشىپ باردى. بىر كۈن
ھاتەم:
— مېنى پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغىن، پادىشا بىلە
كورۈشەي، بىر زىيارەت قىلاي، - دەپ دىۋىگە تەلەپ قويدى.
ھىلىقى دىۋە ماقۇل بولدى.
ھاتەمنى دىۋىلەر كوتۈرۈپ شاھ دەرگاھىغا ئېلىپ باردى.
ئاۋۋال سەرمىكا كېلىپ پادىشاغا سالام قىلدى. كېيىن شاھ
سورىدى:
— يول بولسۇن ئەيسەرمىكا،
— ئەي پادىشاھى ئالەم، - دېدى سەرمىكا ئەدەپ بىلەن
جاۋاپ بېرىپ،-نەچچەكۈندىن بىرى ئادىمىزاتتىن بىرى ئوز ئايىغى
بىلەن كېلىپ، بىزنىڭ ئويىمىزدە مېھمان بولدى. دانىشمەن
ھوكۈما ئىكەن، مەلىكەم نەچچە ۋاقىتتىن بىرى كوز ئاغرىغى
بىلەن يىقىلغان بولۇپ، ھېچبىر نەرسە ئۇنىڭ دەردىگە
دەرمان بولالمىغان ئىدى. ئۇ ئىنساننىڭ داۋالىشى بىلەن مەلە
كەم شىپا تاپتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىشىنى جاناپلىرىنىڭ ھو-


زۇرىغا باشلاپ كەلدىم. ئوزلىرىنىڭ ئەمىرلىرى قانداق بولغايكى؟
پادىشا باشلاپ كىرىشكە رۇخسەت قىلدى. سەرمىكا دەرھال
چىقىپ ھاتەمنى باشلاپ كىردى، ھاتەم دىۋىلەر رەسمىدە دۇئالار
قىلدى، پادىشاغا سالام بەردى.
پادىشانىڭمۇ ھاتەمگە زوقى كەلدى ۋە سورىدى:
— ئەي ئازات ئىنسان، بۇ يەرلەرگە قەيەردىن، نىمە مەق-
سەتتە كەلدىڭىز؟ ئىسمىڭىز نىمە؟ئەسلى - نەسىبىڭىزچۇ؟ ھەممى-
سىنى بىر - بىرلەپ سوزلەڭ.
ھاتەم:
— ئالدىلىرىدا تۇرغان كەمىنە مۇساپىر - يەمەن شەھىرى-
دىن بولۇرمەن، ئىسمىم ھاتەم،ئاتام تەي يەمەننىڭ پادىشاسى.
مەن بەندىلەرنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن جېنىمنى پىدا قىلغانمەن،-
دېدى - دە، سەرگۈزەشتىلىرىنى باشتىن - ئاياق تەپسىلى سوزلى-
دى، پادىشا خۇشال بولدى ۋە:
— ئەي ھاتەم، ئۇزۇندىن بۇيان يۈرەك ئاغرىقىمەن، دىۋى-
لىرىمىنىڭ ھوكۈمالىرى بۇنىڭغا ئامال قىلالمىدى. ئادىمىزات-
تىنمۇ ھوكۈمالارنى ئالدۇرۇپ كەلدىم، ئۇلارمۇ ئىلاج قىلالمىدى.
ئۇلار ھازىر زىنداندا، بۇ توغرۇلۇق سىز نىمە دەيسىز؟ - دەپ
سورىدى.
شۇ ئەسنادا خىزمەتچى دىۋىلەر ئىككى قاچا تاماق، كەل-
تۈرۈپ، بىر قاچىسىنى شاھنىڭ ئالدىغا، يەنە بىر قاچىسىنى
ھاتەمنىڭ ئالدىغا قويدى. پادىشا ھايسىزلىق قىلىپ، باشقا
دىۋىلەرنى قارىتىپ قويۇپ، قاچىنى قولىغا ئېلىپ تاماقنى يې-
يىشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن ھاتام بىلدىكى، پادىشانىڭ يۈرەك
ئاغرىغى نەزەردىن چۈشكەنلىكتىن بولغان ئىكەن. ھاتەم بىر

ئىش كورستەي دەپ، ئاي پەرىنىڭ موھۇرىنى ئېلىپ ئا
ئاستا چايقىدى، ئۈستىنى ئېچىپ، ئەتىراپتىكىلەرگە كورسىتىپ
يەنە ئاغزىنى ياپتى. بىر ئاز ۋاقىت ئوتتى. يەنە ئاغزىنى
ئاچتى، ئۇ تاماق قۇرۇتتەك بىر نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قاپتۇ.
ھەممە دۆلەتلەر ھەيران قالدى. پادىشا:

— بۇ قانداق ھادىسە؟ — دەپ سورىدى.

— پادىشا تائامنى خالايىق ئالدىدا يېمىسۇن، ئەگەر يې
سە ھەممە تائام مۇشۇ قۇرۇتتەك بولۇپ، شاھنىڭ يۈرىگىنى غې
جىپ يەيدۇ، — دېدى ھاتەم جاۋاپ بېرىپ.

پادىشا بۇ سوزگە قايىل بولدى ۋە ئىككىنچىلەپ ئۇنداق
قىلماسلىققا ۋەدە بەردى. شۇندىن كېيىن ئاستا - ئاستا پاد
شانىڭ يۈرەك ئاغرىقى ساقايدى.

— ئەي ھاتەم، — دېدى پادىشا، — ئاللاتائالا ماڭا بىر قىز
پەرزەنت بەرگەن ئىدى. نەچچە ۋاقىتلار بولدى، قىزىم كېسەل
ماڭالمايدۇ. بۇنىڭغا بىر ئامال بارمۇ؟

— ئۇنى مەن بىر كورەي، ئاندىن بىر نەرسە دەي، — دېدى ھاتەم.

پادىشا ھاتەمنى قىزىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى.
ھاتەم قىزنى كوردى. قىزنىڭ رەڭگى سېرىق بولۇپ، كوزلىرى
نۇرسىز ئىدى. ھاتەم شەرۋەت كەلتۈرۈشنى بۇيرىدى. پادىشا-
نىڭ خىزمەتچىلىرى ھاتەمنىڭ تەلىۋىنى دەرھال ئورۇنلىدى.
ھاتەم بۇ شەرۋەتكە ئاي پەرىنىڭ موھۇرىنى ئۈچ قېتىم چايقاپ،
كېسەلگە ئىچكۈزدى. ئاغرىق پەسەيدى. ئۈچ كۈنگىچە ئۈچ جام
شەرۋەت ئىچكۈزۈلدى. تۆرتىنچى كۈنى قىزنىڭ ئىشتىھاسى ئېچى-
لىپ، بەھوزۇر تاماق يېيىشكە باشلىدى. قىز بىر ھەپتىدە سەل-
لىمازا ساقىيىپ، ئاتىسىنىڭ قېشىغا چىقتى ۋە ھاتەمنىڭ قول-



پۇتلىرىنى سۆيۈپ، كوپ دۇئالار قىلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

ھاتەم بىر كۈنى:

— ئەي شاھ، بېشىمدا بىر مۇشكۈل ئىشىم بار ئىدى. ئە-
گەر ئۆزلىرىدىن رۇخسەت بولسا، ئۆز ئىشىمغا قەدەم قوياي، —
دېدى.

پادىشا خۇرسەنچىلىك بىلەن رازى بولۇپ كوپلىگەن
سوۋغاتلارنى بېرىپ ھاتەمنى غارنىڭ بېشىغا يەتكۈزۈپ قويۇشقا
دۆلەتلەرنى بۇيرىدى. ھاتەم دۆلەتلەر پادىشاسى بىلەن خەيرلى-
شىپ يولغا راۋان بولدى. غارنىڭ بېشىغا كەلدى. خوجا ھارىس-
نىڭ خىزمەتچىلىرى ئۇ يەردە ھازىر ئىدى. بېرىپ نەئىمگە خە-
ۋەر قىلدى. نەئىم يېتىپ كېلىپ ھاتەمنىڭ ئاياغلىرىغا ئۆزىنى
تاشلاپ يىغلاپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. ھاتەم جاۋاھىرات-
لارنى نەئىمگە بەردى.

ئەتىسى خوجا ھارىس بىلەن مەلىكە ھەر ئىككىيلەننى
مېھمانخانىغا چاقىرىپ زىياپەت بەردى. مەلىكە پەردە ئارقىسىدا
تۇرۇپ:

— غاردا قانداق ئالامەتلەر بار ئىكەن؟ — دەپ سورىدى.
ھاتەم كورگەن - ئاڭلىغانلىرىنى باشتىن - ئاياق سوزلەپ بەر-
دى. مەلىكىگە لەئەل سوۋغا قىلدى. مەلىكە بىلەن خوجا ھارىس
زىيادە خۇرسەن بولدى.

— ئىككىنچى شەرت قايسىدۇر؟ — دەپ سورىدى ھاتەم مە-
لىكىدىن، — ئۇنىڭغا قەدەم قويسام.

— بىر - ئىككى كۈن ئارام ئېلىڭ، ئاندىن ئېيتىمەن، —
دېدى مەلىكە.

ھاتەم نەئىم بىلەن ئۈچ - تورت كۈن بىللە يۈرۈپ كۆز...
ئېچىپ يەنە مەلىكىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ مېھمان بولىدى. سا...
پەردە ئىچىدە تۇرۇپ سوزلىدى:

— ئەي ھاتەم، ھەر جۈمە كېچىسى قۇلۇغۇمغا مۇنداق بى...
بېيىت ئاڭلىنىدۇ:

قىلمىدىم ياخشى ئىشنى، بارىمەن پۇشمان بۇ كېچە،
ئاتەش ئىچرە زەپمۇ كويدى ئورتىنىپ جان بۇ كېچە.

بۇ ئىشنى قىلمايدۇ، قانداق ياخشى ئىش ئىكەن، ئۇنى...
پۇشمان قىلىپ بۇنداق ئاۋازلار بىلەن پىغان چېكىدۇ. بۇ سوز...
نىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپ كەلگەيسىز.

ئەلقىسسە، ھاتەم بۇ سوزنى ئاڭلاپ نەئىم بىلەن سارا...
قايتتى. نەئىمنىڭ كوڭلىنى تىنىندۇرۇپ، يەنە دەشتۇ - سەھرا...
لارنى كەزەكچى بولدى - دە، باياۋان تەرەپكە راۋان بولدى.
بىر - ئىككى مەنزىل يول يۈردى، بىر چەشمىگە يەتتى...
بۇ يەردە ھەر رەڭدىكى دەرەخلەر كوپ ئىدى. ھاتەم ئۇ يەرنى...
ماكان قىلىپ ئۈچ - تورت كۈن تۇردى. جۈمە كېچىسى كەلدى...
ھاتەمگە بىر نالە - پىغان ئاڭلاندى:

قىلمىدىم ياخشى ئىشنى، بارىمەن پۇشمان بۇ كېچە،
ئاتەش ئىچرە زەپمۇ كويدى ئورتىنىپ جان بۇ كېچە.

ھاتەم شۇكرى - سانا ئېيتىپ، ئاۋاز كېلىۋاتقان جايغا...
يۈگۈردى ... نەچچە - نەچچە كۈنلەر ئوتتى. ھەر جۈمە كېچە...
سى يەنە شۇ ئاۋاز - ئاڭلىنىپ تۇردى. يەنە بىر نەچچە كۈنلەر
ئوتتى، بىر كۈنى ھاتەم ئۇ يەردە قارا كىيىم كىيىشكەن، كورۇ...
نۈشىگە ماتەمدارلارغا ئوخشاش ھازا تۇتۇشقان بىر بولۇك خالا...



يىقنى كوردى. بىراق ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇردا يوق ئىدى. ھا-
تەم ھەيران بولۇپ، يېقىن بېرىپ ئۇلارنىڭ بىرسىدىن سورىدى:
— ئەي بۇرادىرىم، بۇ كىشىلەرنىڭ ماتەم تۇتىشىدا قان-
داق سەۋەپ بار؟
ئۇ ئادەم دىدى:
— شەھرىمىزگە بىر بالايى - قازا چۈشكەن، بۇ بالا - ئا-
پەت ھەر كۈنى كېلىپ بىر ئادەمنى نابۇت قىلىپ كېتىدۇ. ئەگەر
بىر ئادەم بېرىلمىسە، كوپلىگەن ئادەملەرنى ھالاك قىلىدۇ. بۇ-
گۈن ھاكىمنىڭ ئوغلىغا نوۋەت كەلدى. قارا كىيىپ ماتەم
تۇتۇشنىڭ سەۋەۋى شۇ.
ھاتەم ھاكىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدى ۋە ئۇلاردىن
سورىدى:
— ئۇ بالانىڭ سۈرىتى قانداق؟
ئۇلار يەرگە بىر خىل شەكىلنى سىزىپ كورسەتتى.
— ئۇ جانىۋارنى «خەلۇقە» دەيدۇ، - دىدى ھاتەم، - ئۇ-
نىڭغا ھېچقانداق قورال كار قىلمايدۇ. ئەگەر بىر ئەينەكچى
بولغىنىدا ئىدى، ئۇ بىر چوڭ ئەينەك تەييار قىلسا، بۇ جانى-
ۋارنى ھالاك قىلغىلى بولغاي.
ھاكىمنىڭ ھوكۈمى بىلەن چوڭ ئەينەك تەييار قىلىندى.
ئەينەكنىڭ تورت ئەتراپىغا پەردە يېپىپ، جانىۋارنىڭ كېلىش
يولىغا قويۇپ قويدى.
— ئەندى تاماشا كورىدىغان كىشىلەر بولسا كەلسۇن، -
دىدى ھاتەم، - ھەرگىز قورقماڭلار.
ھاتەم ئوزى تورت چاسا ئەينەكنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇردى.
ھىلىقى گېپى بولغان جانىۋار پەيدا بولدى. ئۇگويا ئىس-تۈتەك ئىچىدە

كېلەتتى. بېشىنىلا كورگىلى بولاتتى، پۈتىنى كورگىلى بولمايـ
تتى. ئاغزى بېلىدە، كوزلىرى چاقماق چېقىلىۋاتقاندەك، بۇرنىـ
دىن ھەدەپ ئىس چىقىپ تۇراتتى. ئاۋازى ھەيۋەتلىك ئىدى. ئۇ پەر
دىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھاتەم پەردىنى كوتەردى. ئۇ جانىۋار
ئۆز سۈرىتىنى ئەينەكتە كوردى، قورققىنىدىن نەپسىنى ئىچىگە
تارتتى. بىر ئاز ۋاقىت ئوتتى. گويا بىر تاغدەك بولۇپ، ئۇ
نەپسىنىڭ زورى بىلەن قارنى يېرىلىپ، ئىچ-باغرىلىرى ئەتراپ
تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. قارنى يېرىلغان چاغدا بىر ئاۋاز پەي
دا بولدىكى، تاغ-دەشتلەر لەرزىگە كەلدى. شەھەرگە ئا
ماڭدۇرۇلدى. شەھەر كىشىلىرى كېلىپ ئۆز كوزى بىلەن ئۇنى
كوردى. ئۇنىڭ ئولۇگىنى كويدۇرۇپ كوڭۈللەر خاتىرجەم بولدى.
كىشىلەر ھاتەمنى «ئەزىزىمىز» دەپ بىلىپ، ھورمەتلەپ
ھىساپسىز مال-مۈلۈكلەر ئىنئام قىلدى. ھاتەم بولسا بۇ نەر
سىلەرنى غېرىپ-بىچارىلارغا بېرىۋەتتى. ئاندىن ئۇ يەنە ئا
ۋاز چىققان تەرەپكە راۋان بولدى. بىر نەچچە كۈن سەيلى
تاماشا قىلىپ ئاخىرى بىر يەرگە كەلدى. ئۇ يەر گويا گۈرىس
تانغا ئوخشايتتى. ھاتەم بۇ كېچە شۇ يەردە يېتىشنى نىيەت قى
لىپ ئولتۇردى. گۈگۈم چۈشۈپ، چىراقلار پەيدا بولدى. ھەممە
يەردە چېدىرلا تىككىلىك ئىدى. بىر چېدىردا بىر خوجا گوھىرى
ئولتۇرۇپتۇ. دوستىخان سېلىنغلىق، تۈرلۈك-تۈرلۈك تائاملار
قويۇلغان،

چېدىرلاردىن بىر ئىككى قەدەم نېرىدا بىر ئادەم ئىس،
تۈتۈنلەر ئارىسىدا ئازاپلىنىپ، پىغان چېكىپ مۇنۇ بېيىتنى
ئېيتىۋاتاتتى:

قىلمىدىم ياخشى ئىشنى، بارىمەن پۇشمان بۇ كېچە.
ئاتەش ئىچرە زەپمۇ كويدى ئورتىنىپ جان بۇ كېچە.



ئۇ بېيىتنى ئېيتىۋېتىپ توختىماي ھەسرەت-نادامەت
چېكەتتى. ھاتەم كوڭلىدە، بۇ باغرى قان بىچارىدىن خەۋەر ئې
لىپ، ئاھۇ-زار قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىماقچى بولۇپ، ئۇ-
نىڭ ئالدىغا باردى ۋە سالام قىلدى. ئوت ئىچىدىكى ئادەم:
— ئەي پاكىزە ئادەم، بۇ گۇناھلىق ھالىتىمنى كورگىچە ئاۋۇ
چېدىردا مېھمان بولغىن. ئوتنىڭ ئىس-تۈتەكلىرىدىن باشقا
مەندە راھەتلىك ھېچنەرسە يوق، — دېدى.
— مەن بۇ يەرگە راھەت-پاراغەت ئۈچۈن كەلمىدىم، —
دېدى ھاتەم، — ماڭا ئەندى ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىڭنى سوزلەپ بەر-
گىن . .
ئۇ كىشى تۈتەكنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ سوزلەيتتى:
خەير، سوزۇمگە كىرمىدىڭ. بېشىمغا چۈشكەن قىسمەتلەرنى
سوزلەپ بېرەي، سەن يېزىپ قويغىن.
ھاتەم يېنىدىن قەغەز، قەلەم ئالدى.
— بىز بىرھاما ئەۋلاتلارمىز، — دېدى ئۇ ئادەم سوز داش-
لاپ، — مېنى «يۇسۇپ سودىگەر»، دەيدۇ. مەن چىن مەملىكىتىدىن
بولۇپ خامچىلار مەھەللىسىدە تۇراتتىم، ناھايىتى باي ئادەم
ئىدىم. ئۆز خىزمەتچىلىرىم بىلەن بىر كارۋان بولۇپ يۈرۈيدىغان،
لېكىن بېخىل ئىدىم. ئوزۇم ئەمەس، باشقا بىرسى بىر پۇلىنى
خەير-ئېھسان قىلسا، مەن ئۆز نەزىرىمدە ئوتتا پۇچۇلۇنۇپ
كەتكەندەك بولاتتىم. ئەشۇ راھەتلىك، بەختىيار ئادەملەر مېنىڭ
خىزمەتكارلىرىمدۇر. ئۇلار مەندىن يوشۇرۇن خەير-ئېھسان ۋە
زاكات بەرگەن ئىكەن.
بىر تىجارەت ئۈچۈن بۇ مەنزىلگە يەتكەندە، قاراقچىلار كې-
لىپ ھەممىمىزنى ئولتۇرۇپ، ماللىرىمىزنى بۇلاپ كەتتى. ئار-

قىمىزدىن كەلگەن باشقا سودىگەرلەر بىزلەرنى كۆمۈپ قويۇ…
ئاۋۇ كىشىلەر سېخىلىقىدىن راھەتتە ياشاۋاتىدۇ. ئۇلار مۇ…
شەھىدلەردۇر. مەن بولسام بېخىل بولغانلىقىم ئۈچۈن داۋا…
ئازاپتا ئۆرتەنمەكتىمەن، يەتمىش يىلدىن بۇيان ھەر جۈمە ك…
چىسى پېقىرلار بىلەن ھىلىقى بېيىتنى ئوقۇپ خۇدادىن: "ب…
ئەر كىشىنى يەتكۈزگىن" - دەپ تىلەيمەن، "بىر ئارمىنىم ب…
ئىدىكى، ئۇنىڭ بەركاتىدىن راھەت ۋۇجۇتقا كەلگەي" دەپ ئ…
لايىتتىم، بۇ كېچە ئاللا سېنى بۇ يەرگە يەتكۈزدى. خۇداغا ش…
شۈكرى.

ھاتەم سورىدى:

—ئۇ قانداق ئارمان؟

ئۇ كىشى يىغلاپ، ياش تۆكۈپ تۇرۇپ مۇڭدا…
دىدى :

—ئارمىنىم شۇكى، چىن شەھرىدە ئۆيۈم، ئوغلۇم ۋە بىر خە…
زىنەم بار. ئۇ خەزىنىدىن ئوغلۇم بىخەۋەر، باشقىلار بىلمەيدى…
ئەي يىگىت، سەن ئۇشبۇ يېخشى ئىشقا قەدەم قو…
يۇپ، ئۇ خەزىنىدىكى مال - مۈلۈكلەرنى ئېلىپ ئۈچ ھەسسە ق…
لىپ، بىر ھەسسىسىنى ئوغلۇمغا بەرگىن، ئىككى ھەسسىسىنى م…
نىڭ ئۈچۈن پېقىر - مىسكىنلەرگە بېرىۋەتسەڭ، سەندىن ئاللا رازى…
بولغاي، سېنىڭ قەدىمىڭ بەركاتىدىن ماڭا ئاراملىق نەسىپ بولغاي…

سودىگەر خەزىنىسىنىڭ ئورنىدىن تارتىپ ئىچىدە…
كى نەرسىلەرگىچە ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى…
ھاتەم تولۇق، ئېنىق قىلىپ خاتىرىلىۋالدى.

يېرىم كېچە بولدى. ئۇ ئادەم: "ئەندى سېنى خۇداغا تاپ…
شۇردۇم" - دىدى - دە، غايىپ بولدى. ھاتەم قارىسا چېدىرلار مۇ…
قىسقىسى، ھەممە نەرسىلەر غايىپ بولغان ئىدى.



ھاتەم ئازراق ئۇخلىۋالدى. بۇ كېچە ئۆتتى. سەھەر تۇرۇپ چىن يولىغا راۋان بولدى. تاغۇ - دەشتلەرنى كېزىپ بىر ۋىلايەتكە يېتىپ باردى. ئۇ كېلىپ بولغىچە دەرۋازىۋەنلەر ھاتەمنى تۇتۇپ پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ھاتەم ئەدەپ بىلەن پادىشاغا سالام بەرگەندىن كېيىن، دىدى:

—ھېچبىر ئەقلىمدا مۇساپىرلارغا ئازار بېرىلمەيدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ قانداق ھادىسە، كېلىپ بىر يۇتۇم سۇ ئىچمەستىن، يا بىر توغرام نان يېمەستىن مۇنچە ئازار - ئەلەم قىلىندۇ؟

پادىشا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ دىدى:

—ئەي يىگىت، بۇ ۋىلايەتنىڭ ئەسلى ئېتى - "ئەدلى ئاۋات" ئىدى. بۇ كۈنلەردە زۇلمەت ئاۋاتقا ئايلاندى. سەۋەۋى شۇكى، بىر ئوغۇل، سىر قىزىم بار ئىدى. قاچانلا بىر مۇساپىر بۇ شەھەرگە قەدەم تەشرىپ قىلسا، ئۇلار ئۇ مۇساپىرنى قەتل قىلماي قويمايدۇ. نەچچە زاماندىن بۇيان شۇنداق بولۇپ كەلمەكتە.

ھاتەم دىدى:

—ئۇ زالىمنى يوقاتسا بولمامدۇ؟

شاھ جاۋاپ بەردى:

—كىممۇ يوق قىلالايدۇ؟

ھاتەم ئېيتتى:

—راست، ھەر ئىش ۋاقتى سائىتىگە باغلىق...

ھاتەمنىڭ سۆزى تۈگۈمەستىنلا، خىزمەتچىلەر ئۇنى ھەيدەپ مەلىكىنىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ باردى. ھاتەم كىرىپلا سالام قىلدى. مەلىكە ھاتەمگە سەندەل قويۇپ بەردى.

ھاتەم قاراپ كۆردىكى، ئالدىدا زامانىنىڭ بىر شوخ رەنالىسى تۇراتتى... نە ئىنسان، نە پەرىلەر ئىچىدە ئۇنىڭ ھۆسنى - جامالىغا تەڭ يەنە بىرسى بولمىغاي.

مەلىكە ھاتەمگە ئىززەت - ئىكراملار بىلەن ھېساپسىز نا-
زۇ - نېمەت، سۇت، شەرۋەت، تائاملار كەلتۈرۈلدى.
كېيىن تائاملار يېيىلىپ، دوستىخان يىغىلدى.
كۈن كەچ بولدى. دەرۋازىلار بېكىتىلدى، ھەممە ئۆز جاي-
لىرىغا كەتتى، مەلىكە ئورنىدىن تۇرۇپ ھاتەمنى ناز بىلەن ئۆز
تەختىگە ئېلىپ چىقتى ۋە شوخلۇق قىلىشقا باشلىدى. يېرىم كې-
چە بولغاندا ئۇ ھاتەمگە قاراپ دېدى:
— ئەي نامەرەم، ساڭا كىم يول بەردى. سېنىڭ مېنىڭ بىلەن
بىللە ئولتۇرۇشقا نىمە ھەددىڭ بار؟
ھادەم جاۋاپ بەردى:
— مەن بىر مۇساپىر، ئۆزۈڭ كېچىدە ئېلىپ كەلمىدىڭمۇ؟
بۇ سوزنى ئاڭلاپ ئۇ بىردەم خامۇش بولۇپ قالدى، كې-
يىن يەنە ناز بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:
— سەندىن ئۈچ سوئال سورايمەن، جاۋاپ بەرسەڭ خوپ،
جاۋاپ بېرەلمىسەڭ دارغا ئاسىمەن، تەييار بول!
ھاتەم سورىدى:
— قانداق سوئاللار ئۇ؟
مەلىكە:
— بىرىنچى سوئال: ئۇ دەريائى قەترىلەردىن نىمە ئۈچۈن
جانلىق نەرسىلەر پەيدا بولىدۇ؟ - دەپ سورىدى.
ھاتەم جاۋاپ بەردى:
— ئۇ بارلىق ھاياتلىقنىڭ بېشىدۇر. ئۇ قەترە - ئابى مە-
نىدۇر. ئەر كىشى بىلەن ئايال كىشى بىر يەردە بولسا، پەرزەنت
ۋۇجۇتقا كەلگەي، ئالەمنى يارىتىپ پەرۋىش قىلغۇچى خەللا-
قى ئالەم بەزىسىنى ئەركەك، بەزىسىنى چىشى قىلىپ يارىتىدۇ.



مەلىكە:
— ئىككىنچى سوئال: ئول مىۋە قايسىدۇركى، بارلىق جان-
لىقلارغا ئۇنىڭدىن شېرىن، لەززەتلىكرەك يەنە بىر نەرسە بولمى-
غاي، - دېدى.
ھاتەم جاۋاپ بەردى:
— ئۇ مىۋە پەرزەنتتۇر. ئالەم ئەھلىگە ئۇنىڭدىن ياخشىراق،
ئىززىراق يەنە بىر نەرسە بولمىغاي.
مەلىكە:
— ئۈچىنچى سوئال: ئول تائام قايسىدۇركى، تەمى زەھەر،
ئەمما ئۇنى يېمەي بولمىغاي، - دېدى.
ھاتەم جاۋاپ بەردى:
— ئۇ تائام - ئۆلۈمدۇر، بارلىق ھاياتلىق ئۇنى يېمەي
مۇمكىن ئەمەس، ئۇنى ئادەتتە «ئەجەل شەربىتى» دەپمۇ ئاتايدۇ.
بۇ جاۋاپلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەلىكىنىڭ تېنىگە تىت-
رەك ئولاشتى. ياپراقتەك تىترەپ، تەختتىن يىقىلىپ بىخۇت
بولدى.
مەلىكىنىڭ ئايىغىدىن ئەجدەرھادەك بىر قارا يىلان پەيدا
بولدى. ئۇ ئاغزىدىن ئوتلار چېچىپ ھاتەمگە قاراپ ھۇجۇم قىل-
دى. ئۇنىڭغا ئالدىن تاقابىل تۇرۇلمىسا، زەھەر چېچىپ ھاتەم-
نى ھالاك قىلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ھاتەم ئاي پەرىنىڭ
موھۇرىنى ئېلىپ، ئاغزىغا سالدى - دە، يىلاننى تۇتىۋالدى. مە-
لىكىنىڭ ئالدىدا يۈز شىشە بار ئىدى. قارا يىلاننى بىر شىشە-
نىڭ ئىچىگە سېلىپ ئاغزىنى بېكىتتى، ئاندىن موھۇرنى سۇدا
چايقاپ، شىشىنىڭ ھەممە يېرىگە سۈرتتى. تىزىغىچە يەرنى كولاپ
شىشىنى كۆمدى، يەنە بىر قاچىغا سۇ قۇيۇپ، موھۇرنى چايقاپ

تۇپراق ئۇستىگە چاچتى. « بۇ ئەندى قىيامەت كۈنى باش كوتەرگەي » دېگەن پىكىرنى ئويلاپ كوڭلى خاتىرجەم بولۇپ ئولتۇردى.

مەلىكە ھوشىغا كېلىپ ھاتەمگە قاراپ دېدى:

— ئەي يىگانە كىشى، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟ ئۇ شۇنداق دەپلا ئۆزىنى چېدىر ئىچىگە ئالدى. ھاتەم:

— كېچىكى مۇساپىرمەن، — دېدى.

مەلىكە پەريات قىلىپ ئىنىك ئانىسى بىلەن خىزمەتچىسىنى چاقىردى. ھەممەيلەن ھازىر بولدى. ئۇلار كوردىكى: مەلىكە ھوشىغا كېلىپ، نامەرەمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يۈزىنى يېپىۋاپتۇ. ئەمما مۇساپىر كىشى بولسا سالامەت تۇرۇپتۇ.

ئۇلار دەرھال چىقىپ مەلىكىنىڭ ئاتىسىغا خەۋەر قىلدى. ئاتا - ئانا ۋە ھەممىسى كەلدى. ئۇلار مەلىكىنى ھوشىغا كەلگەن ھالدا كوردى. مۇساپىرنىڭمۇ ھايات تۇرغانلىقىنى كوردى. پادىشا ھاتەمدىن سورىدى:

— ئەي بەختىيار كىشى، بۇ سىرلاردىن بىزنى خەۋەردار قىلغىن، قانداق ۋەقە بولدى؟

ھاتەم:

— بىر جىن مەلىكىگە ئاشىق بولغان ئىكەن. شۇ سەۋەپ بىلەن يىلان سۈرىتىدە بولۇپ، ئادىمىزاتقا زىيان يەتكۈزىدىكەن. ئۇ جىننى ئاللا تائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن بەنت قىلدىم، يوقاتتىم. دېدى. شاھ ھاتەمگە دېدى:

— ئەندى مەن سېنى پەرزەنتلىككە قوبۇل قىلدىم، بۇ يۈرەك پارەمنى ساڭا بەردىم. چۈنكى ھەركىم بۇ كوز نۇرۇمنىڭ



شىپا تېپىشىنىڭ ئىلاجىنى قىلسا، ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بېرىمەن، دەپ ئەھدى قىلغان ئىدىم.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ھاتەم، — شۇ شەرت بىلەنكى، مېنىڭ بېشىمدا ياخشى - يامان ئىشلار كوپ، مەن قەيەرگە بارىدىغان بولسام، شۇ يەرگە يول قويۇلۇشى لازىم.

شاھ بۇ شەرتنى قوبۇل قىلدى. مەلىكىمۇ رازى بولدى. ياخشى سائەتتە توي قىلىپ، مەلىكىنى ھاتەمگە نىكاھلاپ بەردى.

ئەلقىسسە، ھاتەم بىلەن مەلىكە بىر - بىرلىرىدىن مۇرادلىرىنى ھاسىل قىلىشتى. كۈنلەر ئۆتتى. ھاتەم شاھ بىلەن مەلىكىدىن رۇخسەت ئېلىپ يەنە چىن يولىغا راۋان بولدى.

ھاتەم قانچە - قانچە تاغۇ - دەشتلەرنى كېزىپ، بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدى - دە، شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ تاماشا قىلدى. ئاخىرى خامچىلار مەھەللىسىنى تېپىپ، كىشىلەردىن خوجا يۈسۈپنىڭ ئۆيىنى سورىدى. ياش كىشىلەر بىلمىگەچ دەپ بېرەلمىدى. بەزى موسىپىت كىشىلەر: «بۇ مەھەللىدە خوجا يۈسۈپ دېگەن كىشى يوق، ئىلگىرى بولىدىغان. ئۇ، بۇنىڭدىن يەتمىش يىل بۇرۇن بىر چولدە قاراقچىلارنىڭ قولىدا ئولگەن، ئۇنىڭ ئوغلى بار» - دەپ ئوغلىنىڭ ئۆيىنى، بارىدىغان يولى ۋە بەلگۈلىرىنى ئېيتىپ بەردى.

ھاتەم كېلىپ، ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى. بىر موسىپىت كىشى چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى. ئۇنىڭ كورۈنۈشىدىن يۈز ياشلارغا كىرگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ، بوش ئاۋازدا سورىدى:

— يىگىت، كىمنى ئىزدەيسىز؟

ھاتەم دېدى:

— مۇساپىرمەن، بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ ئۆتەي دېۋىدىم،

— خوپ بولىدۇ، كېلىڭ، - دېدى بوۋاي ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن، - مۇساپىرلارغا ئىشىكىمىز ھەر قاچان ئوچۇق.

ھاتەم بوۋاينىڭ تەكلىۋى بىلەن مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇردى. بوۋاي تائام كەلتۈردى... ئۇ كېچە ئۆتتى. ئەتىسى ناشتىدا ھاتەم بوۋايدىن:

— ئەي، خوجام، ئېتىڭىز نىمە؟ دادىڭىزنىڭ شەرىپىچۇ؟ - دەپ سورىدى.

— ئاتامنىڭ ئېتى خوجا يۈسۈپ سودىگەر، - دېدى ئۇ كىشى جاۋاپ بېرىپ، - مېنىڭ ئېتىم خوجا دەپلا ئاتىلىدۇ.

ھاتەم:

— بىر دەشتتە ئاتىڭىزنىڭ روھىنى ئۆز ئادەملىرى بىلەن بىللە كۆردۈم، جۇمە كېچىسى ئىدى. ھەممىسى شېھىت بولۇشقان ئىكەن. خىزمەتچىلىرى سېخىلىقتىن راھەتتە ئىكەن، ئاتىڭىز خوجا يۈسۈپ ناھايىتى بېخىل كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن ئازاپتا قالغان ئىكەن. ماڭا ۋەسىيەتنامە يېزىپ بەردى. ۋەسىيىتىدە: «ئۆيۇمدە بىر خەزىنە بار. ئۇنىڭدىن ئوغلۇم-مۇ، مەنمۇ پايدىلانالمىدۇق. سىز بېرىپ، ئۇ خەزىنىنى ئېچىپ ئۈچ ھەسسىگە بۆلۈپ، بىر ھەسسىنى ئوغلۇمغا، ئىككى ھەسسىنى غېرىپ-غۇرۋالارغا خەيرى-ساخاۋەت قىلىپ بېرىڭ» - دەپتۇ. تورت ئاي بولدى. بۇ پايانسىز چۆلنى كېزىپ كەلدىم. ئەگەر شۇ ئاتىڭىزنىڭ ۋەسىيىتىگە رازى بولسىڭىز، شۇ بويىچە قىلىپ كېتەمەن، ئۇنداق قىلمىغاندا ئاتىڭىز خوجا يۈسۈپ ئازاپتا قالىدۇ. ئۇ خەزىنىدىن سىزمۇ بەھرىمەن بولالمايسىز، - دېدى،



بۇنى ئاڭلىغان خوجا زاھىدە كۆڭلىدە: «راستىمىكىن دېسەم تېخى، يالغانمىكىن دېسەم تېخى، ئۆمرۈمدە ئۆلگەنلەر ھەققىدە بۇنداق ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان ئەمەسمەن. جاۋاب بېرەي دېسەم، ۋەقە شۇنداق بولسىغۇ مەيلى، بولمىسا خالايىق ئالدىدا شەرمەندە بولۇپ قالىمادىمەن» - دەپ ئويلىدى.

بوۋاينىڭ نەپسى بايلىغىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئېلىشقا كۆنمىدى. شۇنداقتىمۇ ئىلاجىسىز رازىلىق بىلدۈردى. ھاتەم يېنىدىن بىر ئۈچۈم ئالتۇن چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى ۋە مەھەللىدىكىلەرنى غىزاغا تەكلىپ قىلىشنى ئېيتتى. مەھەللىدىكىلەر كەلدى. غىزادىن كېيىن ھاتەم كوپچىلىكتىن دۇئا ئالدى. ئاندىن خوجا زاھىدىن خەزىنە ئېچىلغاندىن كېيىن يېنىۋالماسلىق توغرىسىدا ھوججەت ئېلىۋالدى. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان خولۇم-خوشنىلار ھەيران قېلىشتى.

ئەلقىسسە، ھاتەم مەھەللىنىڭ يىگىتلىرىدىن يەتتە - سەككىزنى مەدىكارلىققا ئالدى، - دە، جامائەت بىلەن بىللە خوجا-زاھىدىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ كۆرسۈتۈپ بەرگىنى بويىچە بىر يەرنى كولاشقا بۇيرىدى. كولىۋىدى، خەزىنىنىڭ يولى ئېچىلدى. ئۇلار شۇ يول بىلەن خەزىنىنىڭ ئىچىگە كىردى، كۆردىكى، ھىساپسىز دىبى - دۇنيالار- ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت، ياقۇت - لەئەللەر كۆز چاقنىتىپ تۇراتتى...

بىر ساندۇقنى ئېچىۋىدى، بىر دەپتەر چىقتى، ئۇ خەزىنىدىكى بايلىقنىڭ تىزىملىگى ئىدى. ئۇ، دەپتەردىكى تىزىملىك بىلەن ھاتەمنىڭ قولىدىكى تىزىملىك ئوخشاش چىقتى. ئۇلار خەزىنىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىشتى ۋە ئۈچ

كه بولدى. بىر ھەسسىنى خوجا زاھىدغا بەردى. ئىككى ھەسسىنى قايتا خەزىنىگە كىرگۈزدى. ھاتەم ھەر كۈنى غېرىپ - غۇرۋالار كەلسە ئۇلارغا شۇنىڭدىن بېرەتتى. خوجا يۇسۇپ ئۈچۈن دۇئالار قىلىناتتى.

ھاتەم بۇ نەرسىلەرنى پۈتۈنلەي تارقىتىپ تۈگەتتى. بۇ ئىش داستان بولۇپ، شەھەرگە تارقىلىپ ھاتەم تېخىمۇ شۆھرەت قازاندى. كىشىلەر ھاتەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىلتىجا قىلىپ دېدى:

— ئەي بەختىيار كىشى، شەھىرىمىزدە تۇرۇپ قېلىڭ، سىزنىڭ بەركاتىڭىزدىن بىز ئۆز نەسىۋىمىزنى تاپقايمىز.

ھاتەم:

— ئەي ئاغىنىلەر، مەن يەمەنلىك مۇساپىرمەن، مېنى تەي پادىشاسىنىڭ ئوغلى ھاتەم دېيىشىدۇ. جېنىمنى، مال - مۈلكىمنى خۇدا يولىدا بەندىلەرگە ئاتىغانمەن. مېنىڭ بېشىمدا ياخشى - يامان ئىشلار كۆپ، ماڭا ئەندى ئىجازەت بەرسەڭلا، ئۆز يولۇمغا مېڭىۋالسام، - دېدى.

خوجا زاھىدى بىلەن بىر نەچچە كىشى ھاتەمگە بىر - ئىككى مەنزىل ھەمرا بولدى. كېيىن ھاتەم ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، ئۆزى يالغۇز يولغا راۋان بولدى.

يەنە ئۈچ - تۆرت ئايدا ھېلىقى گۆرۇستانلىققا يەتتى. جۈمە كېچىسى كەلدى. يەنە ئىلگىرىكىگە ئوخشاش چېدىردا چىراقلار پەيدا بولدى. ھەممە ئۆز راھەتلىرى بىلەن جاي - جايلىرىدا تۇرۇپتۇ. خوجا يۈسۈپنىڭ ماكانى بۇرۇن ئىس - تۈتەك ئىچىدە بولغان بولسا، ئەلدى ئۇنىڭ ئۈچۈن باشقىچە چېدىرلار تىكىلىپتۇ. ئۇ، بىر بوستانلىق ئىچىدە، بىر تەخت ئۈستىدە راھەتتە ئولتۇرۇپتۇ.



ھاتەم يىقىلاپ باردى. خوجا يۈسۈپ ئۇنى كۆرۈپ دەرھال تەختىدىن چۈشتى - دە، ئالدىغا كېلىپ قول - پۇتلىرىنى سۆيدى ھەم ئۆزۈنىڭچە دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر، كاتتا دۆلەت - پاراغەت تىلىدى.

— ئەي بەختىيار كىشى، دېدى ئۇ سۆيۈنۈپ، - سېنىڭ ھىممىتىڭ، مەدىتىڭ بىلەن ئاللا تائالا ماڭا بۇ دۆلەت ۋە سائادەتنى ئاتا قىلدى. ماڭا قىلغان ھەر بىر ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن، ئاللا تائالا ساڭا يۈز مىڭ ياخشىلىق ئاتا قىلغاي.

ئۇ، ھاتەمنى يېنىدا - تەختتە ئولتۇرغۇزدى. يېرىم كېچە بولدى. ئۇلار ھاتەم بىلەن خوشلىشىپ كۆزدىن غايىپ بولدى.

كېچە ئۆتتى. ھاتەم سەھەر يولغا چۈشتى. نەچچە كۈندە ئەدلە - ئاۋات ۋىلايىتىگە بېرىپ ئۆز ئۆيىگە چۈشتى. مەلىكە بىلەن شاھ غايەت خۇرسەن بولۇشتى. مەلىكە ھامىلدار ئىدى. ئاللا تائالانىڭ ھىدايىتى بىلەن بىر ئوغۇل دۇنياغا كۆز ئاچتى. پادىشا خۇشال بولۇپ، تا بىر ئايغىچە شەھەر خەلقىگە توي تاماشا قىلىپ بەردى. ئوغۇلنىڭ ئىسمىنى شاھزادە سالىم بىن ھاتەم قويدى. ئوغۇل گويا ھاتەمنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشايتتى.

ئۈچ - تۆرت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھاتەم شاھ ۋە مەلىكىدىن رۇخسەت ئېلىپ، خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى. ئۇ بىر باياۋانغا يەتكەندە ئۇسساپ كېتىپ، ئۇيان - بۇياندىن سۇ ئىزدىدى.

ئەندىكى گەپنى ھاتەمنىڭ تىلسىماتقا ئۇچرىغانلىقىدىن ئاڭلاڭلار:

ھاتەم سۇ ئىزدەپ بىر بۇلاققا يېتىپ كېلىپ كۆردىكى: بىر ئادەم ئۇ بۇلاقتىن سۇ ئېلىۋاتاتتى. ھاتەم: «مۇشۇ كىشىدىن بىر

قاچا سۇ ئېلىپ ئىچەي»- دېگەن مەقسەتتە ئۇنىڭغا يېقىنلاپ ئون
قەدەم مېڭىۋىدى، بۇلاقتىن يىلانغا ئوخشاش بىر نەرسە چىقىپ
ھېلىقى ئادەمنى يوگۈۋېلىپ بۇلاقنىڭ ئىچىگە تارتىپ ئېلىپ
كىرىپ كەتتى.

ھاتەم بۇلاقنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ھەيرانلىقتا قارىغان ئى
دى، ھېلىقى ئادەم كۆرۈنمىدى. ھاتەم: «ئۇ يىگىتنى ئۆلۈشتىن
بۇرۇن قۇتقۇزۇۋالمىسام بولماس» دەپ ئويلىدى - دە، كۆزىنى
يۇمۇپ تۇرۇپ ئۆزىنى بۇلاققا تاشلىدى. شۇڭغۇپ بۇلاقنىڭ تە
گىگە يېتىپ كۆزىنى ئاچتى. قارىسا نە بۇلاق، نە ئادەم كۆرۈن
مىدى. باشقىچە بىر بوستانلىق تۇراتتى. بوستانلىقنىڭ چەن
چېتىگە كۆز يەتمەيتتى. ھەممە يەردە سەرۋى قاتارلىق ھەر خىل
دەل - دەرەخلەر قەد كۆتەرگەن بولۇپ، ئېرىقلاردا زىلال سۇلار
شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى.

ھاتەم بۇ تىلسىم ئىچىدىن ھېلىقى ئادەمنى ئىزدەيتتى.
ئاخىر بوستانلىقنىڭ بىر تەرىپىدە بىر ئالى ئىمارەت كۆرۈندى.
ئۇ تاماشا قىلىش نىيىتى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىگە كىردى. تۆردە
بىر تەخت بولۇپ، تەخت ئۈستىدە بىر ئادەم ئۇخلاپ ئولتۇرۇپ
تۇ. ھاتەم ئۆز ئىچىدە: «بۇ ئادەمنى ئويغىتىپ، ھېلىقى يىلان
ئېلىپ كىرىپ كەتكەن كىشىنى سوراپ باقاي»- دېگەن ئوي بى
لەن بەنت بولىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئەجدىرھادەك بىر يىلان ھې
لىقى ئادەمنى ئېلىپ شۇ جايغا كىرىپ كەلدى.

ئۇ ئادەم تېخى تىرىك ئىدى. يىلان ھاتەمنى كۆرۈپ ھەم
لە قىلدى، ھاتەم دەرھال يېنىدىن ئاي پەرىنىڭ موھۇرىنى ئېلىپ،
يىلاننىڭ ئاغزىغا سېلىپ، بىلىدىن تۇتۇۋېلىپ يەرگە ئۇردى.
يىلان نالە - پەرياد قىلىپ چىقىرىۋىدى، تەختتىكى ھەيۋەت



لىك كىشى ئويغاندى ۋە ھاتەمگە قاراپ خىتاپ قىلدى:

— ئەي ئادەم، يىلاننى قويۇپ بەر!

— ئاۋۋال مېنىڭ ئىنىمنى قويۇپ بەرسۇن! - دېدى ھا-
تەم يىلاننى يەرگە يەنە بىر ئۇرۇپ.

— ئەي يىلان، - دېدى ھېلىقى ئادەم ئاگاھلاندۇرۇپ،-
ھوشيار بول، بۇ يىگىت ئاغزىڭغا كىرمىگەي. ئەگەر ئاغزىڭغا
كىرسە بۇ تىلسىمات بۇزۇلىدۇ.

ھاتەم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، يىلاننىڭ ئىككى كالپۇكىدىن
چىڭ تۇتۇپ، بىر كۈچ بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچتى ۋە كۆزىنى
يۇمۇپ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ھاتەم يىلاننىڭ ئىچىگە كىرىپ
بولۇپ، كۆزىنى ئېچىپ قاراپ، بىر چوڭ گۈمبەزنى كۆردى. ھا-
تەمنىڭ قۇلىقىغا: «كۆزۈڭگە ھەر قانداق نەرسە كۆرۈنسە، ئۇنى
ئىككى پارچە قىلىۋەت، بولمىسا بۇ تىلسىماتتىن قۇتۇلالماي-
سەن»- دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى.

ھاتەمنىڭ ئالدىغا ئوكوزگە ئوخشاش بىر ھايۋان كەلدى.
ھاتەم ئۇنى پارە - پارە قىلىپ تاشلىدى. ئاندىن ھەر خىل ئا-
ۋازلار پەيدا بولۇپ ئەتراپنى سۇ بېسىپ كەتتى. ھاتەم سۇغا
غەرق بولۇپ كەتتى، كېيىن قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇنى سۇ ئاس-
تىغا تارتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇنىڭ پۇتى بېرىپ يەرگە
تەگدى. ھاتەم كۆزىنى ئېچىپ كۆردىكى، ئالدىدا تىرىك ۋە ئو-
لۈك ئادەملەر بىلەن تولغان پايانسىز بىر چول - باياۋان سو-
زۇلۇپ ياتاتتى. ھاتەم بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ سورىدى:

— ئەي ئادەم، ئەھۋالىڭ قانداق؟

— يىلان مېنى بۇلاق لېۋىدە تۇتۇۋالغان ئىدى، كېيىن
نىمە ئۈچۈندۇر شۇ زامان مېنى تاشلاپ كەتتى، خۇداغا شۈكرى.

ساق قالدىم، - دېدى ئۇ ئادەم ھاۋاپ بېرىپ.

ھاتەم بارلىق ئادەملەرگە قاراپ:

- ئەي خالايىق، ئەندى بىلىڭلاركى، تىلىسىمات بالاسىدىن قۇتۇلدۇڭلار، خاتىرجەم بولۇڭلار، - دېدى ۋە ئۇ كىشىلەرنى قويۇپ بېرىپ، تەنھا ئۆزى يولغا راۋان بولدى.

ئەندى ھاتەمنىڭ ئوغرىغا ئۇچرىغانلىغى ھەققىدە سۆز ئاڭلايلى:

ھاتەم بىر قانچە كېچە - كۈندۈز يول يۈردى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە يول ئۈستىدە بىر قېرى ئايال ھاتەمگە قاراپ يىلىنىپ دۇئا قىلدى. ھاتەم ئۇ ئايالغا خۇدا يولىدا ھىممەت باھالىق بىر ئۈزۈك بەردى. ئايال قاتتىق بىر ۋاقىرىدى، تەرەپ - تەرەپتىن يەتتە - سەككىز كىشى پەيدا بولدى. ئۇلار ئايالنىڭ ئىشارىتى بىلەن ھاتەمنى بېسىپ، يالىڭاچلاپ، قول - پۇتلىرىنى باغلاپ، ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇپ، سۇسىز قۇدۇققا تاشلىۋېتىپ كېتىشتى. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ھاتەم ھوشىغا كېلىپ ئۆزىنى قۇدۇقنىڭ تېگىدە كوردى. لېكىن كۇلاسى بېشىدا تۇرۇپتۇ. خۇداغا شۈكرى قىلىپ، كۇلاسىدىن ئاي پەرىنىڭ موھۇرىنى ئېلىپ ئاغزىغا سېلىپ تۈپرۈكى بىلەن يارىلىرىغا سۈرتتى. ئالاھىزەل ئۈچ - تۆرت سائەتتەك ۋاقىتلاردىن كېيىن زەخمىلىرى سەللىمازا ساقايدى. ئاندىن ئاي پەرىنىڭ موھۇرىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقتىن قۇتۇلۇپ كوزى ئۇيقىغا كەتتى. چۈشىدە ئىككى ئېزىز كىشى ئۇچراپ:

- ئەي ھاتەم، غەم يېمىگىن، بۇ يەردە سېنىڭ نامىڭغا تىلىسىم قىلىنغان خەزىنە بار. ئۇنى ئېلىپ ئېھسان قىلغىن،



ئىككى ئادەم كېلىپ، سېنى قۇدۇقتىن تارتىۋالدۇ، - دېدى-دە، غايىپ بولدى.

ھاتەم ئويغىنىپ، ئورنىدىن تۇرۇشىغا، قۇدۇق بېشىدا ئىككى ئادەم پەيدا بولدى ۋە قۇدۇق ئىچىگە ئارغامچا تاشلىدى.

- ئەي خۇدانىڭ بەندىسى، - دېدى ئۇلار ھاتەمگە، - تىرىك بولساڭ بۇ ئارغامچىغا ئېسىلىپ بۇ ياققا چىققىن.

ھاتەم خۇشال بولۇپ ئارغامچىنى مەھكەم تۇتتى، ئۇلار ھاتەمنى تارتىۋالدى، ئۆزلىرى بولسا قۇدۇققا چۈشۈپ، تىلىسىم قىلىنغان خەزىنىلەرنى ئېلىپ چىقىپ ھاتەمگە دۆۋىلەپ بەردى-دە، ئەگىدۇر غايىپ بولدى. ئۇ نەرسىلەر گويا بىر خامان بولدى.

ھاتەم ئاخىرى ھېلىقى ئوغرىلارنى ئىزدەپ تاپتى ۋە ئۇلارغا:

- ئەي ياش يىگىتلەر، قىلىۋاتقان يامان ئىشىڭلارغا تەۋبە قىلىپ، ھېچ كىشىگە ئازار بەرمىسەڭلا، بىر ئومۇر يېتىپ ئېشىپ قالغىدەك دۇنيا بېرىمەن، - دېدى.

ئوغرىلار تەۋبە قىلىپ ۋەدە بەردى. ھاتەم ئۇلارنى قۇدۇق بېشىغا باشلاپ كېلىپ خەزىنىلەرنىڭ ھەممىسىنى بېرىۋەتتى ھەم:

- شۇنچە مال - دۇنياغا ئىگە بولۇپ تۇرۇپ، يەنە بىرەر كىشىگە ئازار بەرسەڭلا، قالغىنىنى خۇدادىن كۆرۈسىلەر، خەير، ۋەدىگە ۋاپا قىلغايسىلەر...، - دەپ جىكىلىدى.

ھاتەم ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ يەنە ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

بىر قانچە كۈنلەردىن كېيىن ھاتەم سارايغا - نەئمىنىڭ ھوجرىسىغا كەلدى. خوجا ھارس ئۇنىڭغا زىياپەت بەردى. ھاتەم زىياپەتتىن كېيىن مەلىكە ئىشكىنىڭ كەينىگە كەلدى. ھاتەم

بېشىدىن كوچۈرگەن ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەرلى، ئۇزىنىڭ
قىلغان - ئەتكەنلىرىنى مەلىكىگە بىر - بىرلەپ ئىزهار قىلدى،
مەلىكە ئۇنىڭغا تەھسىن - ئاپىرىنلار ئېيتتى ۋە :
— ئىككى شەرت ئورۇنلاندى . ئەندى ئۈچىنچى سوئال
شاھ پەرىنىڭ مۇھۇرى ، - دېدى .
ھاتەم مەلىكىنىڭ ئالدىدىن چىقىپ، ئۇز ھوجرىسىغا كىرىپ
بۇ كېچىنى ئۆتكۈزدى . ئۇ يەنە يولغا راۋان بولدى .
ھاتەم بىر مەنزىل يول يۈرگەندىن كېيىن بىر يەردە ئول
تۇرۇپ خىيال سۈردى :
« قايا قايا بارارمەن ، بۇ مۈشكۈل ئىشنىڭ تۈگۈنىنى قە
يەردە يېشەرمەن ... » ئۇ ئويلا - ئويلا پىكرى ھېلىقى دىۋىلەر
پادىشاسى ئالدىغا بېرىپ مەسلىھەت سورىماقچى قارار تاپتى .
ئۇ ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ، تەۋەككۇل قىلىپ ھېلىقى
غارنى نىشانلاپ ماڭدى .
غار يوللىرى بىلەن دىۋە ماكانلىرىنى سەيلە قىلىپ، تونۇش
دىۋىلەر بىلەن ئۇچرۇشۇپ، مۇڭدۇشۇپ سەرمىكانىڭ ئوردىسىغا يېتىپ
كەلدى . سەرمىكا ھاتەمنى كورۇپ شاتلاندى . بىر كېچە مېھمان
قىلىپ ، ئەتىسى پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى .
ھاتەمنى كورۇپ پادىشامۇ خۇرسەن بولدى ۋە كېلىشىنىڭ
سەۋەبىنى سورىدى .
ھاتەم شاھ پەرىنىڭ موھۇرىنى قولغا كەلتۇرۇش نىيىتىدە
يولغا چىققانلىغىنى ئېيتتى .
— ئەي ھاتەم ، - دېدى بۇنى ئاڭلىغان شاھ ھەيرانلىق
ھىس قىلىپ ، - بۇ نىيەتتىن كەچسىگىز ياخشى بولاتتى . دۇنيادا
ياخشى ئىشلار كوپتۇر ، شۇ ئىشلارنى قىلسىگىزمۇ بولاتتىغۇ ؟



ھاتەم چۈشەندۈردى :
— ئەي شاھ ، ھازىرغا قەدەر ھېچبىر ئىشنى مۈشكۈل دەپ
قاراپ يولىمدىن قايتمىدىم ، ھېلىمۇ بۇ نىيىتىمدىن يانمايمەن .
— ئىرادىڭىزگە ئاپىرىن ، - دېدى قارىقاش شاھ . - شاھ
پەرىنىڭ ئوردىسى كويىقاپقا تەئەللۇق بىر يەردە . ئۇ يەرگە بار-
غىلى بولمايدۇ . بارغىلى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ قولىدىن
موھۇرنى ئالغىلى بولمايدۇ .
قارا قاش شاھ كۈچلۈك دىۋىلەردىن بەشىنى چاقىرىپ ،
ھاتەمنى تەخترىۋانغا سېلىپ كوتىرىپ ، ئۇ پەرىنىڭ
ئوردىسىغا يەتكۈزۈپ قويۇشقا بۇيرىدى ۋە تاپىلىدىكى . تاكى
ھاتەمدىن خەۋەر ئالغىچە شۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭلار !
دىۋىلەر ھاتەمنى تەخترىۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ كوتىرىپ
ئۇزاق ئوتمەي شاھ پەرىنىڭ ئوردىسىغا يېقىن بىر يەرگە ئېلىپ
كەلدى ۋە :
— بىز ئەندى مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرىمىز ، بۇنىڭدىن
يېقىن بېرىشقا ئامالىمىز يوق ... - دېيىشتى .
ھاتەم دىۋىلەر بىلەن خوشلۇشۇپ يولغا چۈشتى، بىر نەچچە
كۈن دەشتۇ - سەھرالارنى كېزىپ . بىر چوڭ تاققا يەتتى ، ئۇ
تاغنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغۇزۇلغان پەرىلەر سەپ - سەپ بولۇپ سەيلە
قىلىپ يۈرۈشۈپتۇ . ئۇلار ھاتەمنى كورۇپ ئالدىغا ئېلىشتى،
ئەھۋال سوراشتى ، كوتىرىپ تاغ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىشتى .
— بۇ يەرگە يالغۇز قانداق كەلدىڭ؟-دەپ سورايتتى ئۇلار .
ھاتەم جىم تۇرۇۋېلىپ ، زۇۋان سۈرمەيتتى . بۇنىڭدىن
پەرىلەر غەزەپلەندى- دە، ئوت يېقىپ، ھاتەمنى ئوتقا تاشلىدى .

ئۇزلىرىچە : " بۇ ئىنسان ئەندى كويۇپ تۈگەشتى " دەپ ئويلاپ
شۇپ ماكانلىرىغا قايتىشتى .
ھاتەم ئاي پەرىنىڭ موھۇرىنى ئاغزىغا سېلىپ، ئىس-
ئىچىدە ئاللانى ياد ئېتىپ ئولتۇردى. پەرىلەر كەتكەندىن كېيىن
ئوت ئىچىدىن چىقتى . ئاللاغا شۇكرانىلار ئېيتىپ يەنە يولغا
راۋان بولدى .
ئالدىراپ كېتىۋاتقاندا يەنە بىر توپ پەرىلەر ئۇچرىدى،
ئۇلارمۇ ھاتەمنى تۇتۇۋېلىپ ئوتقا تاشلىدى. ھاتەم ئۇ ئوتتىن
ساق - سالامەت قۇتۇلۇپ چىقتى . يەنە بىر توپ پەرىلەر ئۇچ-
رىدى . ئۇلار ھاتەمنى كوتىرىپ دەريائى قۇلزەمگە تاشلىۋەت-
تى . ھاتەم سۇغا چوكمەي ھامان ئۇنى لەھەڭ يۇتىۋەتتى .
ھاتەم بىر ئاز ھوشىغا كېلىپ ، ئۇزىنى لەھەڭنىڭ قارنىدا
كوردى . كۈچلۈك بىر ھەركەت قىلىپ ، لەھەڭنىڭ ئىچكى ئەزا-
لىرىنى پارچە - پارچە قىلىپ تاشلىدى . لەھەڭ ئاغرىققا بەر-
داشلىق بېرەلمەي دەريانىڭ لېۋىگە كېلىپ ، بېشىنى چىقىرىپ
تۇرۇپ ، ھاتەمنى قۇرۇغلۇققا پۈركىۋەتتى .
ھاتەم قايتا ھوشىغا كېلىپ، قاياققا بېرىشىنى ئويلاپ ئول-
تۇراتتى . دەريائى قۇلزەمنىڭ گۈزەتچى پەرىلىرى كېلىپ
قالدى ، ھاتەم پەرىلەر رەسمىدە سالام بەردى . ھاتەمنىڭ
سالامى ئۇلارغا يېقىپ قالدى ۋە مۇلايىم جاۋاپ قايتۇرۇشتى،
ئۇلار ھاتەمگە ھەر خىل تائاملارنى كەلتۈردى .
ئۇلار ھاتەمنى ئۆز مەنزىللىرىگە ئېلىپ باردى . بەزى
پەرىلەر ھاتەمنى ئولتۇرۇۋەتمەكچى بولۇشتى ، يەنە بەزىلىرى
قويۇپ بەرمەكچى بولۇشتى . پەرىلەرنىڭ باشلىقى :



— قويۇپ بېرىشكىمۇ بولمايدۇ ، ئولتۇرۇشكىمۇ بولمايدۇ .
ياخشىسى شۇكى ، شاھ پەرىگە خەۋەر قىلايلى، شاھ پەرىنىڭ
بولىيۇرۇغىغا قاراپ ئىش تۇتقايمىز ، - دېدى .
ئۇلار بىر نامە يېزىپ ، ئەلچىدىن شاھ پەرىگە ئەۋەتتى،
كاتىپ نامەنى ئېچىپ ئوقىدى :
" شاھىمىزنىڭ ئومۇرلىرى ئۇزۇن، دولەتلىرى زىيادە بول-
غايكى ، بىز قۇلزەم گۈزەتچىلىرىمىز ، بىر ئادەمزات قولىمىزغا
چۈشتى . ناھايىتى دەنا ، بىلىملىك كورۇنىدۇ. ھەركەتلىرى ،
خۇي - پەيلى، سىرتقى كورۇنىشى بىر پادىشاھزادىغا ئوخشايدۇ.
بۇ ھەقتە جاناپلىرىنىڭ ئەمرىگە ئىنتىزارمىز ."
شاھ پەرى دەرھال بىر نامە يېزىپ ئەلچىگە بەردى ۋە :
— دەرھال مۇشۇ نامەنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئىش قىلىن-
سۇن ! - دېدى .
ئەلچى خەتنى ئېلىپ كەلدى ، ئۇلار خەتنى ئېچىپ ، ئال-
دىراپ ئوقۇشتى. خەتتە: " قولغا چۈشكەن كىشىنى تېزدىن بۇ
يەرگە كەلتۈرۈڭلار"- دەپ يېزىلغان ئىدى .
قۇلزەم گۈزەتچى پەرىلىرى ھاتەمنى كوتىرىپ ، ئەسكەر-
لىرىنىڭ ھەمرالىقىدا پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ ماڭدى .
ئەندى يولدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئاڭلاڭلار .
ئۇلار ماڭغان يولدا شاھ پەرىنىڭ بىر ۋالىسىنىڭ لەش-
كەرلىرى بولۇپ ، بۇ ۋالىنىڭ ئىسمى مۇنىشا پەرى ئىدى .
ئۇنىڭ ھوسنە ئاي پەرى دېگەن بىر قىزى بولۇپ، شاھ پەرىنىڭ
تەۋەسىدە ئۇنىڭدىن گۈزەلرەك پەرىزات يوق ئىدى .
ھوسنە ئاي پەرى " دەريائى قۇلزەم گۈزەتچىلىرىنىڭ قو-
لىغا بىر ئادەمزات چۈشۈپتۇ . شاھ ئالدىغا ئېلىپ بارارمىش "

دەپ ئاڭلىدى . ئۇ ھاتەمنى دەريائى قۇلزەمگە تاشلىغانلىقىنى كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئۇنىڭغا غايىۋانە ئاشىق - بىقارار بولۇپ قالغان ئىدى . شۇڭا ئۇ، ئاتا - ئانىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ ئۆز بېغىدىكى قەسرىنى بەزمە - تاماشا ئۈچۈن تەييارلاپ ئۆزى ياسىنىپ ، جابدۇنۇپ ئولتۇردى . بەش - ئالتە پەرىنى ئۇ ئادىمزاتنى دەريائى قۇلزەم گۆزەتچىلىرىدىن يوشۇرۇن ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى .

بۇ ئەۋەتىلگەن بەش - ئالتە پەرى يولغا چىقىپ دەريائى قۇلزەم گۆزەتچىلىرى چۈشكەن جايغا يېتىپ كەلدى ، قارىسا ئۇلار قاتتىق ئۇخلاپ قاپتۇ . ئۇلار ھاتەمنى تۇيدۇرماستىن تەختىراۋانغا سېلىپ كۆتىرىپ ئېلىپ قاچتى .

ئۇلار شۇ ئۇچقاندىلىرىچە ھاتەمنى مەلىكە ھوسنەپەرىنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كەلدى . ھاتەم كۆزلىرىنى ئېچىپ قارىسا قەسىرلەر خۇددى بىر تويغا راسلانغاندەك بېزىتىلگەن ئىدى. تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان مەلىكە ھوسنە پەرى ھاتەمنى كۆرۈش بىلەن ئۆزىنى ئېتىۋەتكىلى تاسلا قالدى . ھاتەم دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ، پەرىلەر ئادىتى بويىچە سالام قىلدى . ھوسنە پەرى جاۋاپ سالامنى بەردى ۋە ھاتەمنى، ئۆزى ئولتۇرۇۋاتقان ئېسىل توشەكلەر ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدى .

— قايىقتىن كېلىشىڭىز ؟ - دەپ سورىدى ئۇ يېقىملىق ئاھاڭدا ، - نەگە بارماقچىسىز ؟ ئىسمىڭىز نىمە ؟ نىمە مەقسەت بىلەن بۇ سەپەرگە ئاتلاندىڭىز ؟

— كەمىنە مۇساپىرمەن . يەمەن شەھرىدىن بولىمەن، دىدى ھاتەم كەمتەرلىك بىلەن جاۋاپ بېرىپ ، - مېنى تەي ئوغلى ھاتەم دەيدۇ . دادام يەمەننىڭ پادىشاسى ، جېنىمنى



خۇدا يولىدا بەندىلەرنىڭ مۇھتاجلىقى ئۈچۈن بېغىشلىغانمەن...

ئۇ، ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپ بەردى.

ھاتەمنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغان ھوسنە ئاي پەرىنىڭ ئىشقى ئوتى قايتىدىن ئۇلغايدى . شېرىن سۆز ۋە نازلار بىلەن كېچە - كۈندۈز زىياپەت قىلىپ، كۆڭۈل ئاچتى. ھاتەممۇ ئۇنىڭغا ئىختىيارسىزلا رام بولۇپ قالدى .

ئەندىكى گەپنى گۆزەتچىلەردىن ئاڭلايلى .

گۆزەتچىلەر ئويغۇنۇپ قارىسا ، ھاتەم يوق. ئۇلار ھەيران بولۇپ ، ئالاقزادە بولۇشۇپ ، ھەر تەرەپنى ئاختۇرۇشتى. لېكىن دېرىكىنى ئالالمىدى .

ئاردىن بىر ئاي ئۆتتى ...

شاھ، قۇلزەم گۆزەتچىلىرىنىڭ قولغا چۈشكەن ئادىمزاتنى ئېلىپ كېلىشمىگىنىگە ھەر خىل ئوبلاردا بولدى. ئاخىرى بىر نەچچە پەرىلەرنى چاقىرىپ ، گۆزەتچىلەر ئەھۋالىنى بىلىپ كې- لىشكە ئەۋەتتى . بۇ پەرىلەر گۆزەتچىلەر قېشىغا كەلدى. ئۇلارمۇ سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشۈپتۇ .

كەلگەن ياساۋۇل پەرىلەر سورىدى :

— نىمىشقا پادىشانىڭ ئەمرىنى ئورۇندىمايسىلەر ؟

— ئىلاجىمىز يوق ، - دىدى گۆزەتچىلەر ۋە قونغان كېچە- سى يۈز بەرگەن ئەھۋالنى ۋە شۇندىن بېرى كۆپ ئىزدەپ ئۇ ئادىمزاتنى تاپالماي يۈرۈشكەنلىكلىرىنى ئىزھار قىلىشتى.

گۆزەتچى ۋە ياساۋۇللار پادىشانىڭ دەرگاھىغا كېلىپ، ھاتەمنىڭ بىر كېچىدىلا يوقالغانلىغىنى خەۋەر قىلدى. پادىشا بىلەن ئوردىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ خەۋەردىن ھەيران قېلىشتى.

گۈزەتچىلەردىن بىرى ھوسنە ئاي پەرىنى ئويلاپ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ كوزى ھوسنە ئاي پەرىنىڭ چۈشتى- دە، ھاتەمنى كورۈپ قالدى . ئۇ ئاستا بىرىي نى باشلىقىغا ئېيتتى ، باشلىقى شاھقا خەۋەر قىلدى. دەرغەزەپ بولۇپ مۇنشاغا توۋلىدى :

— ئەي لەقۋا- قاپاقباش ! ئادەم بىلەن قىزىڭنى دە قويۇپ ، نىمشكە بىزنى سەرسان قىلىسەن؟ مەقسىدىڭ مۇنشا ھەر نىمىلەرنى دەپ باقتى ، لېكىن ئوزىنى لىيالمىدى . غەزەپى تاشقان پادىشا ياساۋۇللىرىغا بۇيرۇپ ھوسنە ئاي پەرى بىلەن ھاتەمنى ئالدۇرۇپ كەلدى ۋە مۇنشا بىلەن قوشۇپ شاھ پەرىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى .

شاھ ھاتەمنى كورۈپ خۇشاللىقىدىن تېرىسىگە سىغماي قالدى. ھاتەم شاھ پەرىگە ئەدەپ بىلەن تازىم بىجا كەلتۈرۈپ سالام بەردى . ھاتەم شاھنىڭ كوڭلىگە ياقتى. " ھوسنە ئاينىڭ ئاشىق - شەيدا بولىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكەن، ئەجەب يىگىتكەن بۇ " دەپ ئويلىدى - دە، ئۇلارنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلدى . شاھ پەرى ھاتەمگە سەندەل قويدۇرۇپ بەردى ۋە خىل نازۇ - نېمەتلەر بىلەن مېھمان قىلغاندىن كېيىن :

— ئەي يىگىت ، قەيەردىن كەلدىڭىز ، نەگە بارىسىز، مۇنداق يەككە - يىگانە سەپەر قىلىشىڭىزدىكى سەۋەپ نىمە؟ دەپ سورىدى .

— شاھ پەرى، -دىدى ھاتەم ھورمەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ،

— كەمىنە يەمەن شەھرىدىن بولىمەن ، ئېتىم ھاتەم، پادىشا تەيىنىڭ ئوغلى، خۇدانىڭ يولىدا بەندىلەرنىڭ مۇھتاجلىقى ئۈچۈن جېنىمنى پىدا قىلغانمەن .



ئۇ ، پادىشانىڭ تەلىۋى بىلەن بېشىدىن ئوتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىرمۇ - بىر سوزلەپ بەردى. ئۇنىڭ سوزلىرى شاھ پەرىنىڭ كوڭلىگە بەكمۇ ياقتى. ھاتەم كېپىنى تۈگۈتۈپ قوشۇپ قويدى.

- قاراقاش شاھ دىگەن دىۋىدىن ئالىلىرىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىك سۈپەتلىرىنى ئاڭلىغان ئىدىم. كوپ مۇشەققەتلەرتارتقان بولساممۇ ، ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى ، ھەر ھالدا بىر كورۈشكە ئىنتىزار بولغان ھوسنى - جامالىرىغا مۇشەررەپ بولدۇم، شۇ تاپتا ئوزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھىس قىلماقتىمەن .

شاھ پەرىگە بۇ كېيىنكى سوز تېخىمۇ ياراپ كەتتى . ئۇمۇ ھاتەمنىڭ مەرتلىك ، سېخىلىق ، دەنالىق سۈپەتلىرىنى كوپ ئاڭلىغان ئىدى . شۇڭا ئۇ ھاباجانلىنىپ ، يۈرەكلىرى سۈيۈنگەندىن قېنىغا سىغماي قالدى- دە، ئىختىيارسىز ھالدا تەختتىن چۈشۈپ ، ھاتەمنى باغرىغا چىڭ بېسىپ ، پېشانىسىگە سۈيۈپ قويدى . ئۇ ھاتەمنىڭ بۇ يەرگە ئوزلىگىدىن كېلىشىدىن چوڭقۇر پەخىرلەندى. ھەددىدىن ئارتۇق ھورمەت - ئېھتىراملار بىلدۇردى. نەچچە كۈنلەرگىچە قانماي سوھبەتلەشتى .

ئۇ بىر كۈنى ھاتەمدىن سورىدى :

- سىلەرنىڭ يەمەن تەرەپتە مەشھۇر ھوكۈما - تېۋىپلار بارمۇ ؟ كىشى ئەۋەتىپ ئەككەلدۈرسەم .

ھاتەم :

- ھوكۈما - تېۋىپلار كىمگە لازىم بولۇپ قالدى ؟ - دەپ سورىدى .

- بىر ئوغلۇم بار ئىدى ، - دىدى شاھ پەرى، - ئۇ كوزۈمنىڭ نۇرى ئىدى . ئۇزۈندىن بۇيان كوزى ئاغرىق ، ھېچبىر

ھوكۇما ، تېۋىپلارمۇ ساقايتالمىدى .

— بۇ ئىلىمدىن پەقىرنىڭ خەۋىرى بار ، — دىدى ۋاز[ىر] كەمتەرلىك بىلەن ، — شاھزادىنىڭ كوزىنى بىر كورسەم، ئاند[ىن] ئەملاجىنى قىلسام ...

شاھ پەرى ھاتەمنى ئوغلىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىرد[ى]. ھاتەم شاھزادىنىڭ كوزلىرىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن [بىر] قاچىدا سۇ ئەكەلدۈرۈپ ، ئاي پەرىنىڭ موھۇرىنى ئۈچ قېت[ىم] چايقاپ، بىر رومالنى شۇ سۇدا ھول قىلىپ، شاھزادىنىڭ كوز[ى]نى تېڭىپ قويدى .

بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن شاھزادە ئويغاندى. كوزىنىڭ ئاغرىقى پەسەيدى. ئۇ ، ئويغانغاندىن كېيىن كوزىنىڭ ساقىي[ىپ] قالغىنىنى كورۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى . شاھ پەرى تېخ[ىمۇ] خوش بولۇپ كەتتى .

— شاھزادىنىڭ كوزى ساقايدى ، — دىدى پادىشا ھاتەم[گە] مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ، — لېكىن نۇرى كەم ، كورۈش قۇۋۋ[ى]تى ئاجىز ، بۇنىڭ ئامالىنى قىلسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولات[تى].

— ئەي پادىشا ، — دىدى ھاتەم — زۇلمەت ئىچىدە ھايات بۇ[ل]لىغىدىن سۇ ئىچكەن بىر دەرەخ بار ، ئۇنى « شەمشاد نۇررىز » دەيدۇ . ئۇنىڭ تېنىدىن دائىم سۈتتەك ئاق سۈزۈك سۇ تەم[چ]تۇرىدۇ. ئەگەر شۇ نۇررىز دەرىخىنىڭ سۈيىدىن ئىككى تامچە بول[ى]سا ، شاھزادە كوزىنىڭ رۇشەنلىگى ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەس[سە] زىيادە بولغان بولاتتى .

بۇ خەۋەر ھەممەيلەننىڭ كوڭلىنى ئۆزىگە تارتتى ، لېكى[ن] ئۇنى تېپىپ كېلىش بەكمۇ مۇشكۇل، خەتەرلىك ئىش ئىدى. چۈن[-]



كى بىر جاھانە قاۋان دىۋىلەر ھېمىشە ئۇ دەرەخنى قوغدايتتى.

پادىشا تۇرغانلارغا قاراپ :

— كىمدە كىم بۇ خىزمەتنى بىجا كەلتۈرسە ، پادىشالىقتا ھازىر بولغۇسى ھەر نىمەرسە بولسا بىرگە بولغاي .

ھېچ كىشى ئۈن چىقارمىدى ، خىجىللىقتىن باشلار تۆۋەن چۈشۈشتى، پەقەت ھوسنە ئاي پەرىلا ئۆزىنى مەلۇم قىلدى:

— بۇ خىزمەتنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي ، — دىدى ئورنىدىن تۇرۇپ ، — ئىنشائاللا شاھنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىغايمەن .

ئۇ ، پادىشا ۋە تۇرغانلاردىن دۇئا ئېلىپ خوشلاشتى، ئۆز تەۋەلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ زۇلمەت يولىغا قاراپ راۋان بولدى.

ئۇلار قۇش بولۇپ ، ئۇچا - ئۇچا ئاخىرى مەنزىلگە يې-قىنلاشتى . باشقا پەرىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇچۇشتىن قالدى. ھوسنە ئاي پەرى ئۇچۇپ- ئۇچۇپ ھاياتلىق بۇلىقىغا قەدەم قويدى. بۇ چاغدا بۇلاققا گۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان دىۋىلەر قاتتىق ئۇي-قىدا ياتقان ئىدى .

ھوسنە ئاي پەرى ئىزدەپ يۈرۈپ نۇررىز دەرىخىنى تاپتى. شەربەتتىن بىر شىشە ئېلىپ ئاغزىنى مەھكەم ياپتى، شۇ ھالدا دىۋىلەردىن بىرى ئويغىنىپ قالدى ۋە يات بىر پەرىنىڭ تۇر-غانلىقىنى كوردى ، نەرە تارتىپ ھوسنە ئاي پەرىگە ھۇجۇم قىل-دى . ئۇنىڭ نەرە ئاۋازى باشقا دىۋىلەرنىمۇ ئويغۇتىۋەتتى. ھەم-مىسى تۇشمۇ - تۇشتىن ھەملە قىلىشتى. لېكىن ھوسنە ئاي پە-رى « ئاللاھۇ ئەكبەر » دىدى- دە، بارلىق كۈچىنى يىغىپ شۇن-داق تېز ئۇچتىكى دىۋىلەر يېتىشەلمەي ھالىڭ تالىقتا ھەسرەتكە يەم بولۇپ قېلىشتى .

ھوسنە ئاي پەرى بىر مەھەل ئۇچقاندىن كېيىن بىر ياپ-

يېشىل ھاۋالىق يەرگە چۈشۈپ ئازراق ھاردۇق ئېلىۋالدى. ئاز
دىن يەنە پەرۋاز قىلدى ، بۇ چاغدا شاھ پەرى دەرگاھىغا ئۇ
قويۇپ ، شىشىنى ھەدىيە قىلدى . شاھنىڭ خۇشاللىقى ئۇ
بېشى كوككە تاقاشقاندەك بولدى ۋە دەرھال پەرنى ئۈزگە
قىلدى. ھوسنە ئاي پەرنى بولسا خاسلار قاتارىغا قوشتى.
ھاتەم دەرھال شىشىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ، بىر قاچى
ئىككى قەترە تامدۇرۇپ ، ئاي پەرىنىڭ موھۇرىنى ئۈزۈنكىغا چ
لاپ سىلىدى ، ئاندىن كېيىن ئۇنى شاھزادىنىڭ كوزىگە سۈر
قىلىپ تارتىپ تېڭىپ قويدى . ئارىدىن ئىككى سائەتچە ۋاقىت
ئۆتكەندىن كېيىن ئېچىۋىدى، شاھزادىنىڭ كوزى ئەسلىدىكىدەك
نەچچە ھەسسە رۇشەن كورىدىغان بولدى.

شاھزادە ناھايىتى خۇشال بولۇپ ، ھاتەمنىڭ ئايىغى
ئۈزىنى تاشلىدى . ھاتەم ئۇنى قۇچىغىغا ئېلىپ يۈزلىرىگە س
يۇپ قويدى . بۇ يەردە ھازىر بولغانلارنىڭ ھەممىسى شاھزاد
نى مۇبارەكلەشتى . شاھزادە ۋە شاھ پەرلەر ھاتەمگە تۈرلۈك
لىغان ئالتۇن ، كومۇش ، ئۈنچە - مارجان ، مەرۋايىت ، با
قۇتلارنى ئىنئام قىلدى.

— ئەي پادىشا ، دىدى ھاتەم،— ماڭا دۇنيا كېرەك ئەمەس
ئەگەر كەمىنە قۇللىرىنى خۇشال بولسۇن دىسىلە قۇللىرىدىن
ئۈزۈكنى ئاتا قىلسىلا ئىكەن .

— ئەي ھاتەم، - دىدى شاھ پەرى ، - سىزگە بۇنىڭدىن
ئوپ ئىككى ئاشىق نەئىم بىلەن خوجا ھارىسنىڭ قىزى بىر-بىر
لىرى بىلەن تېپىشقاندىن كېيىن پەرىلەرگە ئەمىر قىلدۇرۇپ
ئەپكەلدۇرۇمەن .



ئۇ قولىدىكى ئۈزۈكنى چىقىرىپ ھاتەمنىڭ قولىغا سېلىپ
قويدى . بۇ شۇنداق ئۈزۈك ئىدىكى ، ئۇنىڭ خاسىيىتىدىن ھەر
قانداق يوشۇرۇن خەزىنىلەر ، تۈرلۈك جاۋاھىراتلار قەيەردە بول-
سا بىلىۋالغىلى بولاتتى .

ھاتەم شاھ پەرىدىن ئىجازەت سورىدى . شاھ بىر نەچچەۋا-
قىت تۇرۇشنى سوراپ چىڭ تۇرغان بولسىمۇ ، ئاخىرى قايتىشقا رۇخ-
سەت بەردى ۋە ھاتەمگە ئىنئام قىلغان نەرسىلەرنى پەرىلەرگە
كوتەرگۈزۈپ ماڭدۇردى . ئوغلى بىلەن ئوزىمۇ خېلى يېراقلار-
غىچە ئۈزۈتۈپ باردى.

ھاتەم شاھ پەرى بىلەن خوشلۇشۇپ ، شاھ پەرى قوشقان
پەرىلەرنىڭ ھىمايىسىدا يولغا راۋان بولدى. ئۇزاق يوللارنى
بېسىپ ھوسنە ئاي پەرىنىڭ بېغىغا يېتىپ كەلدى . ھوسنە ئاي
پەرىمۇ ئىنتايىن ئىللىق كوتىۋالدى . ھاتەم بىر ھەپتىدىن كې-
يىن ھوسنە ئاي پەرى بىلەن ۋىدالىشىپ يەنە ئوز يولىغا راۋان
بولدى ۋە چاقماق تېزلىگىدە ئارىقاش شاھ تەۋەسىگە يېتىپ
كەلدى . ھاتەمگە ھىمايىچى بولۇپ كەلگەن پەرىلەر ھاتەمنى
مال- دۇنيالىرى بىلەن قوشۇپ دىۋىلەرگە ئوتكۈزۈپ بەردى ۋە
خوشلۇشۇپ شاھ پەرى قېشىغا كېتىشتى .

دىۋىلەر ھاتەمنى شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى ، شاھ
ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ ئۈچ كۈنگىچە زىياپەت بىرىپ ، ئې-
سىل سوۋغاتلار تەقدىم قىلدى ۋە دىۋىلەرگە غار بېشىغا ئېلىپ
بېرىپ قويۇشنى بۇيرىدى . دىۋىلەر پادىشانىڭ ئەمرىنى بىجا
كەلتۇردى.

ھاتەم سارايغا بېرىپ نەئىم بىلەن كورۇشتى ۋە مال-دۇن-
يالىرىنى سارايغا ئەپكەلدۇردى . ئەتىسى ئۇ نەئىم بىلەن بىل-

له خوجا هارىسنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بولدى. شۇ چاغدا
مەلىكە ئىشىك ئارقىسىدا تۇرۇپ هاتەمدىن سورىدى:
— سەپەر ئەھۋالىڭىز قانداق؟
— ئىنشائاللا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، — دېدى هاتەم ۋە
سەپەر سەرگۈزەشتىلىرىنى مەلىكىگە بىر - بىرلەپ سوزلەپ بەر-
دى. كېيىن شاھ پەرىنىڭ ئۈزۈكىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.
خاسىيەتلىك ئۈزۈكنى هاتەمنىڭ قولىدىن ئېلىپ ئۆز
قولىغا سالغان مەلىكە يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا خەزىنىلەرنى ئېنىق
كورۇپ ناهايىتى خۇرسەن بولدى.
— يەنە قانداق خىزمەتلىرى بار؟ — دەپ سورىدى هاتەم
مەلىكىدىن، — بىجا كەلتۇرۇشكە تەييارمەن.
— شەرتلەر تامام بولدى، — دېدى مەلىكە، — ئىختىيار
ئۆزلىرىدە، مەن كېنىزەكلىرى بولدۇم.
— مەن سىلىنى بۇرادىرىم نەئىمگە بېغىشلىدىم، — دې-
دى هاتەم.

بۇ پىكىرگە خوجا هارىس بىلەن مەلىكىمۇ قوشۇلدى،
ئۇلار توي تەييارلىقىنى قىلىپ، ئۆز رەسمى- قائىدىلىرى بويىچە
توي- تاماشا بىلەن مەلىكىنى نەئىمگە نىكاھ قىلىپ بەردى.
ئىككى ئاشىق ئىنتىزارلىقى ۋىسال تاپتى. ئۇلار هاتەمگە كوپ-
تىن - كوپ دۇئالار قىلىپ ئىنجاتلىق تىلىدى.
هاتەم بۇ ئىشلاردىن خاتىرجەم بولۇپ يەنە ئۆز يولىغا را-
ۋان بولدى.

ئەندىكى گەپنى هوسنە بانۇنىڭ سوئالىدىن ئاڭلاڭلار:
هاتەم هوسنە بانۇنىڭ سوئالىنى خۇدا يىمىنا ئالادىن تىلەپ
دەشتى، - سەھرا، يېزا-قىشلاق، تاغۇ - دەريالارنى كېزىپ يۇ-



رەتتى. ئۇ بىر دەرياغا دۇچ كېلىپ، ئۇنىڭ بويىدا تاماشا
قىلىپ كېتىۋاتاتتى، يېقىنلا يەردە بىر قورغاننى كوردى. ئۇ
قورغاننىڭ ئىچىگە كىردۈىدى، ناهايىتى زىننەتلىك ئىشلەنگەن
چوڭ دەرۋازىغا يولۇقتى، دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە بىر بېيىت يې-
زىلغان ئىدى.

ياخشىلىقنى دەريالارغا قىل جانىدىن،
ئەجرىڭنى هەق بىرور بايا ۋاندىن.

بۇنى كورگەن هاتەم خۇشاللىقىدىن خۇداغا شۈكرىلەر قى-
لىپ سەجدىگە باش قويدى. كېيىن سەجدىدىن باش كوتىرىپ
ئاستا كېلىپ ئىشىكنى قاقتى.

بىر هازا ئوتۇپ، دەرۋازا ئېچىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بى-
لىگە ئالتۇن كەمەر باغلىغان بىر غۇلام چىقتى. غۇلام هاتەمنى
كورۇپ قىزغىن قارشى ئالدى ۋە مېھمانخانىغا باشلاپ تۇر-
لۇك نازۇ - نېمەتلەر بىلەن مېھمان قىلدى. شۇ چاغدا ئۇيگە
بىر مويسىپىت كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇ هاتەمگە سالام بېرىپ
بولغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:
— ئەي يىگىت، قەيەردىن كەلدىڭىز؟ نەگە بارىسىز، مۇن-
داق پىيادە سەپەر قىلىشتىكى مەقسىدىڭىز نىمە؟
هاتەم هوسنە بانۇنىڭ يەتتە سوئالىغا جاۋاپ تېپىش مەق-
سىدىدە ئۆز بېشىدىن كوچۇرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى باشتىن- ئا-
ياق سوزلەپ بەردى.
— ئىككىنچى سوئالنىڭ جاۋابىنى ئىزدەپ كېلىشىم ئىدى، —
دېدى هاتەم، — بۇ سوئالنى سىزنىڭ دەرۋازىڭىزدا كوردۇم، بۇ
سوئالنىڭ ئەسلىنى ماڭا سوزلەپ بەرسىڭىز ئىكەن.

— ئىسمىڭىز كىم ؟
— ھاتەم، ئاتامنىڭ ئىسمى تەي، ئۇ يەمەننىڭ پادىشاھى
مەن جېنىمنى خۇدانىڭ يولىدا ، مۇھتاجلارغا بېغىشلىغانمەن
— مەن ئۇ چاغلاردا قاراقچىلاردىن ئىدىم،-دەپ سوز باش
لىدى مۇيسىپىت كىشى ، - ئىشىم دائىم ئوغۇرلۇق قىلىش ئىدى
يەنە بەزى كەسىپلەر بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدا تتىم . تاپقان پۇلۇمغا
ئىككى نان ئېلىپ دەرياغا تاشلايتتىم. " ئۇنى دەريادىكى جان
دارلار يىسە ماڭا! دۇئا قىلغاي" دەپ ئويلايتتىم. ئومرۇم شۇنداق
ئۆتەتتى. بىر چاغدا بىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ ئولگىنى ئازلا قال
غان ئىدىم . بىخۇتلىز ۋقتا ئىككى ياش يىگىتنى كوردوم. ئۇلار
ماڭا سالام قىلدى، ۋە :
— بىزلەرنى تونىدىڭىزمۇ ؟ - دەپ سورىدى .
— ياق ، سىلەر كىم بولىسىلەر ، - دىدىم مەن جاۋاب
بېرىپ .

—بىز سىز دەرياغا تاشلىغان نانلاردۇرمىز ، - دىدى ئۇ-
لار ئۇزىنى تونۇشتۇرۇپ ، - ئەندى سىزگە ياردەم قىلغىلى
كەلدۇق ...

ئۇلار كوزۇمگە ئاجايىپ - غارايىبا تلارنى كورسەتتى ۋە ما-
ڭا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دىدى :
— يامان ئىشلىرىڭىزغا تووۋە قىلىڭ، ئاللانىڭ دىدارىنى سې
غىنىپ ئەمرىنى تۇتۇڭ ، رىزالىقىنى ئىزدەڭ .
ئۇلار شۇنداق دىدى- دە، كوزۇمدىن غايىپ بولدى، مەن
ئورنۇمدىن تۇرۇپ، يۇيۇنۇپ، تاھارەت ئېلىپ ...



دىلىمدىن تووۋە قىلىپ يىغلىدىم . مۇندىن كېيىن گۇناسادىر
قىلماسلىققا ۋەدە بەردىم .
يەنە بىر كۇنى ئىككى ناننى دەرياغا تاشلىغىلى باردىم. دەر-
يانىڭ مەنبار قىرغىقىدا بىر مۇنچە تىللا تۇراتتى. بۇنى كورۇپ
ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم . " ئېھتىمال دەريادا بىرەر كېمە
غەرق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئالتۇن - كۇمۇشلىرى چېچىلىپ چۇ-
شۇپ قالغان بولسا كېرەك، ئىگىسى ئۇچراپ قالسا تاپشۇرۇپ
بىرەرمەن".
مەن تىللالارنى ئالدىم. ئەتىسى يەنە نان ئېلىپ باردىم. ھە-
لىقى يەردە يەنە بىرمۇنچە تىللا تۇزۇپتۇ. ئۇنىمۇ ئالدىم. بۇ ئىش
ئۇن كۇنگىچە شۇنداق بولىۋەردى. مەن كوپ ھەيران بولدۇم.
بىر كېچىسى چۇشۇمدە. ھىلىقى نادىر يىگىتلەر پەيدا بولۇپ دى-
دىكى: "ئۇ دۇنيالار غايىپ خەزىنە بولۇپ، سىزنىڭ نىسىۋىڭىز.
ھالالدۇر. تاكى سىز ئەجەل شەربىتىنى ئىچكىچە شۇنداق بولىدۇ".
مانا بۇ ئىمارەتلەرنى شۇ پۇللارغا ياساتقان، بۇ زىلچە-
گىلەم، مال - مۇلۇكلەرنىمۇ شۇ پۇللارغا ئالغان. بۇ نەرسىلەر-
نىڭ ھەممىسى خۇدا يولىغا ئاتا قىلىنغان بولۇپ، ھەقنىڭ بەن-
دىلىرىگە خىزمەت قىلىدۇ. خۇدا يولىدا خەير - ئېھسان قىلىشقا
ھەر قاچان دەرۋازام ئوچۇق.
— ھازىرمۇ دەرياغا نان تاشلاپ تۇرامسىز؟- دىدى ھاتەم.
— ئەلۋەتتە،- دىدى مويسىپىت كىشى جاۋاپ بېرىپ،-ئوم-
رۇم ئاخىرىغىچە شۇنداق قىلىمەن. خەير - ئېھسانىنى ھەرگىزمۇ
ئۇزۇپ قويمايمەن.
مويسىپىت كىشى سوزىنى شۇيەردە توختۇتۇپ، خۇداغا ھەم-
دۇ - سانا ئېيتىپ دۇئا قىلدى ۋە:

— دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە ئەشۇسەۋەپتىن پۈتۈلۈپ

«ياخشىلىقنى دەريالارغا قىل جانىدىن،
ئەجرىڭنى ھەق بېرۇر باياۋاندىن»

ھاتەم موسىپىت كىشىگە كۆپتىن- كۆپ رەھمەتلەر ئېيتىپ
خوشلۇشۇپ ھۇسنە ئاۋات يولىغا راۋان بولدى.

ئۇ كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەر تارتىپ، ھۇسنە ئاۋاتقا يېتىپ
كەلدى. سارايغا كىرىپ شاھزادە مۇنىرنى كۆردى. ھال-ئەھ
ۋال سوراشتى.

مەلىكە ھاتەمنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، ئىنىڭ ئالدىغا ئادەم ئە
ۋەتتى. ئىنىڭ ئانا ھاتەمنى مۇبارەكلەپ، مەلىكىنىڭ ئالدىغا
تەكلىپ قىلدى. ھاتەم شاھزادە مۇنىرە بىلەن بىللە مەلىكىنىڭ
مېھمانخانىسىغا باردى. بىر كېچە - كۈندۈز كۆڭۈللۈك مېھمان
بولدى.

ھاتەم كۆرگەن-ئاڭلىغان ۋە كۆچۈرگەنلىرىنى يېزىپ ئىنىڭ
ئانىغا بەردى. ئىنىڭ ئانا مەلىكىگە يەتكۈزدى. مەلىكە خاتىر
نى ئوقۇپ كۆرۈپ، تەھسىن - ئاپىرىنلار ئېيتتى.

— ئەي ئوغلۇم،- دىدى ئىنىڭ ئانا مەلىكىنىڭ قېشىدىن
چىقىپ،- ئەندى ئۈچىنچى سوئالغا تەييار بولۇڭ. مەلىكەم ئۈ
چىرنى بەرگەندە خەۋەر قىلىمەن.

ھاتەم بىلەن شاھزادە ئىنىڭ ئانا بىلەن خوشلۇشۇپ، سا
رايغا قايتتى. بۇ كېچە ئۆتتى.

ئەتىسى بىر دوستىخاندا غىزا ئېلىپ كەلگەن ئىنىڭ ئانا
ھاتەمگە بىر ھەمىيان پۇل، بىر قىممەت باھالىق زۇمۇرەت ۋە بىر
نامەنى سۇندى.

— مەلىكە بۇ پۇللارنى يول خىراجىتى قىلسۇن دەپ ئە
ۋەتتى،- دىدى ئىنىڭ ئانا مەلىكىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ،-
ئۈچىنچى سوئال خەتتە ئايانىدۇر.

ئىنىڭ ئانا ھاتەم بىلەن خوشلۇشۇپ چىقىپ كەتتى، ھا



تەم خەتنى ئېچىپ مۇلاھىزە قىلدى. خەتتە: «بىر كىشى سەھرا-
يى - باياۋانلاردا كۆپ زامانلاردىن بېرى دائىم مۇنۇ بېيىتنى ئېي-
تىپ يىغلايدۇ:

ھەر كىشىكى يامان ئىشنى قىلسا دىلداش،
ئاخىر بىر كۈن رەسۋا بولۇر، ئۇ بولۇپ پاش.

ئۇ ئادەم قانداق يامان ئىشنى دىلداش قىپتۇ. ئۆزىگە قاند-
اق رەسۋاچىلىقلارنى كەلتۈرۈپتۇ» دەپ يېزىلغان ئىدى.

## ھاتەمنىڭ دەشتۇ - باياۋانلارنى كېزىپ، مەلىكە ھۇسنە بانۇنىڭ ئۈچىنچى سوئالىغا جاۋاپ تاپقانلىقى

ئەندى گەپنى ھاتەمنىڭ ئۈچىنچى سوئال ئۈچۈن قىلغان
ساياھىتىدىن ئاڭلاڭلار:

ھاتەم تۇرغانلار بىلەن خوشلۇشۇپ، شاھزادە مۇنىرنى
خۇداغا تاپشۇرۇپ سەپەر يولىنى تۇتتى. ئۇ، گاھى شەھەر، گاھى
قىشلاقلارنى كېزىپ سەيلە قىلىپ يۈرەتتى.

بىر كۈنى ئۇ يىراقتىن كۆلمۈكتەك بىر تاغنى كۆردى. ئۇ
تاغ كۆككە باش سوزۇپ تۇراتتى. ھاتەم تاغنى تاماشا قىلىش
ھەۋەسىدە كۆپ مۇشەققەتلەر چېكىپ تاغنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ
چىقتى، ئۈچ - تۆرت كۈن تاغنى سەيلە قىلىپ ئاخىرى خۇش
ھاۋالىق بىر يەرنى تېپىپ ئارام ئېلىپ ئولتۇردى. قۇلىقىغا ئا-
ھۇ - نالە قىلغان بىر پەرياد ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاھۇ - زارە
قارىسىدا مۇنۇ بېيىت تەكرارلىناتتى:

كەلسەكچۇ قالمىدى مەندە ھېچ تاقەت،
سورەيدۇ ئولۇمگە ئىشقىڭ ھەر سائەت.
لوتفى ئەيلەپ بىر ئىلاج قىلغىن ئوزۇڭ،
يۈزۈڭنى ياپمىغىن، ئەيلە ساخاۋەت.

ھاتەم بۇ بېيىتلارنى ئاڭلاپ يۈرەك باغرى سۇ بولدى.

— بۇ ئاۋازنى ئاڭلىدىم، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — بۇ ئاۋاز ئىگىسىدىن خەۋەر ئېلىش لازىم بولدى. بولمىسا، ئالدىدا نىمە دەپ جاۋاپ بېرىمەن.

ھاتەم ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ماڭا - ماڭا سۇلار ئېقىپ تۇرغان خۇش ھاۋالىق بىر جايغا باردى.

ئۇ يەردە بىر توپ چوڭ دەرەخ تۇرۇپتۇ. ئۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە بىر ساھىپجامال ياش ئولتۇراتتى، ئۇ كوزلىرىنى يۇمۇپ ئاھ ئۇراتتى، بەزىدە يۇقۇرقى بېيىتنى ئوقۇپ ھۇشىدىن كېتەتتى. ھۇشىغا كېلىپ يەنە ئاھۇ - پەريات چېكىپ ئەشۇ بېيىتنى تەكرارلايتتى، يەنە ھۇشىدىن كېتەتتى. بۇ ئىش شۇ يوسۇندا تەكرارلىنىۋېرەتتى.

ھاتەم يىگىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەردى، يىگىت كوزىنى ئاچمىدى، ئىككىنچى قېتىم سالام بەردى، يەنە كوزىنى ئاچمىدى. ئۇچىنچى قېتىم ئاۋازىنى قاتتىق چىقىرىپ سالام قىلدى، يىگىت كوزىنى ئېچىپ جاۋاپ سالام بەردى ۋە دىدى:

— ئەي بۇرادەر، ھەر كىم بولساڭ، مېنىڭ قېشىمغا كەلگۈچى بولما. ئوز يولۇڭغا ماڭ، بولمىسا ماڭا ئازار بەرگەن بولىسەن.

— ئەي يىگىت، — دىدى ھاتەم يېقىملىق ئاھاڭدا، — بېشىڭغا چۈشكەن كۈننى ئېيتىپ باققىن، بىر ئىلاج قىلالىسام ئەجەپ ئەمەس.

— يولۇڭغا ماڭ دىدىم يولۇڭغا ماڭ! — دىدى يىگىت ئاچچىغلىنىپ، — مېنىڭ مۇشكۇلۇمنى ھەل قىلىشقا سەندە نىمە ئامال بولسۇن؟

— ئەي يىگىت، — دىدى ھاتەم يېقىنراق كېلىپ، — ئالدى بىلەن ھالىڭنى بايان قىلغىن، مەن بىر ئاڭلاپ باقاي.



كەلدىڭ؟

— سەن كىم بولىسەن، قەيەردىن

— مەن، — دىدى ھاتەم ئوزىنى تونۇشتۇرۇپ، — يەمەن پادىشاسى تەينىڭ ئوغلى بولىمەن. بارلىغىمنى خۇدا يولىدا ھاجەتمەنلەرگە بېغىشلىغان كىشىمەن، سەن ئۇچۇنمۇ جاپا چېكىشكە ھەر قاچان جېنىم پىدا!...

بۇ سوز يىگىتنى بىر ئاز بوشاتتى، ئۇ سىرىنى ئېيتماستىن قۇتۇلالمايدىغانلىغىنى پەملەپ، نائىلاج ئېغىز ئاچتى:

— قېنى قۇلاق سالغىن، — دىدى يىگىت، — مېنى ھەمىشە تەمىم سودىگەر دىيىشىدۇ. ناھايىتى باي ئادەم ئىدىم. كارۋانلار بىلەن سەپەر قىلىۋېتىپ مۇشۇ تاغ ئېتىگىگە كەلگەندە، كەچ بولۇپ كېتىپ، قونۇشقا توغرا كەلدى.

كوڭلۇمدە، تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ سەيلە قىلىش ھەۋىسى قوزغالدى. تاققا يامىشىپ چىقىپ، بۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، ئېقىۋاتقان سۇدا پۇت - قولۇم بىلەن يۈزۈمنى يۇدۇم. ئاندىن كارۋانلار قېشىغا باراي دەپ تۇراتتىم، دەرەخنىڭ ئۇ يېقىدىن:

— ئەي يىگىت، ھۇشۇڭ بىلەن بۇ تەرەپكە قارىغىن، — دىگەن مۇلايىم بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. قارىسام، ئۈستىگە ئىسىل كىيىملەرنى كەيگەن، بويىنىغا قىممەت باھالىق لەئەل - مارجانلارنى ئاسقان، ناز - كەرەشمە بىلەن ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بىر پەرىزات كورۇندى. ئۇ مېنىڭ قارىغىنىمنى كورۇپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئېگىلىپ سالام قىلدى.

— بو يەرگە كېلىپ ئارام ئالغىن، شۇندا سېنى ۋىسالىڭغا يەتكۈزۈپ، دىلىڭنى خوش قىلغايمەن...، — دىدى.

ئۇ ئەنە شۇنداق كوڭۇلنى ئالدايدىغان شىرىن سوزلەرنى

قىلىپ، مېنى ئۆز دامىغا چۈشۈرۈۋالدى. ئېھتىيارسىز ھالدا ئورۇ
نۇمدىن قوزغىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ
يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. كۆڭلۈمنى ئېلىشقا تىرىشتى. مەشۇقلۇق
رەسمى بىلەن لوتىپى قىلىپ مېنى ئۆزىگە بەنت قىلىۋالدى. شۇ
نىڭ بىلەن مەن مال-مۈلۈك ۋە كارۋانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنۇتتۇم.
شۇ تەرىقىدە بىر نەچچە كېچە - كۈندۈز ئۆتتى، بىر كۈنى
ئۇنىڭغا دېدىم:

— ئەي مەھبۇپلار سۇلتانى، ئەندى پەقىرنىڭ مەنزىلگا
ھىمغا بېرىپ ھايات ئۆتكۈزسەك قانداق؟

— خوش بولغاي، - دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، - ئەمما
ماڭا بىر ھەپتىلىك رۇخسەت بەرگەيسەن، ئانامنىڭ رازىلىقىنى
ئېلىۋېلىپ يەنە بۇ يەرگە ھازىر بولىمەن، سەن بۇ يەردىن ھېچ
ياققا بارمىغىن.

— بولىدۇ، - دېدىم مەن ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلۇپ،
ھەر ھالدا ئۇزاق ھايال بولمىغىن.

ئۇ مەن بىلەن خوشلۇشۇپ كۆزۈمدىن غايىپ بولدى. كۆپ
ۋاقىتلار ئۆتتى، ھېلىغىچە ئۇنىڭدىن خەۋەر يوق. كېلىپ قالسا
مەندىن رەنجىپ قالمىسۇن، دەپ ھېچياققا بارالمىدىم. مەن پە
قىرنىڭ ھالى شۇدۇر.

— ئەي يىگىت، غەم يېمىگىن، - دېدى ھاتەم، ئۇنىڭغا ئۇ
مىت بېغىشلاپ، - مەن سېنىڭ بۇ ھاجىتىڭنى چىقارمىغىچە باش
قا ئىشقا قەدەم قويمايمەن، ئۇ پەرىنىڭ ئات ۋە ماكانىدىن خە
ۋىرىڭ بارمۇ؟

— ئىسمى ئەلكەن پەرى، ماكانى كوۋلىقادا. ئەمما كوۋ
لىقانىڭ قاياقتا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن.



— ئۇنداق بولسا، - دېدى ھاتەم ئورنىدىن تۇرۇپ، -
تاكى مەن كوۋلىقاغا بېرىپ كەلمىگۈنچە ھېچيەرگە بارمىغىن.

ئۇ تەممىدىن رۇخسەت ئېلىپ باياۋان يولىغا قەدەم قوي
دى. بىر قانچە مەزگىل يول يۈرۈپ بىر ئېگىز تاغقا يولۇقتى.
بىسيار مۇشكۇللۇكتە تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بىر تەرەپكە نە
زەر تاشلىدى. ئۇيا قتىن يەنە بىر تاغ كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئۇ تاغ
نى تاماشا قىلىش ئارزۇسى كۆڭلىنى تەقەززا قىلدى- دە، تاق
قا قاراپ بىر نەچچە كۈن ماڭدى. ئاخىرى كۆپ مۇشەققەتتە
تاققا يەتتى. يامىشىپ، ۋېيىندىلىپ يۈرۈپ ئۈستىگە چىقتى. بىر
مەزگىل ھەر تەرەپلەرنى سەيلە قىلىپ، بىر يەرگە كەلدى، ئۇ
يەرنىڭ سۇلىرى راۋان، دەل - دەرەخلىرى باراخسان، قۇشلىرى
خۇش ناۋالىق ئىدى. ئۇ يەردە بىر شاھ سۇپا پەيدا بولدى،
ئۇنىڭ ئۈستىگە رەڭگا - رەڭ تۆشەكلەر ۋە دوستىخانلار سېلىن
غان ئىدى.

ئۇ يەردە يەنە بىر چوڭ كۆل تۇراتتى، ئۇنىڭ ئەتراپى
تولىمۇ خوش ھاۋالىق ئىدى. ھاتەم دوستىخانلاردىكى نازۇ -
نېمەتلەردىن تويغىچە يەپ، ئۇسسۇزلۇقلاردىن قانغىچە ئىچىپ
ھوزۇرلاندى ۋە سۇپىدا، تۆشەكلەر ئۈستىدە يېتىپ ئۇخلاپ قال
دى. ۋاقىت ناماز شام بولدى. ئۇ، ئويغىنىپ كۆردىكى، بىر
نەچچە پەرىزاتلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھالقا بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ.
ھاتەم خىجىل بولغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، پەرىلەر
ئالدىنچە سالام بەردى.

— ئەي ئازات كىشى، - دېدى پەرىلەر جاۋاپ سالام بې
رىپ، - بۇ يەرگە پىيادە كېلىشتىكى مەقسىدىڭ نېمە؟ قەيەرگە

قىلىپ، مېنى ئۆز دامىغا چۈشۈرۈۋالدى. ئىختىيارسىز ھالدا ئورنۇمدىن قوزغىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. كۆڭلۈمنى ئېلىشقا تىرىشتى. مەشۇقلۇق رەسمى بىلەن لوتپى قىلىپ مېنى ئۆزىگە بەنت قىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن مال-مۈلۈك ۋە كارۋانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇتتۇم.

شۇ تەرىقىدە بىر نەچچە كېچە-كۈندۈز ئۆتتى، بىر كۈنى ئۇنىڭغا دېدىم:

— ئەي مەھبۇپلار سۇلتانى، ئەندى پەقىرنىڭ مەنزىلىگە بېرىپ ھايات ئۆتكۈزسەك قانداق؟

— خوش بولغاي، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئەمما ماڭا بىر ھەپتىلىك رۇخسەت بەرگەيسەن، ئانامنىڭ رازىلىقىنى ئېلىۋېلىپ يەنە بۇ يەرگە ھازىر بولىمەن، سەن بۇ يەردىن ھېچياققا بارمىغىن.

— بولىدۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلۇپ، — ھەر ھالدا ئۇزاق ھايال بولمىغىن.

ئۇ مەن بىلەن خوشلىشىپ كۆزۈمدىن غايىپ بولدى. كۆپ ۋاقىتلار ئۆتتى، ھېلىغىچە ئۇنىڭدىن خەۋەر يوق، كېلىپ قالسا مەندىن رەنجىپ قالمىسۇن، دەپ ھېچياققا بارالمىدىم. مەن پەقىرنىڭ ھالى شۇدۇر.

— ئەي يىگىت، غەم يېمىگىن، — دېدى ھاتەم، ئۇنىڭغا ئۈمىت بېغىشلاپ، — مەن سېنىڭ بۇ ھاجىتىڭنى چىقارمىغىچە باشقا ئىشقا قەدەم قويمايمەن، ئۇ پەرىنىڭ ئات ۋە ماكانىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟

— ئىسمى ئەلكەن پەرى، ماكانى كوۋلىقادا، ئەمما كوۋلىقانىڭ قايىقتا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن.



— ئۇنداق بولسا، — دېدى ھاتەم ئورنىدىن تۇرۇپ، — تاكى مەن كوۋلىقاغا بېرىپ كەلمىگۈنچە ھېچيەرگە بارمىغىن.

ئۇ تەممەدىن رۇخسەت ئېلىپ باياۋان يولىغا قەدەم قويدى. بىر قانچە مەزگىل يول يۈرۈپ بىر ئېگىز تاققا يولۇقتى. بىسيار مۈشكۈللۈكتە تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بىر تەرەپكە نەزەر تاشلىدى. ئۇياقتىن يەنە بىر تاغ كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئۇ تاغنى تاماشا قىلىش ئارزۇسى كۆڭلىنى تەقەززا قىلدى-دە، تاققا قاراپ بىر نەچچە كۈن ماڭدى. ئاخىرى كۆپ مۇشەققەتتە تاققا يەتتى. يامىشىپ، ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئۈستىگە چىقتى. بىر مەزگىل ھەر تەرەپلەرنى سەيلە قىلىپ، بىر يەرگە كەلدى، ئۇ يەرنىڭ سۇلىرى راۋان، دەل-دەرەخلىرى باراخسان، قۇشلىرى خۇش ئاۋازلىق ئىدى. ئۇ يەردە بىر شاھ سۇپا پەيدا بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە رەڭگا-رەڭ تۆشەكلەر ۋە دەستىخانلار سېلىنغان ئىدى.

ئۇ يەردە يەنە بىر چوڭ كۆل تۇراتتى، ئۇنىڭ ئەتراپى تولىمۇ خۇش ھاۋالىق ئىدى. ھاتەم دەستىخانلاردىكى نازۇ-نېمەتلەردىن تويغىچە يەپ، ئۇسسۇزلۇقلاردىن قانغىچە ئىچىپ ھوزۇرلاندى ۋە سۇپىدا، تۆشەكلەر ئۈستىدە يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ۋاقىت ئاخشام بولدى. ئۇ، ئويغىنىپ كۆردىكى، بىر نەچچە پەرىزاتلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھالقا بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

ھاتەم خىجىل بولغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، پەرىلەرگە ئادەتتىچە سالام بەردى.

— ئەي ئازات كىشى، — دېدى پەرىلەر جاۋاپ سالام بېرىپ، — بۇ يەرگە پىيادە كېلىشتىكى مەقسىدىڭ نېمە؟ قەيەرگە بارماقچىسەن؟

ھاتەم پۈتۈن سەرگۈزەشتىلىرىنى ۋە تەمىم سودىگەر بىلەن مەلىكەن پەرى قىسسىسىنى ، خۇدا يولىدا بۇ ئىشقا قەدەم قويـ- غانلىقىنى سۆزلىدى.

— ئۈچ-تۆرت كۈن بۇ يەردە تۇرۇپ مېھمان بولغىن، كوۋلىقاغا بىز يەتكۈزۈپ قويايلى، - دېدى پەرىلەر.

ھاتەم ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلدى . پەرىلەر ھاتەمـ نى بىر ھەپتە مېھمان قىلىپ ، كۆڭلىنى ئېلىپ ، ئاندىن يول باشلاپ كوۋلىقاغا يەتكۈزۈپ قويىدى - دە، قايتتى.

ئەندىكى گەپنى ھاتەمگە ئۇچرىغان يىگىتتىن ئاڭـ لاڭلار:

بىر قانچە ۋاقىتتىن كېيىن ھاتەم بىر تاغ ئېتىكىدە ئارام ئالدى. كېچە ئۆزاپ، سەھەر ۋاقتى بولۇۋىدى، بىر تەرەپتىن بىر نالە ئاۋازى ئاڭلاندى. ھاتەم بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، تاقەت قىلالماي، شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ، ئۆزىگە خىتاپ قىلىپ دېدىكى، بۇ «ئاۋازنى ئاڭلىغان ئىكەنسەن، خەۋەر ئالمىساڭ بولمايدۇ...» ئۇ، شۇ پىكىر بىلەن نالە ئاۋازى چىققان يەرگە يېتىپ باردى. قارىسا بىر قىران يىگىت يەرگە بېشىنى قويۇپ، نالە قىلىپ، تو- پىغا مىلىنىپ يېتىپتۇ.

ھاتەم بېرىپ، يىگىتكە سالام بەردى. ئەھۋال سورىدى. يى- گىت: «ياخشى كىشى بولسا كېرەك، ئۇنىڭغا دەردىمنى ئېيتسام، مۇبەتتال ئىلاجىنى قىلالىشى مۇمكىن» - دەپ ئويلىدى.

— مېنى كامىل يىگىت دەيدۇ، - دېدى ئۇ يىگىت، - مەن بىر پادىشانىڭ نەۋكىرى بولۇپ، ئىشىم سىپاھگەرلىك ئىدى. گا- ھى سەھرالاردا شىكار قىلاتتىم، بىر قېتىم شىكارغا قىزىقىپ كې-



تىپ كەچ قېلىپ يولدىن ئادىشىپ، باشقا بىر يەرلەرگە بېرىپ قاپتىمەن، مېڭىۋېرىپ نەچچە كۈنلەردىن كېيىن بىر جايغا يەت- تىم ۋە بىر كىشىدىن:

— بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى نىمە؟ قايسى پادىشاغا قارايدۇ؟- دەپ سورۇدۇم.

ئۇ كىشى:

— كېيىنكىگە قارىغاندا مۇساپىر ئوخشايسەن، بۇ شەھەر مۇ- سەففەر جادۇگەرنىڭ بولۇپ، پەرىنىڭ پەرمانىدا ... ئەتىلا يۇ- لۇڭنى تاپ، بولمىسا ھالىڭغا ۋاي بولىدۇ، - دەپ جاۋاپ بەر- دى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مەن باياۋان تەرەپكە قاراپ قاچتىم. مۇسەف- فەر جادۇگەرنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن، ئىسمىنى مەلىكە كەلكۈنە دېيىشىدىكەن، ئاتىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن شەھەرنىڭ سىرتىغا بوستان- لىق ئەھيا قىلىپ، ئازادە ئۆي سالدۇرۇپ، بىر نەچچە قىزلارنى ھەمرا قىلىپ قويغان ئىكەن. ئۇ بوستانلىق مېنىڭ ماڭار يولۇم- دا ئىكەن، مەلىكە «جامى جاھاننامە» ئەينىكىدىن ماڭا كۆزى چۈشۈپ، ئۆزىگە ھەمرا بولۇپ تۇرغان قىزلاردىن ئۈچ - تۆرتنى مەن تەرەپكە ئەۋەتىپتۇ. ئۇ قىزلار ئالدىمدا پەيدا بولۇپ، سا- لام بېرىپ، قولۇمدىن تۇتۇپ، ئىززەت - ئىكراملار بىلەن بوس- تانلىققا - مەلىكە كەلكۈنەنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىشتى، مەلىكە گويا يىگانە بىر گوھەر ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئول- تۇردۇم، دۇئا قىلدىم، ئۇ:

— مەرھابا، - دېگىنىچە ماڭا بىر پىيالە چاي تۇتتى. پە- گاغا چۈشۈپ ئىچمەكچى بولۇۋىدىم، مەلىكە قولۇمدىن تۇتۇۋې- لىپ، ئۆز يېنىدىن ئورۇن بەردى ھەم مېھرىبانلىق قىلىپ دېدىكى:

— ئەي يىگىت، ۋاقىت غەنىمەت، پۇرسەت قەدىرلىك، ئاز-
راق تۇرۇۋالغىن...

مەن بەزمىگە بېرىلىپ كېتىپ، باشقا ئىشلاردىن خەۋەرسىز
ئولتۇرغان ئىكەنمەن، بىر چاغدا بۇ يەرگە مۇسەففەر جادۇگەرقە-
زىنى كورۇش. ئۇچۇن كېلىپ قالدى، مەن ئۇزۇمنى يوشۇرۇشقا
ئۇلگۇرەلمىدىم. مۇسەففەرجادۇگەر مېنى مەلىكە بىلەن بىر يەردە
كورۇپ خەنجىرىنى دەرھال قىنىدىن سۇغاردى. ئۇيلۇدۇمكى: «مە-
لىكە بىلەن مېنى پارە - پارە قىلغاي! ...

— ئەي شاھ، بىر ئاز سەۋرى قىلىڭ، - دېدى مەلىكىنىڭ
ئىنىڭ ئانىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، - مې-
نىڭ ئىككى كەلىمە ئەرزىم بار، ئەگەر قوبۇل قىلسىڭىز ياخشى،
بولمىسا ئۇزىڭىز بىلەرسىز.

مۇسەففەر جادۇگەر بۇ سوزنى ئاڭلاپ توختىدى، ئىنىڭ ئا-
نا سوزگە ئېغىز ئېچىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ ئالەمدە تۇرلۇك جاندارلار بار، ئۇلار جۇپ بولۇش
ئارقىلىق نەسىل قالدۇرىدۇ ۋە ئەۋلاتلارنى بارلىققا كەلتۇرىدۇ،
مانا قارايدىغان بولساق مەلىكە بالاغەتكە يېتىپتۇ. ئېيىدە بى-
رەر لايىق يىگىت بولسا، مەلىكىمىزنى ياتلىق قىلىۋەتسەك ياخ-
شى بولاتتى. بۇ يىگىتمۇ ئۇلۇغزادىدەك كورۇنىدۇ.

— سېنىڭ گېپىڭ بارمۇ؟ - دېدى پادىشا قىزىغا قاراپ.

— مېنىڭ باشقا گېپىم يوق، - دېدى مەلىكە قىزىرىپ، -
بۇ يىگىت بىلەن تويۇم بولسا رازى بولغان بولاتتىم.

— ھەركىم خېرىدارلىق داۋاسى قىلسا، - دېدى مۇسەففەر
جادۇگەر ئىنىڭ ئانىغا قاراپ، - مۇنداق ئۇچ شەرت بار، بىرىنچىسى
بىر جۇپ مۇرغ پەررۇ ئېلىپ كەلسۇن، ئىككىنچى، قىزىل يىلان



موھۇرىنى ھازىر قىلسۇن، ئۇچىنچى، قايناۋاتقان ياققا كىرىپ
چىقسۇن، بۇ شەرتلەرنى ئورۇنلىغان يىگىتكە مەلىكە ۋە مۇنا-
سىپ تاجۇ - تەخت تەسەددۇق بولغاي، بولمىسا ھەركىشى ئۇز-
يولىدا ماڭسۇن!

پادىشا مەندە بۇ خىل شەرتلەر ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلىغىنى
كورۇپ شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. ئىشقى - مۇھەببەت لەش-
كىرى بىلەن ئۇشبۇ بالا دەشتىلىرىدە سەرگەردان بولۇپ، ئاھ ئۇ-
رۇپ يىغلاپ يۇرۇشۇمنىڭ سەۋىۋى مانا شۇدۇر.

يىگىت سوزىنى دەپ بولۇپ، يەنە ئاھ ئۇرۇپ، ئۇن سېلىپ
يىغلاشقا باشلىدى. ھاتەمنىڭ ئۇنىڭغا رەھىمى كەلدى.

— ئەي كامىل يىگىت، - دېدى ھاتەم ئۇنىڭغا، - غەم قىلمى-
غىن. سەن ئۇچۇن خىزمەت قىلىپ، ئارزۇيۇڭنى ھاسىلغا يەتكۇ-
زۇپ قويسام ئەجەپ ئەمەس، ماڭا دۇئا قىل، خەير ئەمىسە.

ئەندى گەپنى مازاندىران جاڭگىلىدىن ئاڭلاڭلار:

ھاتەم يىگىت بىلەن خوشلۇشۇپ يولغا ئاتلاندى. ئۇ كې-
تىۋېتىپ: «مازاندىران جاڭگىلىغا بارمىسام مۇرغ پەررۇ باشقا
يەرلەردىن تېپىپ بولماس» دەپ ئويلايتتى.

ئۇ، شۇ خىيال بىلەن مازاندىران جاڭگىلىغا قاراپ راۋان
بولدى. چول - باياۋانلارنى كېزىپ، تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ
ئوتۇپ سەيلە - تاماشا بىلەن كېتىپ باراتتى. بىر چاغدا سې-
پىللىرى ھەددىدىن زىيادە ئېگىز بىر ۋىلايەتكە يېتىپ كەلدى.
قورغاننىڭ ئالدىدا ئوتۇن تېرىۋاتقان بىر توپ كىشىلەر يۇرەت-
تى. ھاتەم بىرىسىدىن سورىدى:

— ئوتۇن تىرىشىڭلارنىڭ سەۋىۋى نېمە؟

— ئۇزۇن بولدى، - دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ كىشى، - بۇ يەردە

بىر ئاپەت پەيدا بولۇپ، ئۇ ئاپەت ھەركىچىسى كېلىپ ئادەملەرنى نا-
بۇت قىلىپ كېتەتتى. بۇ ئوتتۇنلارنى دوۋۋۇلەپ قويىشىمىز- ئەگەر
ئۇ ئاپەت كېلىپ قالسا، بۇ ئوتتۇنلارغا ئوت يېقىپ، ئوتتۇن چىقى-
رىمىز، ئۇ، ئوت بىلەن تۈتۈندىن قورقۇپ بۇ يەرگە يېقىن كې-
لەلمەيدۇ.

— ئۇ نەرسىنىڭ سۈرىتى قانداق ئىكەن؟ - سورىدى ھاتەم.

— ئۇنىڭ يورۇغىدا قورغان كۆنگىرىسىدىن قاراپ مۆلا-
ھىزە قىلدۇقكى،- دەپ جاۋاپ بەردى يەنە بىر كىشى،- يەتتە بې-
شى بار. باشلىرىنىڭ ئالتىسى شىرنىڭ بېشىغا، بىرى پىلنىڭ
بېشىغا ئوخشايدۇ. يەنە تۇمشۇغى ۋە سەككىز پۇتى بار.

— چۈشەندىم،- دېدى ھاتەم،- ئۇ نەرسىنىڭ ئېتىنى سە-
ھەمناك دەيدۇ. كىشىلەرگە دەڭ، ماڭا بىر ياچاق بىلەن ئوق بەر-
سۇن، ئۇنى يوقىتاي.

بۇ سۆز خالايىققا ئايان بولدى. خالايىق ئوبدان بىر يا-
چاق بىلەن ئۈچ - تورت تال ئوق ئېلىپ كېلىپ ھاتەمگە بەر-
دى ۋە ئوتتۇنلارغا ئوت ياقتى. ھاتەم جاما ئەتتىن دۇئالار ئې-
لىپ، قورغاندىن چىقىپ، سەھەمناك كېلىدىغان يولغا بېرىپ ئول-
تۇردى، يېرىم كېچە بولغاندا سەھەمناكنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن
بىشارەت بولدى. ئۇ ھەر بېشىدىن باشقا - باشقا ھەيۋەتلىك ئا-
ۋازلارنى چىقىرىپ قەلئەنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئوت، تۈتۈنلەر-
نى كورۇپ، قورقۇپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. ھاتەم ۋاقىتنى غە-
نىيمەت بىلىپ، ئوقيانى مەھكەم تۇتۇپ، پىل سۈرەتلىك بېشىدى-
كى كوزىنىڭ ئوتتۇرىدىكىسىنى نىشانغا ئېلىپ: « ئاللاھۇئەكبەر »
دەپ ئوق ئۈزگەن ئىدى، ئوق بىر ياقتىن كىرىپ، ئىككىنچى
ياقتىن چىقىپ كەتتى ۋە يەر جاھاننى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن



ھەيۋەتلىك بىر ئاۋاز كوتىرىلىش بىلەن سەھەمناك يەرگە يىقىل-
دى. بىر ئازدىن كېيىن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، باياۋان تەرەپكە
قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ھاتەم سەجدىگە باش قويۇپ، ئاللاغا شۈكرىلەر ئېيتىپ،
ھەمدۇ - سانالار ئوقىدى. بۇ كېچە ئوتتى. كىشىلەر ھاتەمنى كو-
رۇپ ئۇنىڭدىن ئامانلىق سورىدى. ھاتەم بولغان ۋەقەنى بايان
قىلدى.

كىشىلەر ھاتەمنىڭ ئۇندەمىگىنىگە قويماي زىياپەت بېرىپ،
كوپتىن - كوپ مىننەندارلىق بىلدۈردى ۋە يەنە ئوتتۇن توپلاش-
قا باشلىدى.

— ئەي ئەزىزلىرىم،- دېدى ھاتەم،- ئۇ ئاپەت بۇ دىيار-
دىن كوتىرىلىپ كەتتى. ئەندى خاتىرجەم بولۇڭلار.

بۇ كېچە تېچ ئوتتى، ھاتەم دىگەندەك، ئۇ ئاپەتتىن ھىچ-
بىر دېرەك بولمىدى. ۋىلايەت ئەھلى ھاتەمگە ئىخلاس قىلىپ
كوپ سوۋغا - سالاملار قىلىشتى. ھاتەم يىغىلغان سوۋغىلارنىڭ ھەم-
مىسىنى غېرىپ - غۇرۋالارغا تەقسىم قىلىپ بېرىۋەتتى.

ئەندى گەپنى ھاتەمنىڭ جىن جاماسىگە ئۇچرىغىنىدىن
ئاڭلاڭلار:

ھاتەم ھىلىقى ۋىلايەت خەلقى بىلەن خەيرلىشىپ، مازىل-
دىران تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئېچكىرىلىگەنسېرى ئاجايىپ
قىزىق ئالامەتلەرنى كورۇپ تاماشا قىلىپ باراتتى.

بىر كۈنى بىر جايدا ئەجدەرھاغا ئوخشايدىغان ئىككى يى-
لان بىر - بىرى بىلەن جېدەل قىلىشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئاق،
بىرى قارا بولۇپ شۇنداق قاتتىق ئۇرۇشاتتىكى، ئەلپازىدىن
بىر - بىرىنى پارە - پارە قىلىۋەتكىدەك ھەيۋەت چىقىپ تۇراتتى.

— ئەي ئاللانىڭ بەندىلىرى،— دىدى ھاتەم ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ.— سىلەر نىمە تالىشىپ مۇنچىلا جىدەل قىلىشىسلەر؟
بۇلى ئاڭلاپ ئۇلار بىر - بىرىدىن ئايرىلدى.
— ئەي ئادەم،— دىدى قارىسى رەنجىپ،— مەن بۇ رەقىبىمنى يىمەكچى ئىدىم. سەن مېنىڭ نىسىۋەمنى تارتىۋالدىڭ...
— ئەگەر گوش يىمەكچى بولساڭ،— دىدى ھاتەم ئۇيىلانغا،— مانا مەن ئالدىڭدا تۇرۇپتىمەن. قېنى مەرھەمەت.
— ئۇنداق بولسا دىدى يىلان،— يۈزۈڭنىڭ گوشىدىن كېسىپ بەرگىن.
ھاتەم:
— بولىدۇ دىدى- دە، خەنجىرىنى ئالدى.
يىلان:
بىر دەم سەۋرى قىلغىن، - دىدى.
ھاتەم تۇرۇپ قالدى يىلانلار بىر يۇمۇلاندى-دە، ساھىپجامال ئىككى يىگىت بولۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ھاتەمگە سالام بەردى،
ھاتەم ئۇلارغا:
— ئەي يىگىتلەر، سىرىڭلارنى ئاشكارىلاڭلار،— دىدى.
— بىز جىنلارجامائىتىدىن بولىمىز،— دىدى ئۇلارنىڭ بىرى،— مېنىڭ ئاتامنى بۇ يىگىتنىڭ ئاتىسى بىگۇنا ئولتۇردى. ئاتامنىڭ قىساسىنى بۇنىڭدىن ئالماقچى ئىدىم.
— ئەي يىگىت دىدى ھاتەم ئىككىنچىسىگە،— ئاللادىن قورقماي نىمىشكە ناھەق قان توكىسلەر؟
— ماڭا قىزىنى بەرمىدى، شۇنىڭ ئۇچۇن ئولتۇردۇق— دىدى ئىككىنچى يىگىت.
ھاتەم بىرىنچى يىگىتتىن سورىدى:
— سىڭلىڭنى نېمىشكە بەرمىگەن.
— بۇ ھەمشىرىسىنى ماڭا بەرمىگەن، ئەگەر ئۇنى ماڭا بەرسە،



ئارىمىزدىكى ئىنزا كوتۇرىلىدۇ،— دىدى بىرىنچى يىگىت.
— مېنىڭ ئاتام،— دىدى يەنە بىرى،— بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ.
— ئۇنداق بولسا مېنى ئاتاڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغىن،— دىدى ھاتەم،— مەن ئاتاڭنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ بېرەي، ھەرئىككىڭلار مۇرادىڭلارغا يېتىڭلا.
شاھزادىلەر ھاتەمنى ئۇز شەھەرلىرىگە ئېلىپ بېرىپ شاھھورجىننىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىدى. ھاتەم ئۇلارنىڭ قائىدىسى بويىچە سالام بەردى. پادىشا كوز ئالدىدا ئەدەپلىك بىر ئادەمزاتنىڭ تۇرغانلىقىنى كورۇپ زوقلۇنۇپ، تەختتىن ئورۇن بەردى.
— ئەي يىگىت،— سورىدى پادىشا ھورجىن،— قەيەردىن كەلدىڭىز، نەگە بارىسىز، بۇ يەرگە نىمە ئۇچۇن كېلىپ قالدىڭىز؟
ھاتەمبارلىق سەرگۇزەشتىلىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى. جىنلار شاھى تەھسىن - ئاپىرىنلار ئېيتتى.
— ئەي شاھ،— دىدى ھاتەم،— پەرزەنتىڭىزنىڭ ھايا تلىقىنى خالامسىز؟
— يۈرەكپارەمنى نىمىشكە خالىمايمەن؟— دىدى شاھ ھورجىن.
— ئۇنداق بولسا، سىزگە مەسلىھەتىم شۇكى،— دىدى ھاتەم،— قىزىڭىزنى ئاتىسى ئولگەن يىگىتكە بېرىڭ، ئۇنىڭ ھەمشىرىسىنى ئوغلىڭىزغا ئېلىپ بېرىڭ، ئاداۋەتنى يوق قىلىپ، ئوز ئارا ئۇرۇق - تۇققان، قېرىنداش بولۇڭلار.
بۇ مەسلىھەتكە شاھ قوشۇلدى ۋە ئەتىسىلا توي تەرەددۇتىنى قىلىپ پۇتتۇردى. ئوز ئادەتلىرى بويىچە تاماششىلار قىلىپ بېرىپ، ئىككى جۇپ يىگىتقىزنىڭ نىكاھىنى بىر كۈندىلا ئادا قىلدى. ئۇلار مۇرادىلىرىغا

يېتىپ، ھاتەمدىن كۆپ مىننەتدار بولدى. نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلدى. شاھ ھورجىنمۇ ھاتەمگە نۇرغۇن سوۋغىلارنى ئىنئام قىلدى.

ھاتەم ئۇلار بەرگەن سوۋغىلارنى جىنلارنىڭ پەقىرلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، پادىشادىن جاۋاپ ئېلىپ يەنە مازانداران يولىغا راۋان بولدى.

شاھ ھورجىن خېلى يەرگىچە بىللە ھەمرا بولۇپ باردى ۋە ئۇزۇتۇش ئالدىدا ھاتەمگە ئىككى يالداما بەردى. ئىككى يالدامىنىڭ بىرسى ھاسا، يەنە بىرى موھۇر ئىدى.

— بۇ نەرسىلەر سىزنىڭ ھەر قانداق مۈشكۈلىڭىزنى ئاسان قىلىشتا ئەسقاتقۇسى دېدى شاھ ھورجىن،- ناھايىتى ھوشيارلىق بىلەن ساقلاڭ، ھەر قاچان قولدىن چىقىرىپ قويماڭ.

ھاتەم يەنە يولنى داۋام قىلىۋېتىپ بىر دەرياغا دۇچ كەلدى. بۇ ئەتراپتا نە قېيىق، نە كېمە كۆرۈنمەيتتى. ھاتەم: «بىسمىللا، شاھ ھورجىن بەرگەن ھاسا، چوڭ قېيىق ياكى كېمە بولۇپ مېنى ئۇ تەرەپكە سالامەت ئۆتكەزگەي» دەپ نىيەت قىلدى.

ھاسا ئۇنى سۇدا بىمالال ئېلىپ كېتىۋاتقاندا بىر لەھەڭ پەيدا بولۇپ ھاتەمگە سېھىرگەرلىك قىلدى.

— ئەي ئەزىزىم،- دېدى ئۇ ئادەملەرنىڭ تىلىدا سۆزلەپ،- ئاللاتائالا سىزنى بۇ يەرگە يەتكۈزۈپتۇ، ئاتا - بوۋامدىن قالغان ماكانىمنى سەرتان دىگەن تۇققۇنۇم زورلۇق قىلىپ تارتىۋالدى. سەرتاندىن ئۆز ماكانىمنى تارتىپ ئېلىپ بەرسىڭىز ئىكەن.

— خوپ، ئىنشائاللا،- دېدى ھاتەم،- قېنى باشلاڭ!

ھاتەم لەھەڭگە ئەگىشىپ ماڭدى، قىرغاققا يېقىن بارغاندا، ھاتەم ئالدىدا ماڭدى، سەرتان لەھەڭنىڭ بىر ئادەمنى باشلاپ كەلگەن-



لىكىنى كوردى - دە، دەر غەزەپ بولۇپ دەريا يۈزىگە چىقىپ چۇقان سالدى. ھاتەم قاراپ كوردىكى، ئالدىدا تاغدەك چوڭ، يۇمۇلاق، چىشلىرى خەنجەردەك بىر جانىۋار تۇراتتى. ئۇ ھاتەمگە يېقىنلاشتى.

ھاتەم كوڭلىدە «ئەي بەندىسىگە كويۇملۇك مېھرىبان ئاللا، بۇ مەخلۇقنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىشىمگە مەدەت بەرگەيسەن» دېدى.

— ئەي ئادەم،- دېدى سەرتان ئادەم تىلىدا سوزلەپ،- بىزنىڭ ئارىمىزدا ھېچقانداق ئاداۋەت يوق. سەن بىر لەھەڭگە ھىمايىچى بولما، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن بىز بىر جىنس. ئۆز يولۇڭغا ماڭ!

— ئەي سەرتان،- دېدى ھاتەم ئاۋازىنى ياڭرىتىپ،- خا دەريا، خا تۇپراق، خا ئاتەش، خا شامال، خا ئىنسان، خا جىن بولسۇن - ھەممىسى ئاللانىڭ مەخلۇقاتلىرى، خۇدا ئۆز مەخلۇقاتلىرىنى نىمە قىلسا قىلىۋېرىدۇ. سەن ئاللانىڭ قەھرىدىن قورققىن، لەھەڭ بىچارىنىڭ ماكانىنى بەرگىن.

— ئەي ئىنسان،- دەپ ۋاقىرىدى سەرتان قەھرى بىلەن،- ئەقىلسىز ئىكەنسەن، ئەندى ئۆز ئۆۋالىڭ ئۆزەڭگە.- ئۇ ھاتەمگە قاراپ ئېتىلىشقا باشلىدى. دەريا شىددەتلىك چايقالدى. ھاتەم، سەرتاننىڭ غەزىۋىنىڭ چېكىدىن ئېشىپ تېشىۋاتقىنىنى كوردى- دە، خەنجىرىنى قېنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ھۇرۇۋىدى، سەرتاننىڭ چىشلىرىدىن بىر قانچىسى توكۇلۇپ كەتتى. شۇ چاغدا سەرتاننىڭ ئاجىزلىشىپ كۈچى كەتكەنلىكىنى كورگەن لەھەڭ دەرھال كېلىپ سەرتاننى يېۋەتمەكچى بولدى.

— توختا، پەيلىڭدىن يان،- دېدى ھاتەم لەھەڭگە،- ئەندى

ماكانىڭنى قولۇڭغا ئال، بۇ بىچارە بىلەن كارىڭ بولمىسۇن،
بەلكى ئىناق ئۆتۈڭلار.

هاتەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاداۋەتنى يۇيۇپ، كېلىشتۈرۈپ
قويۇپ يەنە ئۆز يولىغا راۋان بولدى. لەهەڭ يول باشلاپ ما-
زانداران جاڭگىلىغا يېقىن يەرگىچە بىللە باردى.

× ×

لەهەڭ بىلەن خوشلاشقان هاتەم دەريادىن چىقىپ مازان-
داران جاڭگىلىغا قەدەم قويدى. ئاجايىپ - غارايىپ نۇرغۇن
نەرسىلەرنى كۆرۈپ تاماشالار قىلدى. ئاندىن چوڭ بىر دەرەخنىڭ
تۈۋىدە توختاپ ئارام ئېلىشقا ئولتۇردى. كېچىنى شۇ يەردە
ئۆتكۈزدى. تاڭ ئاتقاندا هەر تەرەپتىن مۇرغ پەررۇهلار كېلىشكە
باشلىدى. ئۇلار هەر ئايدا بىر قېتىم مۇشۇ دەرەخ تۈۋىگە يىغى-
لىپ كەچ بولغىچە مەجلىس قىلىشاتتى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچى-
دە بۇ يەرگە نۇرغۇنلىغان مۇرغ پەررۇهلار يىغىلىپ كەتتى. ياشلىرى
قېرىلىرىدىن سورىدى:

— هېچقاچان بۇ يەرگە ئادىمىزاتنىڭ قەدىمى يەتمىگەن
ئىدى، بۈگۈن قانداق بولۇپ بۇ ئادەم كېلىپ قالغاندۇ، بىلە-
دىڭلارمۇ؟

— ئىزىزلىرىمىزدىن ئاڭلىغانىمىزكى، — دەپ جاۋاپ بەر-
دى دانىشمەنلىرى، — بىر كۈنلىرى بولغاي، تەيىنىڭ ئوغلى ها-
تەمنىڭ قەدىمى بۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە يېتىپ، بىزدىن بىر جۈپ
مۇرغ پەررۇهنى تەلەپ قىلغاي، شۇنچە يول ئازاۋىنى تارتىپ
بۇ يەرگە كەلگەن بۇ ئادەمگە بىز ياردەم قولىمىزنى سۇنمىساق
بولماس. چۈنكى مۇنداق قىلىش-ياخشىلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.



— ئۇنداق بولسا ياردەم قىلارمىز، — دېيىشتى هەممە
قۇشلار.

ئۇلار ئۆز باللىرىنىڭ ئەركەك - چىشىدىن بىر جۈپ بې-
رىشتى. هاتەم ئۇلارغا كۆپ دۇئالار قىلىپ بۇ بىر جۈپ قۇش
باللىرىنى قوينىغا سېلىپ، قۇشلار جامائەسى بىلەن خوشلىشىپ،
ئۆز يولىنى داۋام ئەتتى. كۆپلىگەن دەشتلەرنى، تاغۇ سەهرالار-
نى بېسىپ، سەيلى - تاماشا قىلىپ كامىل يىگىتنىڭ ئالدىغا
قەدەم قويدى. ئىككىسى كېچىنى بىللە ئۆتكۈزدى. ئەتىسى كا-
مىل يىگىت مۇسەففەر جادۇگەرنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ شۇ بىر
جۈپ قۇش باللىرىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. جادۇگەر ناهايىتى
خۇشال بولۇپ:

— ئەي كامىل يىگىت، بۇ ئىشنى سەن قىلىمدىڭ، — دېدى
ۋە كامىل يىگىتتىن سەپەر ئەهۋاللىنى، يول ئالامەتلىرىنى سورىدى.

كامىل يىگىت هاتەمنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە جاۋاپ بەر-
دى. يىگىتنىڭ جاۋابى جادۇگەرگە ماقۇل كەلدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى جادۇگەر ئىككىنچى ۋەزىپىسىگە
بۇيرۇپ، — قىزىل ئىلان موهۇرىنى هازىر قىلغىن.

كامىل يىگىت جادۇگەرنىڭ ئالدىدىن قايتىپ چىقىپ،
مارايىغا كېلىپ ئارام ئالدى. ئەتىسى ئىنىڭ ئاتا مەلىكىدىن
بىر پارچە خەت ئېلىپ كېلىپ، باشقىلارغا كۆرسەتمەستىن ئۇنىڭ-
غا بېرىپ كەتتى.

كامىل يىگىت خەتنى ئېچىپ مۇلاهىزە قىلىپ كۆردى.
خەتتە ماۋۇلار يېزىلغان ئىدى: « ئەي ئازات كىشى، مەن ئۈچۈن
كۆپ جاپالارنى چەكتىڭ، كېيىنكى سوزۇم شۇكى، قىزىل ئىلان
موهۇرىنى كويىقاپقا تەئەللۇق بىر قىزىل سەهرادىن ئىزلىسەڭ

ئېھتىمال قولۇڭغا كەلگەي، ئىنشائاللا ساق بېرىپ، سالامەت كەلگەيسەن، نامە تامام ۋەسسالام.»

كامىل يىگىت بۇ نامەنىڭ مەزمۇنىدىن ھاتەمنى خەۋەرلەندۇردى. ھاتەم قىزىل يىلان موھۇرىنى ئىزدەپ يولغا راۋان بولدى.

ئەندىكى رىۋايەتنى قىزىل دەشتتىن ئاڭلاڭلار:

ھاتەم ئۆز ئادىتى بويىچە ساياھەت قىلىپ باراتتى. خۇدايى تائالانىڭ سەنئىتىنى مۇلاھىزە قىلىپ ھوزۇرلىناتتى ۋە قۇدرىتىگە مەدھىيىلەر ئوقۇيتتى.

ئۇ بىر سەھراغا قاراپ كېتىۋاتقاندا، ئالدىدا شىرغا ئوخشايدىغان بىر ھايۋان پەيدا بولدى - دە، ھاتەمگە پەرۋامۇ قىلماستىن بىر گەمە تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ھاتەم ئۇنىڭ كەينىدىن كېلەتتى. ھېلىقى ھايۋان بىر يەرگە كەلگەندە بىر چىقىراپلا گۈزەل بىر قىزغا ئايلاندى ۋە بىر بۇلاق لىۋىگە بېرىپ ئولتۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ يەرگە ئاتلىق ئىككى يىگىت پەيدا بولدى ۋە بۇ ساھىبجامال قىزنىڭ بۇلاق يېنىدا ئولتۇرغانلىقىنى كوردى ھەم ئالدىغا كېلىپ سورىدى:

– نازىنىن قىز، كىم بولسەن، بۇ دەشتتە نىمە ئۈچۈن يالغۇز ئولتۇرىسەن؟

– مەن،- دەپ جاۋاپ بەردى قىز،- بىر سوداگەرنىڭ قىزى ئىدىم. دادام مېنى ھەمرا قىلىپ بىللە ئېلىپ چىققان ئىدى. بىز بارىدىغان مەنزىلنىڭ يۇقۇرىسىدا بىر توپ قاراقچىلار ئۇشتۇمتۇتلا كارۋانلارنى بۇلاشقا باشلىدى. مەن قاچقىنىمچە بۇ يەرگە كېلىۋالدىم. شۇندىن بۇيان بۇ بۇلاق بويىدا ھايات كوچىرىۋاتىمەن.



يىگىتلەر ئاكا - ئۇكا ئىدى.

- بىزنىڭ بىرىمىزنى ئەرلىككە قوبۇل قىلغىن، سېنى ئۆزىمىز بىلەن بىللە شەھەرگە ئېلىپ كېتەيلى،- دېدى ئۇلار.

قىز ئۆزىگە چوڭىنى قوبۇل كوردى- دە، ئاتنىڭ كەينىگە سەكرىشىۋالدى. ئۇلار ئۈچ - تورتچاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن قىز بالىۋۇرۇپ:

- بەكمۇ ئۇسساپ كەتتىم،- دېدى.

ئىككى يىگىت بىر - بىرىگە قاراشتى.

- سىز بۇ قىز بىلەن تۇرۇپ تۇرۇڭ،- دېدى ئاكىسى قىزنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ قويۇپ ئۇكىسىغا،- مەن بېرىپ سۇ تېپىپ كېلەي.

ئۇ ئېتىغا مىنىپ سۇ ئىزدەپ كەتتى.

- ئەسلى مەن سېنى تاللىماقچى ئىدىم، - دېدى قىز يىگىتكە كىرە سېلىپ،- لېكىن ئاكاڭدىن قورقۇپ، سېنى ئولتۇرۇۋەتمىسۇن دەپ، ئاغزىمنىڭ ئۈچىدىلا شۇنداق دەپ قويغان ئىدىم. بۇ- باختى پۇرسەت بولدى. كوڭۈل ئېچىپ مۇرادىمىزغا يېتىۋالايلى.

- قولىڭىزنى تارتىڭ،- دېدى يىگىت ئۆزىنى قاچۇرۇپ،- سىز ماڭا ئانا بولۇپ قالدىڭىز...

قىز بۇ سوزدىن قاتتىق رەنجىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ چاچلىرىنى چۇۋۇپ، ئۈستىدىكى كىيىملىرىنى سېلىۋەتتى. دەل شۇنىڭ ئۈستىگە ئېرى كېلىپ قالدى.

- ۋاي ئېسىت ئۇسسۇغۇنۇمغا، زەھەر ئىچسەممۇ بولغان ئىكەن،- دېدى قىز يىغلاپ تۇرۇپ، - سىز كەتكەندىن كېيىن بۇ لائىنساپ نىيىتىنى بۇزۇپ ماڭا قول ئۇزاتتى. مەن نومۇسۇمنى بۇلغاشتىن ئولۇمنى ئەلا بىلىپ قەتئىي قارشىلىق قىلدىم. بۇ مېنى مەجبۇرلاپ، كىيىملىرىمنى يىرتىپ، چاچلىرىمنى چۇۋۇۋەتتى...

— ئەي نومۇسسىز!— دېدى يىگىت ئىنىسىگە غەزەپ بىلەن قادىلىپ، — بۇنداق يۈزسىزلىكنى قىلىشقا بېتىڭ قانداق كوتۇردى، قايسى ۋىجدانىڭ بىلەن جۈرئەت قىلدىڭ؟

— ماڭا ئىشىنىڭ،— دېدى ئىنىسى،— بۇ خوتۇنلىرىڭىزنىڭ ئېيتقانلىرى پۈتۈنلەي يالغان، ھەرگىز مۇنداق قىلمىدىم.

ئۇ، ئىنىسىنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىدى. شەمشىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئىنىسىنىڭ بېشىغا زەرب بىلەن ئۇردى. ئىنىسىمۇ قارشىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار بىرھازا شەمشەرۋازلىق قىلىشتى. ئاخىرى ھەر ئىككىسى ھاياتىدىن ئايرىلدى.

ھېلىقى قىز بىر يۇمۇلاپلا مۈشۈكلۈك كالىغا ئايلاندى ۋە گەمە تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ھاتەم يىراقتىن قارا — كورە كېلەتتى، ئۇ كالا گەمىگە بېرىپ ئازراق ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە بىر باياۋانغا قاراپ يول سالدى. كېيىن بىر يۇمۇلىۋېلىپلا ئىككى خىش ئالتۇنغا ئايلىنىپ، يولنىڭ چېتىدە تۇردى.

ھاتەم بۇ ئىشلارغا ھەيران بولۇپ، يىراقتىن ئىنچىكىلەپ كۆزىتەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇيەردە ئۈچ ئاتلىق كىشى پەيدا بولۇپ، يول ئۈستىدىكى ئالتۇننى كورۇپ، ئاتتىن چۈشۈشتى. ئاندىن ئالتۇننى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ جىك ئالتۇن ئىكەنلىكىنى بىلىشتى ۋە: "ئەگەر بۇ ئالتۇن خىش ئۈچ پارچە بولغان بولسا، ئۈلەشمىگىمىز ئوڭاي ئىدى. ئەمما ئالتۇن خىش ئىككى، بۇنى قانداق قىلىمىز؟"— دېيىشتى.

— ئاۋۋەل بىر ناشتا قىلىۋالايلى— دېدى چوڭى.

ئەلقىسسە، ئۇلار شۇنداق ۋەدىلىشىپ، بىرىنى تاماق ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن شەھەرگە ئەۋەتتى. تاماققا كەتكەن كىشىنىڭ تاماقنى ئېلىپ كەلگىچە نىيىتى بۇزۇلدى— دە: "تاماققا زەھەر سې-



لىپ بېرەي. ئۇلار ئۆلسە ئالتۇن ماڭا قالغاي"— دەپ ئويلىدى. قالغان ئىككى كىشىمۇ تاماق ئېلىپ كەلگۈچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئالتۇننى ئۈلەشنى مەسلىھەت قىلىشتى ۋە ئۇ كىشى كەلگەندە شەمشەر بىلەن كاللىسىنى ئېلىپ، ئۆلۈكىنى كۆمۈۋېتىپ خاتىرجەملىك بىلەن تاماق يېيىشكە ئولتۇرۇشتى. تاماقنى يەپ بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارمۇ ئۆلدى.

ھېلىقى ئىككى ئالتۇن خىش ئۆز ئارا قوشۇلۇپ بىر بوۋايغا ئايلاندى — دە، ھاسا تايىنىپ يەنە يولغا چۈشتى.

ھاتەم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سالام بەردى. بوۋاي ھاسرىغان قىياپەتتە جاۋاپ سالام قايتۇردى.

— ئەي بوۋا،— دېدى ھاتەم،— نەچچە كۈن بولدى. مەن سىز بىلەن بىللە يۈرۈپ، سىزدە ئاجايىپ سىرلارنى كوردۇم. ماڭا بۇ سىرلارنىڭ سەۋەۋىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز.

— ئول خۇدا ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى ياراتقۇچىدۇر،— دېدى بوۋاي مېڭىشقا ئالدىراپ،— مېنى توسۇپ ئاۋارە قىلما، سىرلىرىم ناھايىتى كوپ، قايسىبىرىنى ئېيتىپ بولاي؟

— ئازغىنا بولسىمۇ سۆزلەپ بېرىڭ،— دەپ يالۋۇردى ھاتەم بوۋاينىڭ ئالدىنى توسۇپ،— مېنى نارازى قىلماڭ، مېنىڭمۇ سىزگە پايدام تېگىپ قالار...

— ئەي ھاتەم،— دېدى بوۋاي سۆزلەشكە مەجبۇر بولۇپ،— بۇ دۇنيادىكى رىزقى ئاخىرلاشقان ھەر قانداق بىر مەخلۇقنىڭ بۇ دۇنيادىن قايتىشىغا بىر ئىش سەۋەپ بولىدۇ. لېكىن ئۇنى پاش قىلغىلى بولماس. سۆزۈم شۇ، ھازىر بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەشكە پۇرسەت يوق.

— ئېيتىڭا بوۋا،— دېدى ھاتەم،— مېنىڭ ئۆمرۈم قاچان ئاخىرلىشار؟

— تېخى ئۆمرۈڭ بار،— دېدى بوۋاي،— خۇدالىڭ يولىدا ئىش قىلىشتىن ھەرگىزمۇ يۈز ئۆرۈگۈچى بولما، ئاخىرى بىر - ئىككى پەللىدىن يىقىلىپ، بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىسەن.

بوۋاي شۇنداق دېدى - دە، ھاتەمنىڭ كۆزىدىن غايىپ بولدى.

ھاتەم شۈكرى ئېيتىپ، سەجدىگە باش قويدى. كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزىل دەشت تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى.

تاغ - دەشتلەرنى بېسىپ، ئاۋۋەل قارا تۇپراققا، ئاندىن ئاق تۇپراققا، ئاخىرىدا يېشىل تۇپراققا قەدەم قويدى. تاكى يەتتە رەڭلىك تۇپراق ۋە زىيانداشلاردىن شاھ ھورجىننىڭ ھاسىسى ۋە باشقا خاسىيەتلىك نەرسىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن سالامەت ئۆتتى.

قىزىل يەرگە يەتكەندە، گويا ئالەمگە ئوت كەتكەندەك ھەممە يەر قىزىرىپ كەتتى. بۇ يەر قىزىل يىلاننىڭ ماكانى ئىدى. قىزىل يىلاننىڭ مۆھۈرىنىڭ خاسىيىتىدىنمۇ شۇنداق ئىسسىق بولاتتى. ھاتەم ئاي پەرىنىڭ مۆھۈرىنى ئاغزىغا سېلىپ، شاھ ھورجىننىڭ ھاسىسىنى يەرگە قاداپ قويۇپ، ئاللاتائالانى ياد ئېتىپ ئولتۇردى.

قىزىل يىلان ئادەمنىڭ ھىدىنى ئېلىپ، يىراقتىنلا قەددىنى تاغدەك كۆتۈرۈپ تىكلەندى. ئۇنىڭ بۇرۇنلىرىدىن چىقىۋاتقان نەپەس گويا بوراندەك، ئاغزى خۇددى غاردەك، بېشى يوغان گۈمبەزدەك ئىدى. كۆزىدىن لاۋۇلداپ ئوت يېنىپ تۇراتتى.

ئۇ، ھاتەمگە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، يېقىن كېلەلمىدى. ھاتەم ھاسىسى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇرۇۋىدى، بۇزەر-



بىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن قىزىل يىلاننىڭ يۈرىكى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىپ قاتتىق قەي قىلدى. قەي قىلىش بىلەن تەڭ مۆھۈر يەرگە چۈشتى. قىزىل يىلان بىر ئاز ھوشىغا كەلدى.

— ئەي خۇدانىڭ بەندىسى،— دېدى ھاتەم ئۇنىڭغا خىتاپ قىلىپ،— ئاللاتائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئەندى ئۆز يولۇڭغا ماڭغىن.

قىزىل يىلان ئوت چىقارماي ئارقىسىغا ئۇرۇلدى - دە، يۈرۈپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن مۆھۈرنىڭ ئىسسىقلىقى پەسىيىپ، ئەتراپ سوۋۇپ ئەسلىگە كەلدى.

ھاتەم مۆھۈرنى ئېلىپ يولغا چۈشتى.

ئەلقىسسە، ھاتەم يەنە سەھرالارنى ئارىلاپ، دەشتۇ - باياۋانلارنى كېزىپ، كامىل يىگىتنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار بىر كېچىنى بىللە ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى مۇسەففەر جادۇگەرنىڭ قېشىغا بېرىپ، مۆھۈرنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدى.

— ئەندى چۈچۈتۈلگەن ياققا كىرىپ چىقسۇن،— دېدى جادۇگەر،— قېنى خىزمەتكارلىرىم، تەييارلىق قىلىڭلار.

جادۇگەرنىڭ خادىملىرى بىر چوڭ داشتا ياغنى قىزىتىپ داغلىدى. كامىل يىگىت قايناۋاتقان ياغنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن تىترىگىنىچە تۇردى. ھاتەم ئۇنىڭ ئاغزىغا شاھ ھورجىننىڭ مۆھۈرىنى سېلىپ قويدى ۋە تەسەللى بېرىپ:

— قورقماستىن ئىشىق قازىنىغا كىرىپ چىققىن، - دېدى ھاتەم ۋە كامىل يىگىتنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا مەدەت بېرەتتى.

كامىل يىگىت ئۆزىنى قازانغا تاشلىماقچى بولغاندا، شاھ دەرھال كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى.

– بەس، – دىدى ئۇ، – شەرتلىرىمنى تولۇق ئورۇنلىدۇڭ، ماڭا كۆيۈغۈل، مەلىكىگە دىلبەندى بولدۇڭ.

توي تەييارلىغى پۈتۈپ، مەلىكىنى كامىل يىگىتكە نىكاھلاپ بەردى. ھاتەم بۇيەردىن خوشلۇشۇپ كوۋلىقاغا راۋان بولدى. گاھ دەشت – باياۋانلارنى، گاھ دەريالارنى كېزىپ، بىر ئېگىز تاغنىڭ قېشىغا يەتتى. ئۇ تاغنىڭ چوققىلىرى بۇلۇتلاردىن ھالقىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىشىنىڭ ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ھاتەم بۇتاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، سەيلە قىلىشنى ھەۋەس قىلىپ ئويلاپ تۇراتتى. شۇدەم بىرجامائەت پەرىلەر كۆزىگە كورۇنۇپ، يەنە دەرھال غايىپ بولدى.

ھاتەم پەرىلەر غايىپ بولغان يەرگە قاراپ ماڭدى. كوپ رەنجۇ – مۇشەققەتلەر تارتىپ، ئۇيەرگە يېتىپ باردى. ئۇ يەردە بىر غار كورۇندى. ئۇنىڭ ئىچى قاپ – قاراڭغۇ بولۇپ، بۇ پەرىلەر ماكانى ئىكەن.

ھاتەم «ئاللاھۇ ئەكبەر» دىگىنىچە ئۇيەرگە قەدەم قويدى. بىر – ئىككى قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن كوز ئالدىدا بىر كاتتا بوستانلىق پەيدا بولدى. بۇ بوستانلىق كوركەم ۋە گۈزەل بولۇپ، يوللىرىدا ھەر خىل دەرەخلەر قەد كوتىرىپ، ئۇنىڭ شاخلىرىدا تۇرلۇك – تۇرلۇك قۇشلار بەس – بەس بىلەن سايرىشىپ تۇراتتى. بوستانلىقنىڭ ئالدىدىلا بىر چوڭ ئايىۋان بولۇپ، ھەر – تەرىپىگە شاھ سۇپىلار ياسىلىپ، زىلچا – گىلەملەر سېلىنغان ئىدى. بوستانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولسا، ئەتراپى قىممەت باھالىق تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن بىر كول تۇراتتى. كولنىڭ سۇيىنىڭ سۈزۈكلىگىدىن ئاستىدىكى بېلىقلار ئېنىق كورۇنۇپ تۇراتتى.



تەرەپ – تەرەپتە بەزمە تەييارلىغى كېتىۋاتقان بولۇپ، خىل – خىل مىۋىلەر، تۇرلۇك لەززەتلىك تائاملار، قەن – گېزەكلەر ھازىرلاپ قويۇلغان ئىدى.

ھاتەم مىۋە – تائام ۋە قەن – گېزەكلەردىن يەپ قوسۇغىنى تويغازدى، ئۇنىڭ ئاچلىق، ئۇسسۇزلىغى تەسكىن تاپتى. شۇچاغدا بىر جامائەت ئەر پەرىزاتلار پەيدا بولدى. ھاتەم ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىلىۋىدى، ئۇلار جاۋاپ سالام بېرىپ:

– دەرھال ئوزىڭىزنى بىر ياققا ئېلىڭ، بۇ باغ پەرىلەر شاھىنىڭ يۇرەك پارىسى، كوز نۇرى مەلىكە ئەلكەن پەرىنىڭ خاس بېغىدۇر. بىز ئۇنىڭ ياغۋەنلىرىمىز. بىزگە ۋابالىڭىز قالمىسۇن، ئۇ سىزنى كورسە ھالاك قىلىدۇ، – دىدى.

– ئەي ئەزىزلىرىم، – دىدى ھاتەم، – قارىغۇنىڭ تىلىگى ئىككى كوز. مېنىڭ ئەشۇ پەرىلەر شاھزادىسىغا ئەرزىم بار. شۇنىڭ ئۇچۇن كەلگەنمەن.

گەپ شۇ يەرگە يەتكەندە، ھاۋا گۇلدۇرلەپ، ئەتراپ قاراڭغۇلۇشۇپ، مەلىكە ئەلكەن پەرىنىڭ كېلىۋاتقانلىغى مەلۇم بولدى.

– بىر بۇلۇڭغا يوشۇرۇنۇۋېلىڭ، – دىدى باغۋەنلەر يالۋۇرۇپ، – بىز ئەرزىڭىزنى يەتكۈزۈپ، ئاندىن سىزنى كورسۇتىمىز.

ھاتەم بىر پىنھاندا ئولتۇرۇپ تۇردى. ئۇككۇردىكى بۇ يەرگە ئۇرغۇنلىغان قۇشلار ئۇچۇپ كېلىپ، بىر يومۇلۇنۇپلا پەرىزاتقا ئايلاندى. بەزىسى تەختتە، بەزىلىرى سەندەلدە ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىپ، لەززەتلىك تائاملارنى يەپ ھوزۇرلىنىشتى. ئورنىدىكى تىللا تەختتە ئايدەك گۈزەل، قەلەم قاشلىق بىر نازىنىن سەنەم ئولتۇراتتى. ھاتەم ئۇنى بىر كورۇپلا ھەم-

منى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭغا ئاشىقى - شەيدا بولۇپ قالدى. ئۆمرىدە ئۇ مۇنداق پەرىنى كۆرمىگەن ئىدى.

— ئەي هاتەم، ئەگەر سەندە مۇنداق مۇددىئا بولىدىغان بولسا، ھەممە ئىشلىرىڭ خاراپ بولىدۇ - دە، ساڭا يايدا يوق- دىگەن سادا ئاڭلاندى.

ھاتەم بۇ سادادىن ھوشىغا كەلدى. ئاللاتائالاغا شۈكرىلەر ئېيتتى ۋە باغۋەن پەرىلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتتى.

باغۋەن پەرىلەر مەلىكىگە ئەرز قىلدى:

— ئەي مەلىكە، ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا بۇ يەرگە بىر ئادىمىزات كەلدى. ئۆزلىرىنىڭ پەرمانلىرى قانداق بولغاي؟

— ئەلۋەتتە ئۇ ۋىسالىمغا ئاشىق بولغاي، - دىدى مەلىكە ئەلكەن، - بۇ يەرگە ھازىر قىلىڭلار!

باغۋەنلەر ھاتەمنى مەلىكە ئەلكەننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. مەلىكە ئۇنىڭ تەمىم ئەمەس، بەلكى ھاتەم ئىكەنلىكىنى كوردى - دە، جان دىلىدىن ئۇنىڭغا ئاشىقى- شەيدا بولدى.

ھاتەم مەلىكە ئەلكەن پەرىگە پەرىلەرنىڭ رەسمى - قائىدىسى بويىچە ئېگىلىپ سالام بەردى. ھاتەمگە يوقۇرىدىن جاي كورسۇتۇلۇپ، دوستىخان سېلىنغاندىن كېيىن:

—ئەي ئەركىن يىگىت، - دىدى مەلىكە ھاتەمگە قاراپ، - سىز كىمنىڭ ئوغلى بولىسىز. قەيەردىن كەلدىڭىز؟ نەگە بارماقچى. مۇنداق پىيادە، يىگانە سەپەر قىلىشتىكى مەقسىدىڭىز نىمە؟

ھاتەم دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ دۇئا قىلدى - دە، مۇلايىملىق بىلەن:



— ئالدىڭىزدا تۇرغان پەقىر مۇساپىر يەمەن زىمىنىدىن بولۇپ، يەمەن پادىشاسى تەيىنىڭ ئوغلى ھاتەمدۇرمەن، مەن بەندىلەرنىڭ مۇھتاجلىقى ئۈچۈن ھاياتىمنى بېغىشلىغانمەن، - دەپ جاۋاپ بەردى.

— خۇدا رەھمەت قىلسۇن سىزگە، - دىدى مەلىكە ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، - نامىڭىزنى ئاڭلىغانمەن. بۇ يەرگە كېلىشىڭىزنى ۋە مۇنداق ئۇچرۇشۇپ قېلىشىمىزنى ھەرگىز ئويلىمىغان ئىكەنمەن. سىزگە رەخمەت.

—ئەي مەلىكە، -دىدى ھاتەم، - مېنىڭ بېشىمدا نۇرغۇن ساۋالار بار. ئۇنى سىزگە سوزلەپ بەرسەم مالال بولۇپ قالىسىز ...

— يوقسۇن، دىدى مەلىكە ئالدىراپ، - شۇ ئىشلار ھەققىدە بىر - بىرلەپ سوزلەپ بېرىڭ، مېنىڭ سىزدىن تەلەپ قىلغىنىممۇ شۇ.

ھاتەم ئوتكەن ئىشلار ھەققىدە سوزلەپ بولۇپ ئېيتتى.

— ئەي مەلىكە، ئاشىق بىچارە تەمىمنى ئېلىپ كەلسىڭىز، ئۇشبۇ بەزمىلەردە بىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، كوڭۈل ئېچىپ، خوشاللىقتىن بەھرىمەن بولسا...

مەلىكە ھاتەمنىڭ باشقا كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان كىشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى ۋە ئاپىرىنلار ئېيتىپ دىدى:

— خەير ، سىزنىڭ يۈز خاتىرىڭىز...

مەلىكە بىر قانچە ئادەملىرىنى تەمىمنى تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى.

بىر - ئىككى سائەتچە ۋاقىت ئوتكەن ئىدى. ئۇلار تەمىمنى ئېلىپ كېلىشتى. تەمىم مەلىكىنى كورۇپلا بىر نەچچە قېتىم ھوشىدىن كەتتى. مەلىكىنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ يۈزلىرىگە

گۈلاپ چېچىپ ھوشىغا كەلتۈردى. ئۇ، ھوشىغا كېلىپ كۆردىكى، ھاتەم تەخت ئالدىدىكى سەندەلدە ئولتۇراتتى. ئاي يۈزلۈك مەلىكە بولسا، تەخت ئۈستىدە نۇر چېچىپ تۇراتتى. تەمىم ئورنىدىن تۇرۇپ، مەلىكىگە سالام قىلىپ يەر سۆيدى. مەلىكە تەمىمگىمۇ ھاتەمنىڭ قېشىغا، سەندەل قويدۇرۇپ بەردى ۋە ئۇلارغا كاتتا زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى.

ھاتەم بىلەن تەمىم مەخسۇس ئۆيدە كېچىلىرى بەزمە، كۈندۈزلىرى ئويۇنقا بىلەن ئۆتتى.

— ئەي مەلىكە، — دېدى ھاتەم بىر كۈنى، — ئەندى تەمىم بىلەن ئىككىڭلارنىڭ تويىنى كۆرسەك ياخشى بولاتتى. بۇ پىكىرنى ئويلىنىپ كۆرسىڭىز...

— تەمىمگە ئادەتتىكى قىزلارمۇ كۇپايە قىلىدۇ، — دېدى مەلىكە ئۇنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرمەي.

مەلىكىنىڭ سۆز — ھەركەتلىرىدىن ئۇنىڭ ھاتەمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ھاتەم قانداق قىلىشىنى ئويلىدى ۋە بىر قاچا سۇغا ئاي پەرىنىڭ مۇھۇرىنى ئۈچ قېتىم چايقاپ، يېرىمىنى تەمىمگە ئىچكۈزدى. يېرىمىنى ئەلكەن پەرىنىڭ خاس شەربىتىگە قوشۇپ قويدى.

ئەتراپنى تۈن پەردىسى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، بەزمە باشلانغاندا، مەلىكە ھېلىقى شەربەتنى ئىچتى — دە، ئۇزاق ئۆتمەي قەلبىدە تەمىمگە نىسبەتەن تاقەت قىلىپ بولمايدىغان دەرىجىدە ئىشقى ئوتى ياندى. ئۇ ئوت بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، مەلىكىنىڭ ئەقىل-ھوشىنى يوقاتقىلى تۇردى.

— ئەي مەلىكەم، — دېدى ھاتەم پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، — تەمىم بېچارىنى ۋىسالىڭىزدىن مەھرۇم قىلماي، ئۇنىڭ نىكاھىغا ئۆتسىڭىز ياخشى بولاتتى.



— سىز خۇشال بولىدىغان بولسىڭىز مەيلى، — دېدى مەلىكە جاۋاپ بېرىپ، — ئالدى بىلەن ئاتامغا مەلۇم قىلاي.

مەلىكە ئىنىك ئانىسىغا:

— ئاتام شاھى پەرى بىلەن ئانام ماھى پەرىگە، «مەلىكە ھاتەمنىڭ بالىسى تەمىم بىلەن توي قىلماقچى، مېنى سىلەرنىڭ رازىلىقىڭلارنى ئېلىشقا ئەۋەتتى، دېگىن»، — دېدى.

ئىنىك ئانا شاھ پەرىگە مەلىكىنىڭ سۆزىنى بايان قىلدى.

— ناھايىتى ئوبدان بولۇپتۇ، — دېدى شاھ رازىلىق بېرىپ، — ھاتەمنىڭ بىزگە نەسىپ بولۇشى زور سائادەتتۇر.

ئەتىسىدىن باشلاپ توي ھازىرلىقىنى قىلىشقا باشلىدى ۋە ئوردا كاتتىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەلىكىنىڭ بېغىغا بېرىپ ھاتەم بىلەن تەمىمنى زىيارەت قىلىپ ئېيتتىكى:

— سىزنىڭ مۇبارەك قەدىمىڭىزگە بىر ئەمەس، مىڭ قىزىم بولسىمۇ بەرسەم ئازلىق قىلىدۇ. قىيامەتلىك تۇغقان — قېرىنداشلاردىن بولغايمىز.

ماھى پەرىمۇ ئوردا خوتۇن — قىزلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا كىرىپ كەلدى ۋە ھاتەم بىلەن تەمىمنى كۆرۈپ، قىزىنىڭ تەلىيى كەلگەنلىكىدىن خۇرسەن بولدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ بىر قانچە كۈن، توي — تاماشالار ئۆتكۈزۈلدى. مەلىكىنى تەمىمگە نىكاھ قىلىپ قويدى. ئىككى ئاشىق ۋىسال تېپىپ، مۇرادىغا يەتتى. ئۇلار ۋىسال كۈچى بېغىشلىغان قۇۋۋەت بىلەن ھاتەمگە كوپ دۇئالار قىلىشتى. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ھاتەم ھەممەيلەننى يىغدى.

— ئەي قېرىنداشلىرىم، — دېدى ئۇ يىغىن ئەھلىگە، — ئەندى ماڭا ئىجازەت بەرگەيسىلەر. تەشنا ۋىسالىلار يەنە باردۇر، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرگەيمەن.

شاھ پەرى بۇ پىكرىگە قوشۇلماي، يەنە بىر نەچچە ۋاقىت شۇ يەردە تۇرۇپ، ئارام ئېلىپ، تاماشا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ھاتەم يەنە ئۆز مەقسىدىنى ئىزھار قىلىپ رۇخسەت سوراۋەردى. شاھ پەرى ئىلاجىسىز ھالدا ئىجازەت بېرىپ، بىر قانچە ئادەمگە ھاتەمنى تەختىراۋاندا ئولتۇرغۇزۇپ، تاغۇ-سەھرالارغا ئاپىرىپ قويۇشنى بۇيرىدى.

شۇنداق قىلىپ، ھاتەم پەرىلەر بىلەن خوشلۇشۇپ ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

ئەلقىسسە، ھاتەم دەشتۇ-سەھرالارنى كېزىپ، سەيلە قىلىپ كېتىپ باراتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا دىلىنى ئورتەيدىغان نالە ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ نالە ئاۋازدا بىر نەزمە تەكرارناۋا قىلىناتتى. ھاتەم دەرھال توختاپ قۇلاق سېلىپ تىڭشىدى:

ھەر كىشىكى يامان ئىشنى قىلسا دىلداش،
ئاخىر بىر كۈن رەسۋا بولۇر، ئۇ بولۇپ پاش.

ھاتەم ئاۋاز چىققان تەرەپكە باردى. چوڭ بىر تۈپ دەرەخنىڭ شېخىغا بىر تومۇر قەپەز ئېسىغلىق تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر ئادەم ئولتۇراتتى. ئۇ ئادەم يىغلاپ تۇرۇپ ئەنە شۇ بېيىتنى ئوقۇيتتى. ھاتەم يېقىن بېرىپ ئۇنىڭغا سالام بەردى ۋە:

— نىمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا ئاھۇ-زار قىلىسىز، بېشىڭىز-



غا قانداق مۇشكۈل ئىش چۈشتى. نىمىشكە تومۇر قەپەزگە سولىنىپ قالدىڭىز؟

— ئەي ئەركىن كىشى، — دېدى ئۇ ئادەم، بىر ئاز نالە قىلىۋالغاندىن كېيىن، — سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭ. ئەھۋالىمنى بايان قىلاي. مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا بىر شەھەر بار. مەن ئەشۇ شەھەرلىكمەن. ئىسمىم ھەمرا باي بولۇپ، ئاتامنىڭ ئىتى ئەخمەت باي ئىدى. ئاتام مال-دۇنياسى كۆپ ئادەم بولۇپ، ھەمىشە سودىگەرچىلىك قىلاتتى. مەن: «دادامنىڭ مال-دۇنياسى ھەرگىز تۈگىمەيدۇ» — دەپ ئويلايتتىم. بىر كۈنى ئاتام ئاخىرەت يۈكىنى ئارتىپ ساراي پانىدىن ساراي باقىغا راۋان بولدى. ھەممە دېمى-دۇنياسى ماڭا قالدى. مەن دېمى-دۇنيالارنى ئاز كۈن ئىچىدىلا بۇزۇپ، چېچىپ، تۈگىتىپ بولدۇم، ھالىم خاراپلىشىپ، گادايلىققا دۇچار بولدۇم. ھەتتا كۈنلۈك روزىغارىمنى ئاران-ئاران تېپىپ يېدىم. بىر كۈنى بازاردا كېتىپ بارسام، بىر موللا كىتاپ ئېچىپ ئولتۇرۇپ: «ھەر كىمنىڭ ئۆيىدە كۆمۈلگەن دۇنيا بولسا، مەن تېپىپ بېرىمەن. ئەمما شەرتى شۇكى بەشتىن بىر قىسمىنى ماڭا بېرىشى لازىم» — دەۋاتتتۇ. كۆڭلۈمدە: «ئاتام كۆمۈپ قويغان دۇنيا بولۇپ قېلىپ، تېپىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس» — دەپ ئويلاپ، موللىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. ئاندىن موللام بىلەن توختاملىشىپ، تېپىلغان مال-دۇنيانىڭ بەشتىن بىرىنى بېرىشكە رازى بولدۇم — دە، موللىنى ئۆيگە باشلاپ كەلدىم. ئۇ نەچچە كېچە ئۇخلىماي تۈرلۈك ئامالىلارنى قىلىپ ھىساپسىز مال-دۇنيا تاپتى. مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم.

— ئەي باي ئوغۇل، — دېدى موللا ماڭا، — ئەندى ۋە-

دىگە ۋاپا قىلىپ بۇ دۇنيالارنىڭ بەشتىن بىرىنى ماڭا بەرگىن.

مەن موللىنىڭ بىر ئاجىز مۇساپىر ئىكەنلىگىنى كورۇپ، نىيىتىم بۇزۇلدى. تېپىلغان مال-دۇنيانىڭ بەشتىن بىرىنى ئەمەس، ئۇندىن بىرىنىمۇ بەرگىلى ئۇنىمىماي، ئۇنى ئۇرۇپ، ئويدىن ئىشتىرىپ قوغلاپ چىقاردىم. ئۇ ئاجىز بىچارە ئىلاجىنىڭ يوقلىغىدىن يىغلاپ نارازى بولۇپ كېتىپ قالدى.

مەن بۇ ماللارنىمۇ ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە تۈگىتىپ، يەنە گادايلىققا مۇپتىلا بولدۇم.

بىر-كۈنى كېتىۋېتىپ ھېلىقى موللىنى يەنە كورۇپ قالدىم. ئۇ ماڭا مېھرىبانلىق بىلەن:

— ئەي ھەمرا باي، ساڭا بىر ئىلىم ئۆگىتەي، ئۇنىڭ بىلەن قەيەردە خەزىنە بولسا، تېپىپ ئىشلىتىۋېرەرسەن، — دېدى.

بۇ سوزنى ئاڭلاپ شۇ ئىلىمنى تېزراق ئۆگىنىۋېلىشقا ئالدىرىدىم. موللامغا كوپ ۋەدىلەر بەردىم.

— بۇ ئىلىمنى كىشىلەر بار يەردە ئۆگىنىشكە بولمايدۇ، — دېدى ئۇ، — شەھەردىن سىرتقا چىقىپ پىنھان يەردە ئۆگىتىپ قوياي.

مەن ماقۇل بولدۇم. ئۇ موللا مۇشۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە مېنى باشلاپ كەلدى.

— ئاۋۋەل كوزۈڭگە سۈرمە تارتاي، روشەن بولسۇن، — دېدى موللا.

مەن ماقۇل بولدۇم. ئۇ دىگىنىدەك كوزلىرىمگە سۈرمە تارتتى. شۇئان كوزلىرىمدىن سۇ كېلىپ، ھېچنەرسىنى كورەلمىدىم. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدىم.



— ئەي موللا، — دېدىم ۋاقىراپ، — بۇ قانداق بولغىنى؟ مەن يەرنى كورەلمەي قالدىم. كوزۇم قارىغۇ بولۇپ قالدى...

— بۇ قەپەزگە كىرگىن، — دېدى ئۇ يەنە ئۆكتىپ، — ۋە مۇشۇ بېيتنى ئوقۇپ ئاھ-نالە قىلىپ يىغلىغىن. بىر كۈنلىرى تەينىڭ ئوغلى ھاتەمنىڭ بۇ يەرگە قەدىمى يەتكەي. بىر گىيا بار، ئۇ گىيانى ئېلىپ كېلىپ كوزۈڭگە تاڭسا، كوزۈڭ ئېچىلىدۇ. بۇ قىلغىنىم يالغانچىغا بېرىلگەن جازادۇر.

موللا شۇنداق دەپ قېشىمدىن غايىپ بولدى، شۇندىن بۇيان ھالىم مۇشۇنداق.

ئۇ يەنە نالە قىلغىلى تۇردى. ھاتەمنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كەلدى.

— ئەي ھەمرا، — دېدى ھاتەم تەسەللى بېرىپ، — غەم يېمىگىن. مەن ھاتەم بولسام، ئەمدى خۇدانىڭ رىزالىغى ئۈچۈن سەن دىگەن گىيانى تېپىپ كېلەي.

ھاتەم ھەمرا بايدىن دۇئا ئالدى. ئۇ ھېلىقى گىيانى ئىزدەپ دەشتۇ-دەشت، يېزىمۇ-يېزا ئايلىنىپ بىر يەرگە يەتتى. ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ھاتەمنى مېھمان قىلدى.

— ئەي ئېزىز مېھمان، — دەپ سورىدى ئۇلار، — قەيەردىن كېلىۋاتىسىز، قاياققا بارىسىز؟

ھاتەم ھەمرا باينىڭ سەرگۈزەشتىسىنى سوزلەپ بەردى.

— ئەي ياش يىگىت، — دېدى خالايىق مەسلىھەت كورسۇتۈپ، يولدىن توسۇپ، — پەيلىڭىزدىن يېنىڭ، ئۇ گىيانىڭ بەھرىدىن كېچىڭ، ئۇندىن باشقا ياخشى ئىشلارمۇ كوپ، شۇنى قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ھاتەم بۇ سۆزگە كونمەي ئۆز يولىغا چوقۇم ماڭىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلار ئىلتىجا بىلەن دېدىكى:

— مېڭىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ يەردە يىلان-چايان، ئەجدەرھا قاتارلىق زىيانداش نەرسىلەر كۆپ.

ھاتەم سۆزىدە چىڭ تۇردى.

— ئەي مېھرىبان تۇققانلىرىم، — دېدى ئۇ، — مېنى يولدىن توسماڭلار، ھەرقانداق نەرسىدىن ھەرگىز قورقماڭلار، ھەممىمىزنىڭ ياراتقۇچى ۋە ھەركەتلەندۈرگۈچىمىز بىر. ئۇ بولسىمۇ خۇدا يەنى ئاللا، شۇڭا خاتىرجەم بولۇپ ماڭا دۇئا قىلىڭلار!

ھاتەم ئۇلاردىن دۇئا ئېلىپ، يەنە يولغا راۋان بولدى. ماڭا - ماڭا ئاخىرى نۇر دەشتىگە يەتتى. بۇ يەردە ھېلىقى خالايىق ئېيتقاندىنمۇ كۆپرەك زىيانداشلار بار ئىدى. ھاتەم ئاي پەرىنىڭ موھۇرىنى ئاغزىغا سېلىپ، شاھ ھورھىن ھاسىسىنى قولغا ئالدى. «بىسمىللا» دەپ قەدىمىنى يۆتكىدى، شۇندا ئۇ يەرنىڭ زىيانداشلىرىنىڭ قەھرىدىلىك ھۇجۇملىرى ھاتەمنىڭ ئالدىدا كارغا كەلمىدى.

ھاتەم خۇداغا مىڭ شۈكۈرلەر ئېيتىپ، ھېلىقى گىيادىن گۈل دەستە تۈزۈپ ئارقىسىغا ياندى.

يەنە چۆل-دەشتلەر، تاغ - دەريالارنى كېزىپ ھەمرا باينىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئۇنى قەپەزدىن چىقىرىپ، گىيادىن ئازغىنا ئېلىپ كوزىگە تاڭدى. بىر - ئىككى سائەتتىن كېيىن كوزىنى ئاچقان ھەمرا باي ئالەمنى رۇشەن كوردى. ھاتەمنىڭ قول - ئاياقلىرىنى سۆيۈپ دۇئا قىلىپ ياخشىلىق قىلدى. ھاتەم ئۇنىڭغا پۇل ۋە جاۋاھىراتلارنى بېرىپ:



— ئەي بۇرادىرىم، ئەندى ئۆز ۋەتىنىڭگە بارغىن، بۇنىڭدىن كېيىن يالغانچىلىق قىلمىغىن، — دەپ جېكىلىدى.

ھاتەم ھەمرا باينى ئۆز شەھىرىگە ماڭدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزى كېچە - كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، ھوسنە ئاۋاتقا يەتتى.

سارايغا بېرىپ شاھزادە مۇنىرنىڭ ھۇجرىسىغا قەدەم قويدى. ئىككىسى بىر كېچىنى ھال-ئەھۋال سورۇشۇپ ئۆتكۈزدى.

تاڭ ئاتتى، ئىنىك ئانا يېتىپ كېلىپ، ھال سوراپ، مەلىكىنىڭ مېھمانخانىسىغا باشلاپ كەلدى. ھاتەم ساياھەت خاتىرىلىرىنى يېزىپ، ئېنىك ئانىغا بەردى. ئىنىك ئانا مەلىكىگە يەتكۈزۈپ بەردى.

مەلىكە ھوسنەبانۇ ساياھەت خاتىرىلىرىنى بىر - بىرلەپ كورۇپ ھاتەمگە ئاپىرىنلار ئېيتتى. بىر مۇنچە پۇل، جاۋاھىراتلار بىلەن بىللە بىر نامە تەييارلاپ ئېنىك ئانىدىن چىقاردى. ھاتەم مەلىكىنىڭ نامەسىنى ئېچىپ كورۇپ مۇلاھىزە قىلدى، خەتتە مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

«... ئۈچىنچى سوئالىمىزغا جاۋاپ بەردىڭىز. ئەندى تۆتىنچى سوئالنى بىجا كەلتۈرگەيسىز: تۆتىنچى سوئال: بىر كىشى دەرۋازىسىغا مۇنۇ بېيىتنى يېزىپتۇ:

كىمكى راستلىقنى قىلاركەن ئىزھار،

ئۇنىڭغا ھەمىشە خۇدا ئۆزى يار.

ئۇ ئادەم قانداق راستسوزلىدى، قانداق راھەتنى كوردى؟ - بۇ سوزلەرنىڭ ھەققى مەنىسىدىن بىزلەرنى خەۋەردار قىلسىڭىز، نامە تامام ۋەسسالام.»

## هاتەمنىڭ مەلىكە ھوسنە بانۇنىڭ تۆرتىنچى سوئالىغا جاۋاپ تېپىش يولىدا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرى

ئەلقىسسە، ئەندى سۆزنى ھاتەمنىڭ تۆرتىنچى قېتىملىق سەپىرىدىن ئاڭلاڭلار :

ھاتەم شاھزادە مۇنىرە بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى. ئۇ دەشت - سەھرالارنى كېزىپ، كىم ئۇچرىسا شۇنىڭ مۇرادىنى سوراپ ماڭاتتى. لېكىن ئارزۇ ۋىسالى ئۇنىڭغا ئۆز جامالىنى كورسەتمەيتتى. ئۇ، بىر نەچچە ۋاقىت يۈرگەندىن كېيىن بىر دەشتى - باياۋانغا يەتتى. بۇ دەشتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ بىر كول، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھەر خىل دەرەخلەر بار ئىدى. بۇ دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئىنتايىن چوڭ بىر تۈپ دەرەخنىڭ شاخلىرىغا بىر مۇنچە كېسىلگەن باشلار ئېسىغلىق تۇراتتى. ئۇ باشلارنىڭ ھەممىسى ياش قىزلارنىڭ باشلىرى بولۇپ، تېخى ئىسسىق قانلىرى ئېقىپ تۇراتتى. ئۇ ئاققان قانلار كولنىڭ سۈيىنى ئۆزگەرتىۋەتكىلى ئاز قالغان ئىدى. ھاتەمنىڭ كوزى ھەممىدىن ئېگىز شاخقا ئېسىغلىق تۇرغان بىر باشقا چۈشتى، ئۇ مۇنداق باشنى كوزى ئېچىلغاندىن بېرى كورۇپ باققان ئەمەس ئىدى. بۇ باش باشقا قىزلارنىڭ بېشىدىن ئىككى ھەسسە دىگىدەك يوغان ئىدى. ھاتەم ھەممە مۇددىئاسىنى كوڭلىدىن چىقىرىپ، ئۇ باشقا ئاشىقى-شەيدا بولۇپ ھوشىنى يوقاتتى.



شۇ چاغدا باشقا باشلار ھاتەمنى كورۇپ قاقاخلاپ كۈلۈشۇپ كەتتى. ھاتەم بىھوش بولۇپ يىقىلدى. بىر چاغدا ھوشىغا كېلىپ قارىسا، شام ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىدى. ھەممە باشلار دەرەخ شاخلىرىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ غايىپ بولۇشتى. بىر چاغدا كولنىڭ ئىككىنچى تەرىپىدە چېدىر - بارگاھلار پەيدا بولدى. مەشئەللەر ياندۇرۇلۇپ، بەزمە تەييارلىقى ھازىرلاندى.

شۇ چاغ كولدىن بىر جامە پەرىزاتلار چىقىپ ئوينىشىپ، كۈلۈشۈپ، ھەر قايسىسى جاي - جايلىرىغا بېرىشىپ ئولتۇرۇشتى. ھاتەم بۇلارنىڭ بايىقى شاخلارغا ئېسىپ قويۇلغان باشلار ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ھەلىقى چوڭ باش ھەممىدىن يۇقۇرىدا، تەخت ئۈستىدە نازۇ كەرەشمە بىلەن ئولتۇراتتى.

پەرىلەردىن بىرى ھاتەمنىڭ ئالدىغا دوستىخان سېلىپ، مىۋە - چىۋە ۋە ھەر خىل تائاملار ئېلىپ كەلدى ھەم:

- ئەي مېھمان، ئۇشبۇ نازۇ - نېمەتلەردىن تاناۋۇل قىلىڭ، - دىدى.

- ئاۋۇ تەختتە ئولتۇرغان نازىنىننىڭ ئىسمى نېمە؟ - دەپ سورىدى ھاتەم تاماققىمۇ قارىماي، - بۇ يەرنىڭ ئىسمىنى نېمە دەيدۇ، ئاۋۋال سوئاللىرىمغا جاۋاپ بېرىڭ.

- كېچىنى مۇشۇ يەردە ئوتكۈزسىڭىز بىلىسىز، - دىدى پەرى.

ئەلقىسسە، بىر نەچچە كۈن ئۆتتى، كېيىك باشلار كېچىسى بەزمە-سوھبەتتە، كۈندۈزى شاختا بولدى. ھاتەم ئۇ يەردىن يېتىشنى، يە تىرىشنى بىلمىدى. ئاخىرى ئويلىنىپ، «بۇ سىرلاردىن بىخەۋەر كەتمەي» دەپ سەۋرى قىلدى.

بىر كۈنى شام ۋاقتى بولۇش بىلەن كېيىك باشلار كولگە ئۆزىنى تاشلىغاندا، ھاتەممۇ كۆزىنى يۇمۇپ ئۇلار بىلەن تەڭلا ئۆزىنى كولگە تاشلىدى. كېيىن كۆزىنى ئېچىپ قارىغىدەك بولسا، بىر دەشتتە تۇراتتى.

ھاتەم ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ئازاۋىغا قالدى، ھېچ ياققا يېتەلمەي ھالسىزلىنىپ يىقىلدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قېشىدا خىزىر سۈپەت بىر كىشى پەيدا بولۇپ:

— ئەندى ئەي ئوغلۇم، مۇددىئايىڭدىن ۋاز كەچكىن، ئۇز ئىشىڭغا ماڭغىن. بولمىسا ئەجىلىڭ يەتكىچە مۇشۇ دەرەخنىڭ تېگىدە قالىسەن، بۇ يەرنى «چەۋرۇنۇمىس دەشتى» دەيدۇ. قولۇڭنى ماڭا بېرىپ، كۆزلىرىڭنى يۇمغىن.

ھاتەم ئۇ كىشىگە قولىنى بېرىپ كۆزىنى يۇمدى، بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن:

— ئەندى كۆزۈڭنى ئاچ! — دېگەن بىر خىتاب ئاڭلاندى.

ھاتەم كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنى كول بويىدا كۆردى. لېكىن ھېلىقى كىشى يوق ئىدى. ھاتەم ئەشۇ باشنى دەرەخ شېخىدىن ئېلىپ چۈشمىگىچە بىر نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى بىلىپ، دەرەخ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىشقا باشلىۋىدى، دەرەختىن ھەيۋەتلىك بىر ئاۋاز ياڭراپ، ھاتەمنى ئەجدەرھادەك دەم تارتقىلى تۇردى. ھاتەم ئۆزىنى تۇتالماي، كۆكرىكىگىچە بەند بولدى، ئىسكەنجىگە ئېلىنغاندەك قىسىلىپ ھالسىزلاندى.



يەنە شام ۋاقتى بولدى. كېيىك باشلار ئۆزىنى سۇغا تاشلىدى. ھەممۇ شۇنداق قىلدى. شۇندىن باشلاپ ئۇ كېيىك باشلارغا ئوخشاش كۈندۈزى دەرەخكە ئېسىلىپ، كېچىسى بەزمىدە بولدى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتتى. ھېلىقى ئېزىز كىشى يېتىپ كېلىپ ھاتەمگە ھاسا بىلەن ئىشارەت قىلدى. ھاتەم دەرەختىن چۈشۈپ ئەسلىگە كەلدى، ئېزىزنىڭ ئاياقلىرىغا يىقىلدى ۋە يىغلىدى. ئېزىز كىشى ھاتەمگە بىر ئىسمى ئەزەمنى ئۆگەتتى ۋە دېدى:

— ئەي ئوغلۇم، بۇ ئىسمى ئەزەمنى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمەي ئېيتىپ يۈر. ساڭا ياردەم قىلىدۇ. ئەگەر يادىڭدىن چىقارساڭ، ئىككىنچى قولۇڭغا كەلمەيدۇ، تۈگىمەس پۇشايمانغا قالىسەن.

ئەندى سۆزنى ھېلىقى يوغان كېيىك باشنىڭ سېھرىدىن ئاڭلاڭلار:

— بۇ مەلىكىنىڭ ئېتى زەردىن پوش، — دېدى ئېزىز كىشى ئىزاھلاپ، — سام دېگەن جادۇگەرنىڭ قىزى. ئۇ جادۇگەرنى يوقاتمىساڭ مۇددىئايىڭ ئىشقا ئاشمايدۇ. مۇشۇ يول بىلەن ماڭساڭ بىر تاغ ئۇچرايدۇ. ئۇنى «ئەھمەر تاغ» دەيدۇ. ئۇ سام جادۇگەرنىڭ تۇرىدىغان جايى، خەير خوش، مەن ئۆگەتكەن ئىسمى ئەزەمنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما...

ئېزىز كىشى شۇنداق دېدى-دە، غايىپ بولدى.

ھاتەم كۆرسىتىلگەن يولغا چۈشۈپ، ئالدىغا قاراپ راۋان بولدى. دېگەندەك بىر تاققا يەتتى. ئۇ تاغ بەك ئېگىز ھەم چوڭ ئىدى. ھاتەم تاغنىڭ يۇقۇرىسىغا قاراپ قەدەم باسقان

ىدى، پۇتلىرى تېزىنچە تاشلارغا بەنت بولدى. ئۇ ئىسمى ئە-
زەمنى ئوقۇپ پۇتلىرىغا دەم سېلىۋىدى، پۇتلىرى بوشىدى. ئۇ
ناھايىتى قىينىلىپ ئاخىرى ئەھمەر تېغىنىڭ توپىسىگە چىقتى.
ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر بۇلاققا يەتتى. ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ بىردەم
ئارام ئالغاندىن كېيىن غۇسلى قىلىپ، تاھارەت ئېلىپ، يەنە
ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇشقا باشلىدى. سام جادۇگەرنىڭ بۇ تاغدا
پەيدا قىلغان سېھىرلىرىنىڭ ھەممىسى بۇزۇلدى. بۇ ئەھۋال
سام جادۇگەرگە مەلۇم بولدى. ئۇ ھەيران بولۇپ كىتاپ ئېچىپ
بىلدىكى، ھاتەم كەپتۇ. ھەممە سېھىرلەرنى يوققا چىقىرىپتۇ.
ئۇنىڭ كېلىشىگە مەلىكە زەردىن پۇش سەۋەپ بولۇپتۇ. ھاتەم
مەلىكىگە ئاشىقى - ئىنتىزار ئىكەن. سام جادۇگەر ئويلىدىكى،
بۇنىڭ ئالدىنى ئالمىسام بولمايدۇ، ئەگەر بىخۇتلۇق قىلسام
ھاتەم ئالەمنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلغىدەك.

سام جادۇگەر دەرھال بىر سىقىم توپراققا ھۈرۈپ، ئەتراپ-
قا چاچتى. ھاتەم بىر جامە پەرىزاتلار بىلەن مەلىكە زەردىن -
پۇشنىڭ خۇشال - خۇراملىق بىلەن ئۇزىگە سالام بېرىۋاتقان-
لىغىنى كۆرۈپ بىھۇش بولغىلى ئازلا قالدى - دە، تىلى ئىسمى
ئەزەمنى ئوقۇشتىن سەل توختاپ قالدى. شۇ ھامان بىر تۇ-
تۇن پەيدا بولۇپ، ھاتەمنى ئورۇۋېلىپ بىر قاراڭغۇلۇق ئىچىگە
ئېلىپ كىرىپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ھاتەم ئۆزىنى پۇت-
قوللىرى باغلانغان ھالدا سام جادۇگەرنىڭ ئالدىدا كوردى.

— ئەي ھاتەم! - دىدى جادۇگەر، - ئاي پەرىنىڭ موھۇ-
رىنى ماڭا بەرگىن، مەن سېنى بۇ تۇتقۇنلۇقتىن ئازات قى-
لىۋېتەي.



— ئاي پەرىنىڭ موھۇرى جېنىمنىڭ ئىچىدە، ھېچكىم
ئالالمايدۇ، ئۆزەممۇ ئالالمايمەن، - دىدى ھاتەم.
بۇ جاۋاپقا سام جادۇگەرنىڭ قاتتىق غەزىۋى كەلدى.
— ئاتەشكە تاشلاڭلا! - دىدى ئۇ بۇيرۇق قىلىپ، - ئادەم
بولغىنىغا تويسۇن!...

ھاتەمنى كوتۇرۇپ ئېلىپ بېرىپ ئاتەشكە تاشلىدى. بۇ
ئاتەش تامامەن سېھىر بىلەن پۇتكەن ئىدى.

ھاتەم ئاي پەرىنىڭ موھۇرىنى ئاغزىغا سېلىۋېلىپ، ئوت-
لارنىڭ ئىچىدە خۇدانى يادلاپ ئولتۇرۇۋەردى.

سام جادۇگەر كىتاپقا قاراپ كوردىكى، ھاتەم كويمەي ئا-
تەش ئىچىدە راھەتتە ئولتۇراتتى، سام جادۇگەر ھاتەمنى ئا -
تەش ئىچىدىن ئېلىپ ئازات قىلىپ قويۇۋەتتى.

ھاتەم خۇداغا شۈكرىلەر بىجا كەلتۈرۈپ، بۇلاق بويىغا
كەلدى ۋە پۈتۈن بەدىنىنى پاكىزە يۇيۇپ ئولتۇردى. ئۇزاق
ئوتمەي سام جادۇگەر يەنە بىر سېھىر قىلدى.

بىر گورۇھ پەرىلەر بىلەن مەلىكە زەردىن پۇش زاھىر
بولدى. ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى چىرايلىق ياساپ زىننەتلىۋالغان
بولۇپ، خۇش تەبەسسۇم بىلەن ھاتەمنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— تۈنۈگۈن ئاتام ئالدامچىلىق قىلدى، - دىدى مەلىكە،-
ئەندى سېنى ئۆزۈم كورگىلى كەلدىم. ماڭا راستىنلا ئاشىق بول-
غان بولساڭ، ئاي پەرىنىڭ موھۇرىنى بىر كورۈۋالاي، ئۇنىڭ
قانداق بولىدىغانلىغىنى بىلىپ قالاي...

ھاتەم موھۇرنى كورسەتمەكچى بولغان ئىدى. شۇئان قۇ-
لىقىغا ناھايىتى قاتتىق بىر ئاۋاز كەلدى:
— يەنە ئالدىنامسەن؟ ھەرگىز كورسەتمە!

بۇ ئاۋازدىن ھاتەم ئەقلىگە كەلدى. قارىسا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى.

سام جادۇگەر ئىشنىڭ قالاشمىغانلىقىنى كۆرۈپ، سېھرى ئەملى بىلەن شەيتاننى چاقىرىپ:

— ھاتەم دېگەن بۇ بالا — قازادىن مېنى قۇتقۇزۇپ قويغىن، — دەپ ئەرز قىلدى.

— ئۇنىڭغا مېنىڭمۇ كۈچۈم يەتمەيدۇ، — دېدى شەيتان ئاجىزلىقىنى بىلدۈرۈپ، — چۈنكى ئۇنىڭ ئاغزىدا ئىسمى ئەزەم ۋە ئاي پەرىنىڭ موھۇرى بار، ئەگەر بىرەر ۋەسۋەسە بىلەن ئۇنى ئىھتىلام قىلسام، ئۇ جۇنۇپ بولسا، سەن شۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئۇنىڭدىكى موھۇرنى ئېلىۋالساڭ مەقسىدىڭ ئىشقا ئاشىدۇ.

بۇ مەسلىھەت سام جادۇگەرگىمۇ ماقۇل كەلدى، ھاتەم ئۇخلاۋاتقاندا، شەيتان ئۇنىڭ چۈشىگە كىردى ۋە ئۇنى ئىھتىلام قىلدۇردى. سام جادۇگەر كىتاپ كۆرۈپ ھاتەمنىڭ جۇنۇپ بولغانلىقىنى بىلدى - دە، دەرھال بىر سېھرى ئۇچۇقۇن دەم ئۇرۇۋىدى، شامال پەيدا بولۇپ ھاتەمنى قورشىۋالدى. شۇندا ھاتەم قول - پۇتلىرى باغلانغان ھالدا ئۆزىنى سام جادۇگەرنىڭ ئالدىدا كۆردى.

جادۇگەر: «ھاتەمنى ئۆلتۈرۈشكىمۇ بولمايدۇ، قويۇپ بېرىشكىمۇ بولمايدۇ، ئۇنىڭغا باشقىچە بىر ئەمەل قىلىش لازىم»، — دەپ ئويلىدى. ئۇ سېھرى ئىشلىتىپ، بىر تاغ ياساپ، ھاتەمنى ئۇنىڭ ئاستىغا باسۇرۇپ قويدى، ھاتەمنىڭ تېنىسى تاغ ئاستىدا، بېشى سىرتىدا قالدى. ئۇنىڭغا ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق يۈزلەندى. جادۇگەر ئۇنى تاشلار بىلەن ئۇرسىمۇ كار قىلمايتتى.



— ھەركىم مېنى بۇ بەنتتىن قۇتقۇزالدۇرسا، — دەيتتى ھاتەم نىدا قىلىپ، — ئۇنىڭغا سام جادۇگەرنىڭ پايىتەختى ۋە ئەھمەر تاغنى بېرىمەن.

گۆزەتچىلەردىن بىرى سەرتەك جادۇگەرگە ئېيتتى. ئۇ ھاتەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ: «بۇ ئىشنى مەن قىلاي»، — دەپ ئىشارەت قىلدى.

ئەتىسى، كېچە بولدى. ھەممە ئۇخلىدى، سەرتەك جادۇگەر ئاستا كېلىپ، سامنىڭ سېھرىنى رەت قىلىپ، ھاتەمنى قۇتقۇزۇپ، ھىلىقى بۇلاق بويىغا يەتكۈزدى. ھاتەم دەرھال غۇسلى تاھارەت قىلىپ پاك بولدى. سەرتەك جادۇگەر ھېچ كىشىنى بىلمىگەن قىياپەتتە ئۆز جايىغا بېرىپ ياتتى ۋە تاڭ ئاتقاندا سامنىڭ ئالدىغا دات - پەرياد سېلىپ كىرىپ كەلدى.

سام كىتاپ كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، بۇ ئىشنى سەرتەك جادۇگەرنىڭ ئەمەل تاماسىدا قىلغانلىقىنى پەملىدى.

— بۇ ئىشنى ئۆزەڭ قىلىپسەن، — دېدى ئۇ سەرتەك جادۇگەرگە قاراپ غەزەپلىنىپ، — ئەندى سېنىڭ جازايىڭنى بەرمىسەم ئېتىمنى يوتكىۋەتكەيمەن.

سەرتەك جادۇگەر قېچىپ ھاتەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى ۋە بولغان ۋەقەنى ھاتەمگە قىسقىچە بايان قىلدى.

سام جادۇگەر سەرتەك جادۇگەر تەرىپىگە قاراپ دەم ئۇرۇۋىدى، سەرتەك جادۇگەرنىڭ ۋۇجۇدىنى ئوت قورشىۋالدى. ھاتەمۇ ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ دەم سېلىۋىدى، ئوت غايىپ بولدى. سام جادۇگەر بارلىق جادۇگەرلەرنى يىغىپ بىر چوڭ جادۇگەرلەر قوشۇنىنى تەشكىل قىلدى. ئۇلار ھەرخىل سېھىرلەرنى قىلىش

ئۇچۇن ھازىرلىنىشتى. بۇنىڭدىن قورققان سەرتەك جادۇگەر ئەن-
سىرەپ، نىمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى.
— ئەي ھاتەم،- دىدى ئۇ تىترەپ،- سام ئەندى غاجايىپ
سېھىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئاگاھ بولۇڭ،
سام جادۇگەر سېھىر قىلىشقا كىرىشتى. دەھشەتلىك قارا
بورانلار پەيدا بولدى، ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپ، مولدۈر،
قارلار يېغىشقا باشلىدى.
— بىلدىڭىزمۇ؟- دەپ سورىدى سەرتەك جادۇگەر ھاتەم-
دىن،- بۇلارنىڭ ھەممىسى سېھىرنىڭ بەلگۈلىرى.
— خاتىرجەم بول،- دىدى ھاتەم،- قېنى سام قىلىدىغىنىنى
قىلىپ باقسۇن.
ھاتەم ئىسمىياتنى ئوقۇپ دەم ئۇردى. سام جادۇگەرمۇ لەش-
كەرلىرىنى ئىشقا سالدى. ھاتەم رەت قىلدى. جادۇگەرلەر بىرلە-
شىپ يەنە سېھىر قىلدى ھەممە يەرنى ئوت قاپلىدى.
— بۇمۇ جادۇگەرنىڭ سېھىرلىرىنىڭ ئالامىتى،- دەپ خەۋەر بەر-
دى سەرتەك.
ھاتەم ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ دەم ئۇردى. ئوتلار ئارقىغا قايتىپ
جادۇگەرلەرنى كويدۇردى. سام جادۇگەرمۇ رەت قىلىپ، يەنە باش-
قىچە سېھىرلەرنى ئىشلەتتى. ھاتەممۇ ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ قى-
لىنغان سېھىرلەرنى ئۆزىگە قايتۇرۇۋەردى. سام جادۇگەر يەنە بىر
سېھىر پەيدا قىلدى. ئەھمەر تېغىنىڭ بىر تەرىپى ئۈزۈلۈپ ھا-
ۋىغا چىقتى. ھاتەم دەرھال ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ئۇنىڭغا قا-
رىتىپ ھۈرۈۋىدى، ئۇ غا قىراپ كېلىپ جادۇگەرنىڭ لەشكەرلىرى-
نىڭ ئۈستىگە چۈشتى! ...



ئەلقىسسە، سام جادۇگەر ھاتەمگە تەڭ كېلەلمەسلىكىدىن كې-
يىن قالغان لەشكەرلىرى بىلەن بىللە ھاۋىغا ئۇچۇپ چىقىپ غا-
يىپ بولدى.
— بۇلار نەگە قاچتى؟- دەپ سورىدى ھاتەم سەرتەكتىن.
— قۇملاق تېغىغا، ئۇستازى ئەملاق جادۇگەرنىڭ ئالدى-
غا،- دىدى سەرتەك.
ھاتەم:
— مېنى باشلىغىن، قۇملاق تېغىغا بېرىپ ئۇ نىمىلەرنى
يوقاتمىسام بولمايدۇ،- دىدى.
ئۇلار يولغا راۋان بولدى ۋە بىر بوستانلىققا يەتتى. بوس-
تانلىقتا ھىساپسىز دەرەخلەر بولۇپ، خىلمۇ - خىل ئۇچار - قۇش-
لار ئۇچۇشۇپ يۈرۈشەتتى. سەرتەك جادۇگەر ھاتەمگە:
— بۇ كورۇنگەن دەرەخلەر بىلەن قۇشلارنىڭ ھەممىسى ئا-
دەملەر، بۇ ئەملاق جادۇگەرنىڭ سېھىرلىرىنىڭ بەلگۈلىرىدۇر،-
دىدى.
ھاتەم بىر كېچە - كۈندۈز ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ، ئەترا-
پىغا ھۈرۈپ: « خۇدايا، ئوز كەرىمىڭ بىلەن بۇ ئادەملەرنى ئەس-
لىگە ياندۇرغىن » - دەپ تىلىدى.
ئەملاق جادۇگەرنىڭ سېھىرلىرى بۇزۇلدى. ئادەملەر ئەسلى-
گە كېلىپ، ھاتەمگە ئەگەشتى. ئۇلار بىھىساپ لەشكەر بولۇپ، قۇم-
لاق تېغىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇلارغا يولدا بىر دەريا ئۇچ-
رىدى. ئۇلار دەريا بويىدا قونۇپ ئارام ئالدى.
ھاتەم سەرتەكتىن:
— بۇ نىمە دەريا؟- دەپ سورىدى.
سەرتەك:

— بىزمۇ سېھىر، — دەپ جاۋاپ بەردى.

ھاتەم ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ دەم سېلىۋىدى، بۇ سېھىرمۇ بۇزۇلدى. ئۇ سۇنى ئىچىپ ھەرخىل كېسەللەرگە گىرىپتار بولغانلار ساقىيىپ ئەسلىگە كەلدى.

ئۇلار بىر يەردىن قوزغىلىپ، قۇملاق تېغىغا باردى. ھاتەم ئۇ تاغ ئەتراپىدىكى سېھىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىسمى ئەزەم بىلەن يوقاتتى.

ئەندىكى گەپنى ئەملاق جادۇگەردىن ئاڭلاڭلار:

سام جادۇگەر قالغان جادۇگەرلىرى بىلەن قېچىپ، ئۇستازى ئەملاقنىڭ قېشىغا ھال ئېيتىپ كەلدى.

— ھاتەم دېگەن ئادەمدىن كەلگەن بالايى-ئاپەت ماڭا كۈن بەرمىدى. ئۇلىشىشتىن باشقا ئامالىم قالمىدى، — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، — بېشىمغا كەلگەن بۇ مۈشكۈلنى ئۆزۈڭ بىرتەرەپ قىلغىن.

— ھەي سام، — دېدى ئەملاق جادۇگەر تەسەللىي بېرىپ، — غەم يېمىگىن، ھاتەمنىڭ ئىشى چاغلىق، بەنت قىلىپ تۇتۇۋالىمىز.

ئۇ كىتاۋىنى ئېچىپ قارىسا، ھاتەم يولدىكى سېھىرلەرنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىپ قۇملاق ئېتىكىگە كېلىپ قاپتۇ. بۇنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا، ئەھۋال بەكمۇ خەتەرلىك بولغىدى.

ئەلقىسسە، ئەملاق ھەممە جادۇگەرلەرنى يىغىپ، مەسلىھەت قىلدى. مەسلىھەت بويىچە بەزىلىرى شىرلارغا، بەزىلىرى ئەجدەرھالارغا، يەنە بەزىلىرى ھەر خىل قورقۇنۇشلۇق ھايۋانلارغا مىنىپ قۇملاق تېغىنىڭ گىرداۋىغا ئورۇنلاشتى. شۇ چاغ ئەملاق پادىشا بىر سېھىر قىلىۋىدى، ھېسابسىز شىرلار پەيدا بولۇپ ھا-



تەمنىڭ لەشكەرلىرىگە قاراپ ھۇجۇم قىلدى. ھاتەم ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ دەم سالدى، شىرلار ئەملاق جادۇگەر تەرەپكە ئۆزلىرىنى ئۇرۇپ كۆپلىگەن جادۇگەرلەرنى ھالاك قىلدى. ئەملاق جادۇگەرمۇ سېھىر قىلىۋەردى. ئالەمگە ئوت كەتتى. ئىسمى ئەزەم قۇدرىتىدىن ئۇ ئوت ئارقىغا يېنىپ ئەملاقنىڭ لەشكەرلىرىنى باستى. ئەملاق ئۆزىنى قايتۇرۇپ يەنە بىر سېھىر قىلىۋىدى، ئالەمنى سۇ بېسىپ كەتتى. ئىسمى ئەزەم شاراپىتىدىن سۇ كەلگىنىمۇ ئەملاق تەرەپكە يۈزلەندى.

ئەلقىسسە، ئەملاق جادۇگەرنىڭ قىلمىغان سېھىر، ئەپسۇنلىرى قالمىدى. ھەممىسى ھاتەم تەرەپتىن رەت قىلىندى. جادۇگەرلەر ھاتەمگە تەڭ كېلەلمەي، قۇشلاردەك ئۇچۇپ، ھاۋاغا قاراپ بەدەر قاچتى. ھاتەم بولسا، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ھۈرگەن ئىدى، ھەممىسىنىڭ قاناتلىرى كۆيۈپ يەتمىدى.

ئەملاق جادۇگەر بىلەن سام جادۇگەر قاچتى. ھاتەم ئۇلارنىڭ كەينىدىنمۇ ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ھۈردى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر ئوت پەيدا بولۇپ ئۇلارمۇ شۇ ئوت ئىچىدە كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتتى.

ئەھمەر تېغى بىلەن قۇملاق تاغلىرى بۇ جادۇگەرلەردىن قۇتۇلۇپ ئامان تاپتى. ھاتەم سەرتەككە:

— جادۇگەرلىك كىتاپلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە يىغ، — دېدى.

بۇ ئىككى پايتەختتىكى جادۇگەرلىك كىتاپلىرى يىغىلدى. ھاتەم ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ دەم سېلىپ بۇ كىتاپلارنى كۆمۈۋەتتى.

ھاتەم يەنە ئۈچ كۈن ئىسمىيات ئوقۇپ، ئۆزىگە تەسلىم بولۇپ قالغان جادۇگەرلەرگە قارىتىپ ھۈردى ۋە بۇلارنىڭ جادۇگەر-

لىك ئىلىملىرىنىڭ ھەممىسىنى خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈۋەتتى.

بۇ ئىشلار تاماملانغاندىن كېيىن ھاتەم ئەھمەر تىبىيمەلەن قۇملاق تىبغىدىكى خەلقلەرنى يىغىپ ئۇلارغا سەرتەكنى پادىشا قىلىپ بەلگۇلىدى. ھەممە كىشى جان - دىل بىلەن بۇنى قوبۇل قىلىشتى.

ھاتەم بۇ يەردە يەنە ئۈچ - تۆرت كۈن تۇرۇۋېدەم ئېلىپ، خەلق بىلەن خوشلۇشۇپ يەنە ئۆز يولىغا راۋان بولدى-دە، ھەلىقى كېسەك باشلار بار يەرگە يەتتى. قارىسا نە كول، نە دەرەخ ۋە نە ئۇ باشلار كورۈنمەيتتى. ھاتەم بۇ ھالدىن ھەيران بولدى.

ئەندى سوزنى مەلىكە زەردىن پۇشتىن ئاڭلاڭلار:

ئەلقىسسە، ھاتەم بىر قورغانغا باردى. ئۇ يەردە ئاسمان پەلەك بىر قەسىر كورۈندى. ئۇنىڭغا بىر دەرۋازا بېكىتىلگەن بولۇپ دەرۋازىۋەنلەر ھېلىقى كېسەك باش پەرى قىزلار ئىدى. ھاتەم ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ، ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن مەلىكە زەردىن پۇشنىڭ نەدىلىگىنى سورىدى.

— مەلىكىنىڭ دولىتى چوڭ، — دېدى پەرى قىزلار، — بىز ھەممىمىز تىلسىمات بالاسىدىن قۇتۇلدۇق.

ئۇلار ھاتەمنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىنى مەلىكىگە يەتكۈزۈشتى. مەلىكە خۇشال بولۇپ باشلاپ كېلىشكە بۇيرىدى. پەرى قىزلار ھاتەمنى باشلاپ مەلىكىنىڭ خانىسىغا كىرىشتى. مەلىكە ھاتەمگە سەندەل قويۇپ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. دوستىخان سېلىنىپ غىزا تارتىلدى. ئاندىن مەلىكە ھاتەمدىن ئۆز ئاتىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

— ئاتىڭىز ئۇستازى ئەملاق بىلەن دوزاققا - ئازاپ بەزمىسىگە ئەۋەتىلدى، — دېدى ھاتەم جاۋاپ بېرىپ.



بۇ خەۋەر مەلىكىنىڭ كوڭلىنى ئازاپلىدى. ئۇ، ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. باشقىلار ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ ياشلىرىنى سۈرتۈپ قويدى.

ئارىدىن بىر ھازا ئۆتتى. مەلىكىنىڭ مۇسىبىتى تۈگىدى. ئاندىن مەلىكە ھاتەمگە بولغان مەشۇقلىقىنى ئىپادىلەپ بىر پىيالە شاراپ تۇتتى.

— ئەي مېھمان يىگىت، — دېدى ئۇ لەۋلىرىدە كۈلكە گۈللىرىنى ئېچىلدۇرۇپ، — بىزگە سەرگۈزەشتىلىرىڭىزنى سوزلەپ بەرسىڭىز، مۇنداق رىيازەت چېكىپ ئاۋارە بولۇشتىكى مەقسىتىڭىز نىمە؟

ھاتەم مەلىكىنىڭ قولىدىن پىيالىنى ئېلىپ شارابنى ئىچىۋەتتى ۋە مەلىكىگە ئاشىقانە تازىم قىلىۋېتىپ، كورگەن- ئاڭلىغانلىرىنى بىر- بىرلەپ ھېكايە قىلىپ سوزلەپ بەردى. ئۇ ھوسنىبانۇنىڭ يەتتە سوئالىغا جاۋاپ تېپىش ئۈچۈن سەرسان بولغان جەريانىنى ئىزھار قىلىپ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— مەن يەمەن پادىشاسى تەينىڭ ئوغلى ھاتەم بولىمەن. بەندىلەرنىڭ مۇھتاجلىقىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن جېنىمنى پىدا قىلغان كىشىمەن. باشقىلار ئۈچۈن قانچە قاتتىق جاپا - مۇشەققەت چەكسەممۇ ئۆزۈمنى شۇنچە بەختلىك ھېس قىلىمەن.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان پەردىلەر ھاتەمگە تەھسىن- ئاپىرىنلار ئېيتتى.

كۈنلەر ئۆتتى...

بىر كۈنى ھاتەم يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، مەلىكىنىڭ بىر نەچچە خاس كېنىزەكلىرىنى خىلۋەت جايغا چاقىرىپ، ئىككى دانە لەئەل ئۈزۈك بىلەن جاۋاھىراتنى ئۇلارغا ئىنئام

قىلىپ ئۆزى ئۈچۈن ئەلچى بولۇشنى ئىلتىماس قىلدى. كېنىزەكلەر ھاتەمنىڭ ئىلتىماسىنى سۆزسىز قوبۇل قىلىشتى ۋە مەلىكىنىڭ ئالدىغا كىرىپ مەقسەتنى بايان قىلدى:

— بۇ يىگىتنى ئاللاتائالا بۇ يەرگە يەتكۈزۈپتۇ، — دېدى ئۇلار سۆزىنى يىراقتىن باشلاپ. — ئاتىسى يەمەن ۋىلايىتىنىڭ پادىشاسى ئىكەن. ئۆزى سېخى، ھوشيار، ئەقىللىق، زىبا يىگىت ئىكەن، ئۆزلىرىنىڭ خېلى ئىكەن...

مەلىكە ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە رازىلىق بىلدۈردى. ئەلچى كېنىزەكلەر خۇشال بولۇپ، بۇ خۇشخەۋەرنى ھاتەمگە يەتكۈزدى. ھاتەم بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئەلچىلەرگە يەنە كۆپ ئىنئاملار ھەدىيە قىلدى.

ئەلقىسسە، ئۇلار ئۆز قائىدە-يوسۇنلىرىغا مۇۋاپىق تويغا ھازىرلىقنى قىلغاندىن كېيىن، بىر قانچە كۈن توي-تاماشىلار ئۆتكۈزۈلۈپ، مەلىكە ھاتەمگە نىكاھ قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرى ۋىسال تېپىپ تۈگىمەس شاتلىق ھېسسىياتىغا چۆمدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. بىر كۈنى ھاتەم مەلىكىگە:

— ئەي دىل جانانىمنىڭ ھوزۇرى. ئەندى ماڭا رۇخسەت بېرىڭ، خۇدانىڭ يولىغا قەدەم قويۇپ، ئۇ ئاشىقلار ئىشىنى ۋوجۇتقا چىقىراي. ئۇلارمۇ ئىنتىزارلىق ئىلكىدىن قۇتۇلۇپ، ۋىسال بېغىدا شاتلىق ناۋاسى قىلسۇن، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى مەلىكە، — ئاۋۋال مېنى ئاتىڭىز پادىشا تەيىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ، ئاندىن ئىشلىرىڭىزغا قەدەم قويۇڭ.

ھاتەم مەلىكىنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆردى. ئۇلار پادىشا تەي ۋە باشقا قەدىردانلىرىغا سوۋغات قىلىش ئۈچۈن لەئەل، جا-



ۋاھىراتلارنى ھازىرلاپ، سەپەر تەييارلىقىنى پۈتتۈردى. پەرى قىزلارنىڭ ئىختىيارلىقىنى ئۆزلىرىگە قويدى. قالغانلىرىغا قەلئەنى تاپشۇرۇپ، يەمەن يولىغا قاراپ ئاتلاندى. ھاتەم بىر قانچە مەنزىلنى مەلىكە بىلەن بىللە ماڭغاندىن كېيىن، مەلىكىنى خۇداغا تاپشۇرۇپ، يەمەن ۋىلايىتىگە ئۇزۇتۇپ قويدى. ئاندىن كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ، يەنە ئۆز مۇددىئاسى بويىچە يولغا چۈشتى.

مەلىكە زەردىن پۈش ئېگىز - پەسلەرنى بېسىپ، كۆرمىگەن جايلارنى كېزىپ، تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، كۆپلىگەن رەنجۇ-مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، يەمەن شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. بۇ خەۋەر يەمەن پادىشاسى تەيىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. پادىشا خاس ئۇلۇقلىرى بىلەن مەلىكىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى خاس جايىغا چۈشۈردى ۋە ھاتەمنىڭ نامە، سوۋغاتلىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئۇلۇغ ياخشىلىق تىلەپ دۇئالار قىلدى.

ئەندى سۆزنى ھاتەمدىن ئاڭلاڭلار:

ھاتەم مەلىكە بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، تاغۇ - دەشتلەرنى كېزىپ مېڭىۋەردى. بىر كۈنى قەرىم دېگەن ۋىلايەتكە يېتىپ كەلدى. بۇ يەر - ئادەملىرى كۆپ، زېمىنى كۆركەم، ھاۋالىق، ئاۋات ماكان ئىكەن. ھاتەم بۇ يەردىمۇ ھەممىشەم ئۆز مۇددىئايىنىڭ كويىدا بولدى. بىر كۈنى بۇ يەردىكى ئادەملەردىن بىرى:

— ئەي يىگىت، بۇ يەرگە يېقىن بىر جايدا، بىر ۋىلايەت بار. ئادەملىرى ناھايىتى ئوبدان، شۇ شەھەردە ياش جەھەنتە چوڭ بىر ئاقساقال كىشى بار. سىزنىڭ سوئالىڭىزنىڭ جاۋابىنى ئېھتىمال شۇ كىشى بىلىشى مۇمكىن، — دەپ يول كۆرسەتتى.

ھاتەم خۇرسەن بولۇپ، شۇ ۋىلايەتكە قاراپ يول تۇتتى.
توختىماي مېڭىپ، ئۇ ۋىلايەتكە بېرىپ، شەھەرنىڭ ئىچىگە كىر-
دى. شەھەرنىڭ ئىچى چىرايلىق بولۇپ، كوچىلىرىغا تاش يات-
قۇزۇلغان، ئۆي- تاملىرى كوركەم نەققاشلىق ئىدى. ئادەملىرى
بولسا، ئازادە كىيىنىشكەن، بازارلىرى ئاۋات ئىدى.

ھاتەم كىشىلەردىن سوراپ، سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، ئاخىرى
ھېلىقى مويسىپىت كىشىنىڭ ئۆيىنى تاپتى. كوردىكى، بىر چوڭ
دەرۋازا، ئوڭ - سولدا ئازادە سەندەللەردە قاۋۇل غۇلاملار ئول-
تۇرۇپتۇ. دەرۋازىغا مۇنۇ بېيىت ھوسنىخەت بىلەن چىرايلىق يې-
زىلىپ قويۇلۇپتۇ:

«راستلىقنى كىمكى قىلاركەن ئىزھار،
ئۇنىڭغا ھەمىشە خۇدا ئۆزى يار»

ھاتەم شۈكرى قىلىپ، شادىمان بولدى. ئۇ دەرۋازىنىڭ ئو-
دۇلىغا كېلىش بىلەن تەڭ ئىككى خىزمەتچى يېتىپ كېلىپ، ئۇ-
نىڭ قوللىرىنى سۆيۈپ، ئىززەت- ئىكراملار بىلەن مېھمانخانىغا
باشلاپ كىردى. تاۋار كورپىلەر ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، دوستى-
خان سېلىپ، مېزىلىك تائاملار كەلتۈردى. ھاتەم تائاملارنى
يەپ، شېرىن شارابلارنى ئىچتى... نۇرغۇن خىزمەتكارلار ئۆز ئىش-
لىرى بىلەن ئۇياق - بۇياققا چېپىشىپ يۈرۈشەتتى. ئىچكىرىسى-
دىن ساقىلىنىڭ يېرىمى ئاقارغان بىر كىشى چىقىپ ھاتەمگە:

- مەرھابا،- دىدى- دە، يۇقۇرىغا ئوتۇپ ئولتۇردى، بۇ
كىشى ھاتەم ئىزدىگەن مويسىپىتنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

- ئەي ئوغلۇم دىدى،- ئۇ كىشى، - قەيەردىن كەل-
دىڭ؟ قەيەرگە بارىسەن؟ مۇنداق دىۋانە سۈپەت يۈرۈشۈڭنىڭ



سەۋەبى نىمە؟

ھاتەم ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى سوزلەپ ھوسنە بانۇنىڭ
يەتتە سوئالىغا جاۋاپ ئىزدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

- خۇداغا شۈكرى، - دىدى ھاتەم شاتلىقىنى بىلدۈرۈپ، -
بۇ دەرۋازىڭىزنىڭ ئۈستىدە مەن ئىزدەۋاتقان سوئاللاردىن بىرى-
نىڭ پۈتۈكلىكىنى كوردۇم. مەن يەمەن پادىشاسى تەينىڭ ئوغ-
لى ھاتەمدۇرمەن. مەن بارلىقىمنى كىشىلەرنىڭ مۇھتاجلىقى
ئۈچۈن پىدا قىلغانمەن. مالاللىق ھېس قىلماي ئەشۇ بېيىتنىڭ
ئەسرارىنى پەقىر مۇساپىرغا يېشىپ بەرسىڭىز.

ئەلقىسسە، ئەندى مويسىپىت كىشىنىڭ نىمىلەرنى سوزلەپ
بەرگەنلىكى ھەققىدە گەپ ئاڭلايلى:

قېرى كىشى ھاتەمنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىپ سوز
باشلىدى:

- مەن بۇرۇن داۋاملىق ئوغۇرلۇق قىلاتتىم ۋە تاپقان
پۇلۇمنى قىمارغىلا ئىشلىتەتتىم، كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئوتۇپ،
ھەممە پۇللىرىمنى ئۇتتۇرۇپ خاراپلىشىپ كەتتىم ۋە ئۆز - ئۆ-
زۈمگە: " ئەندى پادىشانىڭ خەزىنىسىگە تىگەي، كېيىن بۇ
قىلمىشىمغا تەۋبە قىلاي " - دىدىم. بىر كېچىسى مەن تەييارلى-
نىپ پادىشانىڭ قەلئەسىگە بېرىپ ھەلقە كەمەندى بىلەن خە-
زىنە تېمىغا چىقتىم. قارىسام ھەممە ئۇخلاۋىتىپتۇ. خەزىنىنىڭ
ئىچىگە كىرىپ كوتۇرەلىگىنىمچە پۇل ۋە بىر گوھەر ئېلىپ، كەل-
گەن يولۇم بىلەن قايتىپ چىقتىم. قايتىپ كېلىۋېتىپ يولدا بىر
نەچچە ئوغرىلار يىغىلىپ تۇرغان بىر يەرگە دۈچ كېلىپ قالدىم.
ئۇلار ئوغۇرلىغان پۇل، ماللىرىنى بولۇشۇپ ئولتۇرۇشقان ئې-
كەن. مەن ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاپتى-

مەن، ئىلاجسىزلىقتىن ئوغرىلاپ كەلگەن پۇل ۋە گوھەرنى ئوتتۇرىغا تاشلىدىم. ئوغرىلاردىن بىرى:

— بۇ پۇللارنى نەدىن ئالدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— پادىشانىڭ خەزىنىسىدىن، — دېدىم مەن يوشۇرماستىن. ئۇلار مېنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ پۇل-ماللارنى قايتىدىن تەقسىملەشكە باشلىدى. گوھەرنى كۆرۈپ ھەممىنىڭ كۆزلىرى قىزاردى بولغاي، ئۆز ئارا باشقا بىر تىلدا سۆزلىشىشكە باشلىدى. مەن ئۇ تىلنىمۇ بىلەتتىم.

— بۇنى يوقاتساق، — دېدى ئوغرىلارنىڭ كاتتىسى، — ھەممە پۇل-ماللار بىزنىڭ بولىدۇ.

— شۇنداق، ئەڭ مۇھىمى گوھەرمۇ بىزگە قالىدۇ... — دېيىشتى باشقىلىرىمۇ.

ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈش پىلانىنى تۈزۈپ، قول سالماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، يولدا بىر قارا كولەڭگۈ پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ كولەڭگۈ بىزگە يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ بىر ئادەم ئىكەنلىكى ئايان بولدى.

— ئەي مەلئۇنلار! — دەپ ئاسمان-زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرۈپ ۋاقىرىدى ئۇ ئادەم، — توختاش!...

ئوغرىلار قورققىنىدىن مال-پۇللارنى تاشلاپ ھەر ياققا قېچىشتى. ھېلىقى ئادەم مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ خىتاب قىلىپ دېدى:

— سەن راستلىق بىلەن جاۋاب بەر، ئەگەر يالغان سۆزلىسەڭ بويۇنۇڭنى ئۈزۈپ تاشلايمەن.

مەن ئەھۋالىمنى قىلچە يالغاننى قوشماي سۆزلەپ بەردىم. ئۇ، زەڭ قويۇپ ئاڭلاپ سۆزلىرىمنىڭ راستلىقىغا ئىشەندى ۋە:



— راست ئېيتتىڭ. شۇ راستلىقىڭ ئۈچۈن بۇ پۇل-ماللارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ، ساڭا ھەممىسى ھالال. ئالدىنقى ئەرت شۇكى، ھازىرغىچە قىلغان يامان ئىشلىرىڭغا چىن دىلىڭدىن تۆۋە قىلىپ، بۇ پۇللارنى خۇدا يولىدا سەرپ قىلساڭ، سەندە نېرىلىق بەلگىلىرى بولمىغاي. ئەگەر يەنە يامان ئىشلارغا قەدەم قويساڭ، ئۇشبۇ شەمشەرنى بېشىڭدا كۆرۈسەن.

ئۇ كىشى شۇنداق دەپ غايىپ بولدى. مەن بارلىق پۇل-ماللارنى ئۆيۈمگە ئېلىپ كەلدىم. قورغان، ئايۋان-ساراي قەسىرلەرنى ياساتتىم. غۇلاملارنى ئالدىم. ئاچلارغا، مېيىپ، خارۇ-زارلارغا كىيىم قىلىپ بەردىم. قىسقىسى ھېلىقى ئېزىز كىشىنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئەمەل قىلدىم.

بۇ ئىش پادىشانىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپتۇ. پادىشا مېنى ھوزۇرىغا چاقىرتتى ۋە مەندىن قانداق قىلىپ باي بولغانلىقىمنى سۆزلەپ بېرىشىمنى سورىدى.

— ئاڭلىسام، — دېدى پادىشا، — كۆپ خىراجەت قىلىدىكەنسەن، مۇنچە مال، دۇنيانى نەدىن ئالدىڭ؟

مەن پادىشاغا بېشىمدىن كەچۈرگەنلىرىمنى راستى بىلەن بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپ گوھەرنى ئالدىغا قويدۇم.

پادىشا ۋە دۆلەت كاتتىلىرى مېنىڭ راست سۆزلىگەنلىكىمگە ئاپىرىنلار ئېيتىپ، ھېلىقى گوھەرنى، يەنە ھېساپسىز پۇل-ماللارنى قوشۇپ ماڭا ئىنئام قىلدى.

— ئەي يىگىت، — دېدى ئۇلار، — تۆۋەڭنى سۇندۇرما، ياخشى ئىش قىلىشنى توختاتما، بۇ پۇل، دۇنيالىرىڭ تۈگەپ كەتسە بىزگە خەۋەر قىل. بىز يەنە يەتكۈزۈپ بېرىمىز.

مەن ئۇلار بەرگەن پۇل-مال دۇنيالارنى ئېلىپ قايتىپ

كەلدىم. 800 يىل ياشاپتىمەن . يەنە قانچىلىك ئۆمرۈم قالغان-
لىقىنى بىلمەيمەن. خۇدا بۇيرىسا، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ياخ-
شى يولدا ماڭىمەن.

ھاتەم قايتىشقا ئىجازەت سورىدى . ئۇ كىشى ھاتەمنى
بىر نەچچە كۈن مېھمان قىلىپ ، ئاندىن ئىجازەت بەردى ۋە
دىدى :

— بېيىتنى دەرۋازامنىڭ بېشىغا يېزىپ قويۇشۇمنىڭ سەۋە-
ۋى مانا شۇ.

ئەلقىسسە، ھاتەم قىرى كىشى بىلەن خوشلۇشۇپ ھوسنەئا-
ۋات يولىغا راۋان بولدى. كېچە - كۈندۈز باياۋانلارنى بېسىپ
ھارغىنىغا قارىماي مېڭىپ ، بىر بۇلاق يېنىغا كېلىپ توختىدى.

ئۇ يەردە بىر ئاز دەم ئېلىۋېتىپ ، كوڭلىگە مەلىكە زەر-
دىن پۇش كەلدى ۋە: «ئاۋۋەل يەمەنگە باراي، ئاتا - ئانامنى
زىيارەت قىلىپ، مەلىكە زەردىن پۇش بىلەن كورۇشۇپ، ئاندىن
ھوسنە ئاۋاتقا بارسامۇ بولغاي...» دەپ ئويلىدى. شۇ خىيال
بىلەن ئولتۇرۇپ كوردىكى ، بۇلاق ئىچىدە بىر جۈپ ئوردەك خۇد-
دى ئادەمدەك سوزلىشىپ، ئۈزۈپ يۈرەتتى. ھاتەم ئۇلارنىڭ سوز-
لىرىگە قۇلاق سالدى.

چىشى ئوردەك:

— ئەي دادىسى ، مېنى تاشلاپ نەگە بارىسەن ؟ - دەپ
سورىدى.

ئەركىكى:

— خۇدانىڭ رىزالىغى ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلغىلى
بارىمەن. ئولمىسەم يەنە كېلىمەن ، - دىدى.

چىشى ئوردەك:



— ئاۋۇ ئادەم كىم بولىدۇ؟ ئويغا پېتىپ ماڭالماي قاپتۇ، -
دەپ سورىدى.

ئەركىگى:

— ئۇ كىشى ھاتەمدۇر. ھازىر ئۇنىڭ گۈزەل خوتۇنى ئېسى-
گە كېلىپ، ياخشى ئىشنى تاشلىماقچى بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇپادى-
شا زاكاتچىسىنىڭ مەلىكىسى توغرىسىدىكى ھىكايىنى ئاڭلى-
ماپتىكەن.

ئەلقىسسە ، ئەمدىكى گەپنى ئوردەكلەردىن ئاڭلاڭلار:

چىشى ئوردەك سورىدى:

— ئۇ ھىكايە قانداق ئىدى؟

ئەركەگى مۇنداق ھىكايە قىلدى:

— قېدىمقى زاماندا، بىر شەھەردە بىر پادىشا ئوتكەن ئى-
كەن. ئۇ ناھايىتى شانۇ - شەۋكەتلىك ۋە دولەتمەن ئىدى. ئۇ
مەملىكىتى ۋە بارلىق خەزىنىسىنى بىر زاكاتچىغا تاپشۇرغان
ئىدى. پادىشانىڭ پۈتۈن كىرىم - چىقىملىرىنى ئەشۇ زاكاتچى
قىلاتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ شەھەرگە بىر سودىگەر كېلىپ زا-
كاتچى بىلەن تونۇشۇپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ سودىگەر زاكاتچىغا
بىر ساھىبجامال قىزنىڭ تەرىپىنى قىلىپ بەردى. زاكاتچى
ئۇنىڭغا غايىۋانە ئاشىق بولۇپ، سودىگەرنى ئەلچى قىلىپ يۇ-
رۇپ ئاخىرى پۈتۈشتى. ئىككى تارازا ئالتۇن بېرىپ ھىلىقى
قىزنى نىكاھىغا ئالدى . قارىسا ئۇ قىز سودىگەر ئېيتقاندىنمۇ
زىيادە گۈزەل قىز ئىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئىشقى - مۇھەببىتى تې-
خىمۇ ئۇلغايدى. ئۇ قىزنى خالى ساقلاش ئۈچۈن شەھەردىن بىر-
ئىككى چاقىرىم يىراقتىكى بىر مەنزىرىلىك گۈزەل جايغا ئۇستى-
لارنى باشلاپ بېرىپ ئىمارەت قىلدۇردى. ئەتراپىغا كول چېپىپ

سۇ قويۇۋەتتى. كېيىن بولمىسا قەسىرگە كىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇستىلار ھۈنەر ئىشلىتىپ بىر مۇنچە مەخپىي يول ياساپ قويغان ئىدى. ئۇنى پەقەت زاكاتچىلا بىلەتتى.

بۇ باغ - ھويلىلىق قەسىر پادىشالارنىڭ ھەرەمباغلىرىدىنمۇ ئالىي بولۇپ پۈتتى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاشتىن بىر كۆل ياساتتى. ئىچىگە سۇ كىرەلمەيدىغان بىر چوڭ ساندۇق ئەتتۈردى. تىللادىن زەنجىر قىلىپ، بىر ئۇچىنى ساندۇققا، بىر ئۇچىنى تاشقا بېكىتتى. ئىمارەت، گۈللەر بىلەن زىننەتلەندى.

زاكاتچى ئاندىن تۆرت كېنىزەك بىلەن مەلىكىنى بۇ باققا ئېلىپ كەلدى. بۇ ساھىبجامال كېنىزەكلەرنىڭ ئىككىسى سازەندە، ئىككىسى ئۇسسۇلچى، مەلىكىنىڭ ئۆزى بولسا چاكچى ئىدى.

زاكاتچى ھەر كېچىسى مۇشۇ ئىمارەتتە بۇلار بىلەن بىللە بەزمە قىلىپ، سۇبھى سوزۇلغاندا مەلىكىنى ھېلىقى ساندۇققا سېلىپ قويۇپ، كۆلگە تاشلاپ دەرۋازىغا ئات كاللىسىدەك يوغان بىر قۇلۇپنى سېلىپ قويۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ كۈنلىرى ئەنە شۇنداق - كۈندۈزلىرى پادىشانىڭ خىزمىتىدە، كېچىلىرى گۈزەل مەلىكە بىلەن ئەيشى - ئىشرەتتە ئۆتەتتى...

بىر كۈنى پادىشا ئۆز يېقىنلىرى بىلەن بىللە شىكارغا چىقتى ۋە ھېلىقى مەنزىرىلىك جايغا كېلىپ قالدى. ئۇ، ئۇۋغا قۇش سالدى. قۇش ئايلىنىپ بىر ياققا ئۇچتى، شاھ قۇشنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ باردى. قۇش زاكاتچىنىڭ بېغىنىڭ تېمىغا قونۇپ ئولتۇردى. شاھ تېخى بۇ باغنى كۆرمىگەن ئىدى.



پادىشا ھەرقانچە قىلىپ چاقىرسىمۇ، قۇش كەلمىدى. قۇشنى تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيمىغان پادىشا ئىلاجسىز ھالدا كۆلگە قاراپ ئات سالدى - دە، بىر ئامال قىلىپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى ۋە قۇلۇپنى شەمشەرنىڭ ئۇچى بىلەن ئېچىپ، ئىچكىرىگە كىردى. ئۇ، ئۆزىنى ناھايىتى ئازادە ياسالغان ئاجايىپ بىر ماكانغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى ۋە بۇ يەردىكى تاشتىن ياسالغان كۆلنى كۆردى. ئۇنىڭ تۆرت تەرىپىگە تۆرت چېدىر تىكىلىپتۇ، بۇ يەردە ھەممە نەرسە تەييار ئىدى، لېكىن بىرمۇ تىرىك جان كۆرۈنمەيتتى. پادىشا ئۇسسىغان ھەم قوسىقى ئاچقان ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئوۋلىغان تاغ قۇشىنى بۇ يەردە كاۋاپ قىلدى.

پادىشا كۆلنىڭ بويىغا كېلىپ، قولىنى يۇيۇۋېتىپ، ئالتۇن زەنجىرنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنى تارتىپ ئالماقچى بولۇۋىدى، ئۇ زەنجىرنىڭ بىر ئۇچى تاشقا بىر ئۇچى كۆلنىڭ ئاستىغا بەنت قىلىنغانلىقىنى بىلىندى. ئۇ زەنجىرنى كۈچەپ تارتقان ئىدى، بىر ساندۇق چىقتى. زەنجىر ئەشۇ ساندۇققا چېتىلغان ئىكەن. پادىشا ساندۇقنى ئېلىپ، تاش ئۈستىدە قويۇپ ھەيران قالدى. ئۇ، شۇنداق ئويلىدى: «بۇ ساندۇقتا نېمە بولغىيدى؟» ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن خاۋاتىرلەندى «بىرەر بالايى - ئاپەت بولمىسۇن يەنە؟»

ئۇ كاۋاپنى ئاز - تولا يەپ يەنە ساندۇقنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ قارىسا، ئاچقۇچى تۇرغىدەك. پادىشا ساندۇقنى ئاچتى. ساندۇقنىڭ يېرىمىغا قىممەت باھالىق توشەكلەر سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر گۈزەل سەنەم ياتاتتى. ساندۇقنىڭ ئېچىلىش شەپىسى مەلىكىنى ئويغىتىۋەتتى. كۆردىكى ساندۇق ئال-

دىدا بىر شاھ سۈرەت كىشى قاراپ تۇرۇپتۇ. مەلىكە ئورنىدىن تۇرۇپ ساندۇقتىن چىقتى- دە، ئىززەت - ئىكراملار بىلەن شاھنى چېدىر ئىچىگە باشلاپ كىرىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە خۇش تەبەسسۇم بىلەن پادىشادىن ھال سوراپ، كەلگىنىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى. شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھىلىقى كاۋاپنىڭ قالغىنىنى ئېلىپ كىرمەكچى بولىۋىدى، مەلىكە ئالدىنى توسۇپ، كاۋاپنىڭ ھازىر ئۆزى كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەلىكە بىر تەرەپكە قاراپ، كىمنىدۇر چاقىردى، دىرىزە ئېچىلىپ ئىككى پەرى چىراي قىز پەيدا بولدى. بىرى دوستىخان، يەنە بىرى ھەرتۈرلۈك تائاملار ئېلىپ كەلگەن ئىدى. مەلىكە يەنە بىر تەرەپكە قاراپ چاقىردى. يەنە ئىككى قىز شىشىلەردە شاراپلارنى كوتىرىپ كەلدى، تا كۈن يېرىمغىچە بەزمە بولدى. شاراپ كۈچىدىن ھەممەيلەننىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى. شۇچاغدا پادىشا كوردىكى، ئۇ پەرى چېھرى قىزلار ئاستا- ئاستا بىر- بىرلەپ غايىپ بولدى. مەلىكە چېدىرنىڭ ئېتەكلىرىنى چۈشۈردى- دە، شاھنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ، ئاجايىپ شوخلۇقلارنى قىلدى.

ۋاقىت ناماز ئەسىرگە يەتتى.

— ئەي مەلىكەم، — دىدى شاھ، — ماڭا ئىجازەت قىلىڭ، مەن لەشكەرلىرىمنى يولغا سېلىۋېتىپ كېلەي، ئاندىن قانغىچە تاماشا قىلايلى.

— ئۇنداق بولسا، — دىدى مەلىكە ئىلتىجا قىلىپ، — بىر يادىكار بەرسىڭىز. خاتىرە ئۈچۈن ساقلىسام.

پادىشا يېنىدىن قىممەت باھالىق بىر ئۈزۈكنى ئېلىپ بەردى. مەلىكە ساندۇقتىن بىر قۇتىنى ئالدى- دە، ئۇنىڭ ئاغزىنى



ئاچتى. قۇتا ئىچىدە ناھايىتى كوپ ئۈزۈكلەر تۇراتتى. ھەممىسى پادىشا بەرگەن ئۈزۈككە ئوپمۇ- ئوخشاش ئىدى. پادىشا بۇ ھالغا ھەيران بولدى.

— مېنىڭ ئېرىم ناھايىتى غەيۇر كىشى، — دىدى مەلىكە، — ئەمما مېنىڭ يېنىمغا سىزدەك شاھلار كېلىپ- كېتىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۈزۈكلەر شۇلار قالدۇرغان يالداما، ئۇ پادىشالار قايتا كېلىشكە ۋەدە قىلىپ كېتىشكەن بولسىمۇ، ۋاپاسىزلىق قىلىپ كەلمىدى. سىزمۇ كېلىمەن دىگىنىڭىز بىلەن كېلەلمەي قالارسىزمىكىن، مېنىڭ سىزگە ئىلتىماسىم شۇكى، مېنى ئۇشبۇ ساندۇققا سېلىپ، ئەۋۋەلقىدەك كولگە تاشلاڭ. دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىپ قويۇپ قايتىڭ، ئېرىم بۇ ئىشلارنى سەزمىسۇن.

پادىشا مەلىكىنىڭ ئېيتقىنىدەك قىلدى. ئىشىككە قۇلۇپ سېلىپ كولدىن ئوتۇپ، ئۆز پايتەختىگە قاراپ راۋان بولدى.

— خوتۇن دىگەننىڭ ئاخىرقى ئىشى ئەشۇنداق، — دىدى ئەركەك ئوردەك سوزىنىڭ ئاخىرىدا.— مەن ساڭا خىزمەت قىلدىم. ئەندى خۇدا رىزاسى ئۈچۈن يۈگرەي، مېنى ھاتەمگە ئوخشۇتامسەن؟ — ئۇ شۇنداق دىدى- دە، يولغا راۋان بولدى.

ھاتەم بۇ نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ، ھوشىنى يىغىپ، شۈكرىلەر قىلدى. ئورنىدىن تۇرۇپ ھوسنە ئاۋات يولىغا ئاتلاندى. چۆل- جەزىرىلەرنى كېزىپ ھوسنە ئاۋاتقا يېتىپ كەلدى. شاھزادە مونىرە بىلەن كورۇشتى.

ئەتىسى مەلىكە ھاتەمنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئىنىك ئانىنى ئەۋەتتى. ئىنىك ئانا سارايغا كېلىپ، ھاتەمنى كورۇپ دىلى شاتلىنىپ، مەلىكە نامىدىن كوپ ھال- ئەھۋال سورىدى. ئاندىن ھاتەم بىلەن شاھزادىنى مەلىكىنىڭ مېھمانخا-

نىسىغا تەكلىپ قىلدى. ئەتىسى ھاتەم بىلەن شاھزادە مەلىكىنىڭ
مېھمانخانىسىغا باردى. تا ئۈچ كۈنگىچە زىياپەتتە بولدى
تۆتىنچى كۈنى ئىنىك ئانا بىر دوستىخان بىلەن پۇل ۋە
بىر پارچە نامەنى ئېلىپ كېلىپ، مەلىكىنىڭ سالامىنى يەتكۈ-
زۈپ قايتتى. ھاتەم خەتنى ئېلىپ ئېچىپ ئوقۇپ مەزمۇنىدىن
ۋاقىپ بولدى. خەتتە: «ئەي شىرۇ-مەرتلەر سۇلتانى، تۆتىنچى
سوئاللىمغا جاۋاپ تاپقانلىقىڭىزدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدۇم.
ئەندى بەشىنچى سوئالغا قەدەم قويغايسىز. ئۇ سوئال بۇدۇر.
نىمە دېگەن سوز ئەرۇر تاغدىن چىققان بۇنىدا
نىمە ئۆچۈن بولغان بۇندا ئۇ پەيدا.
ئۇ قانداق تاغ، ئۇنىڭدا نىدا قىلغۇچى كىم، ئۇنىڭ سە-
ۋەۋى نىمە؟ ئۇ تاغ قايسى تەرەپتە؟ بۇ سىرنىڭ ھەققى ئەھۋا-
لىنى ماڭا مەلۇم قىلغايسىز، نامە تامام ۋەسسالام.»

## ھاتەمنىڭ مەلىكە ھۇسنە بانۇنىڭ بەشىنچى سوئالىغا جاۋاپ ئىزدەپ قىلغان سەپىرى

ئەندى سوزنى ھاتەمنىڭ بەشىنچى سوئالغا جاۋاپ ئىز-
دىشىدىن ئاڭلاڭلار:
ئەلقىسسە. ھاتەم مەلىكىنىڭ نامەسىدىن خەۋەردار بولۇپ،
شاھزادە مۇنىرە بىلەن خوشلىشىپ سەپەرگە يول تۇتتى. ئۇ، خۇداغا
سېغىنىپ، كىم ئۇچرىسا شۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى سوراپ، ۋىسال
ئىزدەپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر دەشت كۆرۈندى.
ئۇ يەردە كۆپلىگەن ئادەملەر تۇرۇپتۇ. ھاتەم ئۇلارنىڭ ئالدىغا
يېقىن باردى. ئۇ ئادەملەر يۈگرەپ كېلىشىپ، ھاتەمنىڭ قولى-
نى سۆيۈپ، تاۋاپ قىلىشتى. سەندەل ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ،



دوستىخان سېلىپ، ھەرخىل مېزىلىك تائاملار بىلەن مېھمان
قىلىشتى.
– ئەي ئەزىز مېھمان، – دېدى ئۇلار، – تائامغا قول
ئۇزىتىڭ.
ھاتەم تائاملاردىن تويغىچە يېدى. شۇ ئەسنادا بىر توپ
كىشىلەر بىر تاۋۇتنى ئېلىپ كېلىشتى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر
ئۆلۈكنى ئېلىپ گورغا قويدى. ھاتەم بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ كى-
شىلەردىن سورىدى:
– بۇ قانداق قائىدە – يوسۇن؟
– بۇ شەھەرنىڭ قائىدە – يوسۇنى شۇنداق، – دېدى كى-
شىلەر جاۋاپ بېرىپ، – ھەركىم ئۆلۈپ كەتسە دەشتكە بېرىپ
ئولتۇرىمىز، ناۋادا بىرەر مۇساپىر پەيدا بولۇپ قالغاندا، مۇدە-
نى يەرگە كومىمىز، ساقلاش ۋاقتىمىز قىرىق كۈن بولىدۇ. ئە-
گەر قىرىق كۈنگىچە بىرەر مۇساپىرنىڭ قەدىمى يەتمىسە، ئۇ،
ئۆلگەن كىشىنىڭ بەتبەختلىكىنىڭ بەلگىسى ھېساپلىنىدۇ. سىز
بەتتە كۈندە قەدەم تەشرىپ قىلدىڭىز.
ئۇلار ھاتەمنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ، بىر ياخشى جايغا
ئولتۇرغۇزۇپ، بىر نەچچە ساھىپجامال قىزلارنى ئۇنىڭ خىزمىتى ئۈ-
چۈن تەيىن قىلىشتى. ئۇ قىزلارنىڭ ھەممىسى نازىنىن گۈزەل-
لەردىن ئىدى. ھاتەم ئون كۈنگىچە بىرەر قېتىممۇ ئۇلارغا شەھ-
ۋەت نەپسىنى قويۇپ بەرمىدى. قىزلار ھاتەمنىڭ بۇ سۈپىتىنى
ئاتا-ئانىلىرىغا تەرىپلەپ ئېيتىپ بېرىشتى.
كىشىلەر ھاتەمنى بىر ياخشى يەردىن ئولەپ قويۇشنى
مەقسەت قىلىپ ھاتەمگە تەكلىپ بېرىشتى. ئەمما ھاتەم ئۆز
سەرگۈزەشتىلىرىنى ھېكايە قىلىپ:
– ئەي ئەزىزلىرىم، – دېدى كىشىلەرگە قاراپ، – ھەركىم-
نىڭ تاغدىكى ئاۋازدىن خەۋىرى بولسا، ماڭا يەتكۈزسۇن، مې-
نىڭ ئۆلەنگىنىمدىن مۇشۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغىنىم
ئەۋزەل.

كىشىلەر ئارىسىدا بىر مويسىپىت كىشى بار ئىدى. ئۇ سۆز-
گە كىرىشىپ دېدى:
— مەن موللىلاردىن، جاھان كورگەنلەردىن ئاڭلىغان ئى-
دىم. تاغ ئاۋازى جەنۇب تەرەپتىن بولغاي. ناھايىتى يىراق-
تۇر. يوللاردا ئاپەتلەر كوپ، ھەرقانداق ئادەم ئۇ يەرگە قەدەم
باسالماس ئاۋاز چىقىدىغان تاغنىڭ ئاستىدا بىر چوڭ شەھەر
بار. ئۇ شەھەر ناھايىتى ئاۋات. ئادەملىرىمۇ ئوبدان، ئۇ يەر
نىڭ ھېچبىر ئادىمى كېسەل بولمايدۇ، ئولمەيدۇ.
— مېنى بۇ يەرگە يەتكۈزگەن خۇدا، ئېھتىمال ئۇ شەھەر-
گىمۇ يەتكۈزۈپ قالار، — دەپ ئويلىدى ھاتەم ۋە بۇ يەردىكى
كىشىلەردىن ئىجازەت ئېلىپ ئوز يولىغا راۋان بولدى. بىر نەچ-
چە ۋاقىتتىن كېيىن بىر ۋىلايەتكە يەتتى. بۇ يەر ئىنتايىن چوڭ
ھەم ئاۋات ئىدى.
بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى ھاتەمنى كورۈپ:
— ئەي يىگىت، قەيەردىن كەلدىڭىز، نەگە بارىسىز؟ — دەپ
سورىدى.
— ئاۋاز چىقىدىغان تاققا بارىمەن، — دېدى ھاتەم جاۋاپ
بېرىپ، — يەمەندىن كەلدىم. ئىسمىم ھاتەم.
— بۇ نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ، — دېدى ئۇ كىشىلەر نەسىھەت
قىلىپ، — ئۇ يەرگە بېرىشقا بولمايدۇ. بارغان كىشى قايتىپ
كېلەلمەيدۇ.
— ئاللاتائالا ھەممە ئىشىمغا كېپىل، — دېدى ھاتەم، — ھە-
لىغىچە شۇنداق بولۇپ كەلدى، بۇ يولدا ھەم كېپىل بولغاي:...
ئۇ، شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى-دە، بۇ شەھەردىن چىقىپ،
دەشتنۇ — سەھرا يولىغا قەدەم قويدى. ماڭا — ماڭا ئۇنىڭغا ھار-
دۇق ۋە تەشنالىق يەتتى. شۇڭا ئۇ بىر ئېگىز يەرگە چىقىپ ئەت-
راپقا نەزەر سالدى. بىر يەردە قۇشلار كورۇندى. ھاتەم «ئېھتى-
مال ئەشۇ يەردە سۇ بولسا كېرەك» دەپ ئۇ يەرگە باردى. دىگەن-



دەك ئۇ يەردە بىر كول بار ئىكەن. ئۇ قانغىچە سۇ ئىچىۋېلىپ،
خۇداغا شۈكرى قىلىپ يەنە يولىغا راۋان بولدى.
ھاتەمگە يولدا بىر توپ سودىگەرلەر ئۇچرىدى. ئۇ، سودى-
گەرلەر بىلەن بىر كېچە ھەمسوبەتتە بولۇپ ئاۋاز چىقىدىغان تاغ
يوللىنى سورىدى. سودىگەرلەردىن بىرسى ھاتەمگە مۇنداق دېدى:
— بەش - ئالتە كۈن ماڭسىڭىز، ئالدىڭىزغا ئىككى يول
ئۇچرايدۇ. سول تەرەپتىكى يولغا ماڭماي، ئوڭ تەرەپتىكى يولغا
مېڭىڭ. سول تەرەپتىكى يولدا ھەرخىل ئاپەتلەر كوپ، ئۇ يولغا
كىرىپ قالسىڭىز ھايات چىقىش مۇمكىن ئەمەس. ھاتەم سودى-
گەرلەر بىلەن خوشلىشىپ، خۇداغا ئەلتىجا قىلىپ مېڭىۋەردى.
ئېيتقىلى سودىگەر دىگەندەك، يول ئىككىگە بولۇندى. ھاتەم سول
تەرەپتىكى يولغا ماڭدى. بىر نەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن بىر
دەشتكە يېتىپ باردى.
دەشتنىڭ بىر تەرىپى باراقسان ئورمانلىق بولۇپ، يەنە بىر
تەرىپى بىپايان. سەھرا ئىدى. ئۇ يەنە بىر نەچچە ۋاقىت يول
يۈردى. بىر چاغدا قارىسا ئۇ ئورمانلىقتىن ھېسابسىز جانىۋارلار
ئىنتايىن تېز چىقىپ كېلىۋېتىپتۇ.
بۇنى كورۈپ تۇرغان ھاتەم دەرھال بىر يوغان دەرەخنىڭ
ئۈستىگە چىقىۋالدى-دە، ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. بىر ياقتىن
كوزلىرى مەشئەلدەك يانغان ھەيۋەتلىك بىر ھايۋان كەلمەكتە
ئىدى. ھايۋاننىڭ قۇلىقى خەنجەردەك بولۇپ، ياپىسى يەرگە
تەككىدەك ئۇزۇن ئىدى. ئۇ ھايۋان بۇ يەرگە كېلىپ ئادەم بوي-
نى سەزدى بولغاي، ئۇ ياق - بۇ ياققا قاراپ دەرەخ ئۈستىدە تۇر-
غان ھاتەمنى كوردى - دە، دەرەخ ئالدىغا كېلىپ خىرىس قىلىپ،
يەرنى تاتىلاپ توپا توزۇتۇپ، سەكرەپ ئېتىلدى. ئۇ ھەر سەكرى-
گەندە ھاتەم تۇرغان يەرگە ئالدى پۇتى يەتكىلى ئاز - ئاز قا-
لاتتى. ھاتەم خەنجىرىنى ئېلىپ پەملەپ تۇردى. ئۇ ھايۋان خە-

رىس قىلىپ يۇقۇرىغا كوتۇرۇلۇپ چىقىش بىلەن ھاتەم ئۇلۇلغا خەنجەر ئۇردى. ئۇ ھايۋاننىڭ پۇتى زەخمىلەندى. يەنە بىرقېتىم سەكرىگەندە سېلىنغان خەنجەر ئۇ ھايۋاننىڭ قارنىنى بۇسۇۋەتتى.

بۇ ھايۋاننىڭ زەھرىدىن ئورمانلىقتا ئوت تۇتۇشۇپ كەتتى. ھاتەم ئولتۇرغان شاختىن ئوزىنى باشقا ياققا ئالدى، بىر-ئىككى سائەتتىن كېيىن ئوتلار بېسىلدى.

ھاتەم دەرەختىن چۈشۈپ، ھېلىقى ھايۋاننىڭ قۇيرىغىنى كېسىۋېلىپ، چىشىدىن ئىككى - ئۈچىنى سۇندۇرۇپ ئېلىۋالدى-دە، يەنە يولغا راۋان بولدى. بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن بىر شەھەرگە كەلدى. بۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرى ئاۋات، بازار - رەستىلىرى خىلمۇ - خىل ماللار بىلەن تولغان بولسىمۇ، ئادەم دىدارى كورۈنمەيتتى.

بۇ ھالنى كورگەن ھاتەم ھەيران بولۇپ، ئەتراپقا قارايتتى. ئۇنىڭغا دەرۋازىسى مەھكەم ئېتىلگەن بىر قورغان كورۈندى. ھاتەم شۇ تەرەپكە قاراپ قەدەم باستى. يۇقۇرىدىن:

— ئەي ئادەم، ئوزۈڭنى قۇتقاز. بولمىسا ئولۈمگە ھازىر بول!- دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

— نىمە ئۈچۈن،- دەپ سورىدى ھاتەم.

— نەچچە ۋاقىتلاردىن ئىلگىرى،- چۈشەندۇردى دەرۋازىۋەنلەر،- بۇ ۋىلايەتكە بىر بالايى-ئاپەت پەيدا بولغان ئىدى. ئۇنى « قاچا قۇيرۇق » دەيدۇ. قۇيرىغىدا قاچا شەكىللىك بىر جايى بار، ئۇ قاچىسىغا سىيىپ ئالسا، ئۇنىڭ تامچىلىرى قانداق يەرگە تەگسە، كويدۇرۇپ تاشلايدۇ. ئۇ ئەشۇ زەھرى بىلەن بۇ ۋىلايەتنى خاراپ قىلدى. ئۇنىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن سانسىزلىغان



ئادەملەر ھاياتىدىن ئايرىلدى. يەنە نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ياقا-يۇرتلارغا قېچىپ كەتتى. پادىشاھىمىزنىڭ كۈچىمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدى. ئۇ، ھەر كۈنى بىر قېتىم كېلىدۇ. ھازىر كېلىدىغان ۋاقتى بولدى. جان لازىم بولسا دەرھال قاچقىن.

— سىلەر دىگەن ۋەھشى ھايۋان ماڭا ئورمانلىقتا ئۇچرىغان ئىدى،- ھاتەم جاڭگال ياقىسىدا بولغان ۋەقەنى بىر - بىرلەپ سوزلىدى ۋە يەنە دىدى،- خۇدانىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن ئۇنى ئولتۇردۇم.

ھاتەم يېنىدىكى قۇيرۇق بىلەن چىشلارنى ئۇلارغا كورسەتتى. ئۇلار خۇشال بولۇشۇپ، دەرۋازا ئۈستىدىن چۈشۈشۈپ، دەرۋازىنى ئاچتى ۋە ھاتەمنى پادىشانىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى. پادىشا شاتلىنىپ ھاتەمنى ئىززەت - ئىكراملار بىلەن تەختىكە چىقىرىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى ۋە:

— ئەي يىگىت، ئۇ يىرتقۇچ ھايۋانغا قانداق تاقابىل تۇردىڭىز؟- دەپ سورىدى.

ھاتەم بولغان ئەھۋاللارنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ، قۇيرۇق بىلەن چىشلارنى پادىشاغا ھەدىيە قىلدى. پادىشا ۋە باشقا ۋەزىرلەر ھاتەمگە ھورمەت بىلدۇرۇپ، تازىم بىجا كەلتۇرۇشتى ۋە بۇ يەردە ئۈچ - تورت كۈن توختۇتۇپ، زىياپەت بېرىپ مېھمان قىلدى ھەم ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئومۇر تىلەشتى.

بىر كۈنى ھاتەم پادىشادىن ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن ئاۋاز چىقىدىغان تاغ يولىنى سورىدى. پادىشا ھاتەمنىڭ نامۇئەھۋالى توغرىسىدا ئاۋاز چىقىدىغان تاغ پادىشاسىغا ئالاھىدە بىر نامە يېزىپ، ھاتەمگە تۇتقازدى. بىر ئادەمنى ھەمرا قىلىپ قوشتى. ئۇ كىشى ھاتەمنى باشلاپ بىر نەچچە كۈن يول

يۈرۈپ ئاۋاز چىقىرىلغان تاغ تەۋەسىگە يەتكەندە، پادىشانىڭ ئەدرىگە ئاساسەن قالغان يول ئەھۋالىنى ھاتەمگە چۈشەندۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن ھاتەم بىلەن خوشلىشىپ ئۆز جايىغا قايتتى.

ھاتەم يەنە بىر نەچچە مەزگىل يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە كەلدى. بۇ شەھەر ناھايىتى ئاۋات، ھاۋالىق ئىدى.

دەرۋازىۋەنلەر ھاتەمنى باشلاپ، پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. پادىشا ھاتەمنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىپ مېھمان قىلدى.

— ئەي يىگىت، — دەپ سورىدى شاھ، — قايسى تەرەپتىن كەلدىڭىز، قاياققا بارىسىز، مەقسىتىڭىز نېمە؟ ھېلىغىچە ھەزرىتى ئىسكەندەردىن باشقا كىشىلەرنىڭ بۇ دىيارغا قەدىمى يەتكەن ئەمەس ئىدى. سىز قانداق كەلدىڭىز؟

ھاتەم سەرگۈزەشتىلىرىنى باشتىن - ئاخىر سۆزلەپ بەردى ۋە شاھنىڭ خېتىنى بەردى. خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولغان پادىشا ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ھاتەمنى مېھمانخانىغا تەكلىپ قىلدى. ھاتەم پادىشانىڭ كۈتىشى بىلەن بىر مەھەل بۇ يەردە سەيلە - تاماشىلار قىلدى.

ئاۋاز چىقىدىغان تاغنىڭ بىر ئېتىكى بۇ شەھەر بىلەن تۇتىشاتتى. ھاتەم بۇ ھەقتە كۆپلىگەن كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، مۇددىئاسىغا لايىق بىرەر جاۋاپ ئالالمىدى. پەقەت كىشىلەر مۇشۇنداق بىرلا جاۋاپنى بېرىشەتتى:

— بۇ يەردە تۇرساڭ بىلىسەن ...

ئەندى گەپنى ئاۋاز چىقىدىغان تاغنىڭ سىرلىرىدىن ئاڭلاڭلار:



ھاتەم بۇ شەھەردە بىر ئايدەك تۇردى. بىر كۈنى ئاۋاز چىقىرىدىغان تاغ تەرىپىدىن بىر ئادەمنىڭ «ھاتەم!» دەپ چاقىرغان ھەيۋەتلىك ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ ئادەم توۋلاپ قويۇپلا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ: «خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن» دېگىنىچە ئاۋاز چىقىدىغان تەرەپكە قاراپ شامالدەك يۈگرەپ كەتتى. كىشىلەر بولسا ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ ماتەمدە قالدى.

ھاتەم: «ئاۋاز چىقىدىغان تاغنىڭ سىرى شۇنداق ئوخشايدۇ» - دەپ ئۈمىتسىزلىنىپ كەتمەكچى بولدىيۇ، لېكىن يەنە ئۆزىگە ھاي بېرىپ، «بۇ سىرنى تۈزۈگرەك ئۇقمىسام بولماس» دەپ بىر مەزگىل تۇرۇش قارارىغا كەلدى.

يەنە بىر كۈنى ئاۋاز چىقىدىغان تاغ تەرەپتىن باشقا بىر كىشىنىڭ «ھاتەم» دەپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ كىشىمۇ توۋلاپ بولۇپلا ئاۋاز چىقىدىغان تاغ تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى. بۇ قېتىم ھاتەممۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن ئۇچقاندەك يۈگرەپ ماڭدى. كىشىلەر ھاتەمنى توسۇۋالماقچى بولدى. لېكىن ھاتەم ئۇلارنىڭ پىكرىنى رەت قىلىپ، ھېلىقى كىشىنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋەردى. ئۇ ھارغىنىغا قارىماي، ھېلىقى كىشىنىڭ قارىسىنى ئېلىپ تاغ ئۈستىگە يامىشىپ بارماقتا ئىدى. ئاستا - ئاستا شەھەر كۆزدىن غايىپ بولدى. ئۇلار كېتىۋېرىپ بىر يەرگە باردى. ئۇ يەر ياپ - يېشىل، خۇش ھاۋالىق جاي بولۇپ، رەڭمۇ - رەڭ خۇشپۇراق گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، ئۇ گۈللەرنىڭ پۇرىقى ئەتراپنى ئەترە چاچقاندەك خۇشپۇراققا چۈمدۈرۈۋەتكەن ئىدى. گۈللەر ئىچىدە بولسا نازىنىن دىلبەر گويا گۈللەر پادىشاسىدەك تۇرۇپتۇ.

— ئەي يارۇ – ۋاپادار، دېدى ئۇ قىز ھېلىقى كىشىگە ئۇزىنى ئېتىپ، – مەنسىزگە ئىنتىزار تۇرۇپتىمەن.

ئۇلار قۇچاغلىشىپ كورۇشەتتى- دە، ھاتەم يېتىپ كەلگىچە ئىككىسى يەرگە يىقىلىشىپ كوزدىن غايىپ بولۇشتى، ھاتەم سىنجىلاپ قارىسىمۇ ئۇلارنى تاپالمىدى. ئاخىر ئۇ باشقا بىر ياققا قاراپ ماڭدى، بىر قانچە كۇنلەر ماڭغاندىن كېيىن بىر دەرياغا يولۇقتى. بۇ دەريانىڭ ئىككىنچى تەرىپىگە كىشىنىڭ كوزى يەتمەيتتى. دەريادىن ئوتۇشكىمۇ كېمە يوق ئىدى. ئەتراپتا بىرەر مەخلۇقمۇ كورۇنمەيتتى. ھاتەم بېشىنى سەجدىگە قويۇپ ئاللا تائالاغا مۇناجات قىلىپ دېدىكى: «ئەي پەرۋەردىگارىم، پۇتۇن ئالەمنى ياراتقۇچى ۋە پەرۋىش قىلغۇچى ئوزەڭسەن. قانداق قىلساڭ قىلالايسەن، قادىرلىق سۇپىتىڭ بىلەن پەقىر-مۇساپىرىڭغا مۇشۇ دەريادىن بىر يول بەرسەڭ ...

ئۇ سەجدىدىن بېشىنى كوتىرىپ دەرياغا قاراپ كوردىكى، دەريانىڭ لېۋىگە يېقىنراق بىر جايدا تەگلىگە ئوخشاش بىر نەرسە ئايلىنىپ تۇراتتى. ھاتەم ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ باردى - دە، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۇستىگە چىقتى.

تەگلىگە ئوخشاش نەرسە بولسا، ھاتەم نىشان قىلغان تەرەپكە قاراپ كاراپتەك يۇرۇپ كەتتى. بىر قانچە كۇنلەردىن كېيىن دەريانىڭ ئۇ چېتى كورۇندى. ھاتەم قىرغاققا چىقىپ، ئارام ئېلىپ يەنە يولغا راۋان بولدى. ئۇ سەيلە – تاماشا قىلىپ بارماقتا ئىدى. بىردىنلا ئوتتەك يالقۇن چېچىپ تۇرغان بىر تاققا يولۇقتى.

تاغنىڭ دەرەخلىرى قىزىل ئىدى. ھاتەم بۇ تاغنى بىر نەچچە كۇن زىيارەت قىلىپ مېڭىپ يەنە بىر دەرياغا يولۇقتى.



بۇ دەريا ئوركەشلەپ، جوش ئۇرۇپ ئېقىپ تۇراتتى. ئاستى بولسا، ئۇنچە-مارجان، مەرۋايىت بىلەن تولغان ئىدى. ھاتەم قاراپ كوردىكى، بۇ دەريادىن ئوتۇشنىڭ ئۇسۇلى، ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ دەريانى بويلاپ بىر قانچە كۇن يول يۇردى. لېكىن بۇ دەريانىڭ باش تەرىپى كورۇنمىدى.

ھاتەم يەنە سەجدىگە باش قويۇپ، ئاللاتائالاغا ئىلتىجالار قىلىپ ياش توكۇپ پانالىق تىلىدى. ئۇ سەجدىدىن بېشىنى كوتۇرۇپ، كوز ياشلىرىنى سۇرتۇپ قارىغان ئىدى، دەريانىڭ يۇزىدە بىر قۇش ئايلىنىپ يۇرۇپتۇ. ھاتەم بىر ئامال بىلەن قۇشنىڭ قېشىغا باردى. قۇش ھاتەمنى قانىتى ئۇستىگە ئالدى ۋە كېچە – كۇندۇزلەپ ئۇچقۇر شامالدەك ئۇچۇپ باردى.

ھاتەم ئۇ دەريادىنمۇ سالامەت ئوتۇپ، يەنە يولغا راۋان بولدى. ئۇ بىر نەچچە كۇن يول يۇرۇپ، كۇمۇش دەرياسىغا يەتتى. ئۇ دەريانىڭ سۇيى سۇتتەك بولۇپ، مەۋج ئۇرۇپ ئاقاتتى. ھاتەم ئۇنى سۇ دەپ قىياس قىلىپ ئىچمەكچى بولىۋىدى، قولى كۇمۇشتەك بولۇپ قالدى. شۇندا ھاتەم بۇنىڭ دەريائى كۇمۇش ئىكەنلىگىنى بىلدى- دە، سەجدىگە باش قويۇپ، ئاللاتائالاغا ئىلتىجا قىلدى. ئۇ يەنە سەجدىدىن بېشىنى كوتىرىپ كوردىكى، ئالدىدا باشقا سۇرەتتىكى بىر نەرسە تۇراتتى. ھاتەم ئۇنىڭغا مىنىپ بىر نەچچە كۇندە كۇمۇش دەرياسىدىن ئوتتى - دە، يولغا راۋان بولۇپ بىر تەرىپى تاغ، يەنە بىر تەرىپى دەريا بىر يەرگە كەلدى. ئۇ يەرنىڭ تاشلىرى لەئەل-ياقۇت ئىدى. ھاتەمنىڭ ئۇنىڭغا ھەۋىسى كېلىپ، يۇزدىن بىرنى تاللاپ ئېلىشقا باشلىدى. ئۇ تاللىغانلىرى تېخىمۇ شوخ، جۇلالىقلىرى ئۇچرا-

ۋەردى. شۇنداق قىلىپ ھاتەم بىر قانچە كۈنگىچە لەئەل-ياقۇت تاللاش بىلەن مەشغۇل بولدى.

ھاتەم بىر كۈنى بىر چوڭ بۇلاققا يەتتى، ئۇ، بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىدىن بىر ئۇچۇم ئىچكەن ئىدى. قوللىرى ئەسلىگە كەلدى. ھاتەم ئۇخلاپ ئارام ئالماقچى بولىۋىدى، بۇلاق سۈيى مەۋج ئۇرۇپ، بۇلاقتىن ئىككى نەرسە چىقىپ كەلدى. ئۇ نەرسىلەرنىڭ بېشى ئادەم بېشىدەك، پۇتى پىلنىڭ پۇتىدەك، تىرناقلىرى شىرنىڭ تىرناقلىرىدەك بولۇپ قارىقاش، قارا كۆز ئىدى. ھاتەم شەمشىرىنى ئېلىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. شۇ چاغدا ئۇلار ھاتەمنىڭ ئەلپازىنى سېزىپ ئاۋاز چىقاردى:

— ئەي خۇدانىڭ بەندىسى، قورقمىغىن، بىزمۇ خۇدانىڭ بەندىسى، ساڭا نەسىھەت قىلماقچىمىز.

ھاتەم شەمشىرىنى قىنىغا سېلىپ ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى:

— ئەي يىگىت،— دېدى ئۇلار نەسىھەت قىلىپ،— ھېلىقى ئالغان جاۋاھىراتلارنى تاشلىۋەت. ئەگەر تاشلىمىساڭ، ھەممە ئىشلىرىڭ تۈگۈشىدۇ.

— مەن كىمنىڭ جاۋاھىراتلىرىنى ئاپتىمەن؟ — سورىدى ھاتەم ئۇلاردىن، — بىرەر كىشىنىڭ جاۋاھىراتىنى ئېلىۋالغىنىم يوققۇ.

— ھېلىقى يولدا كېلىۋېتىپ ئېلىۋالغىنىڭچۇ؟— دېدى ئۇلار.

— ئالغىنىم راست،— دېدى ھاتەم قەتئىي، تەئەججۇپ بىلەن، — لېكىن بىر كىشىنىڭكىنى ئالمىدىم. خۇدايىمنىڭ زېمىنىدىن ئالدىم. ھەممە نەرسە ئاللانىڭ ياراتقىنىدۇر.



— بۇ سۆزلىرىڭ توغرا، — دېدى ئۇ ئىككەيلەن، — ھەممە نەرسە ئاللانىڭ ياراتقىنىدۇر. لېكىن ئاللا ياراتقان بۇ جاۋاھىراتلار باشقا خىلدىكى مەخلۇقلارنىڭ نېسىۋىسىدۇر. سەن شۇنى ئېلىۋالدىڭ.

— ئادەم ئەۋلادىدىن ئۇلۇغراق قانداق مەخلۇق ئۇ، — دېدى ھاتەم.

— ئادەملەر ئىمتىھان ۋە مۇلاھىزە قىلىدىغان نەرسىلەر كۆپتۇر. ئۇ لەئەل-ياقۇتلار پەرىلەر جىنسى ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر، — دەپ جاۋاپ بەردى ئۇلار.

— ئىنسانلار ئۇنىڭغا لايىق ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى ھاتەم.

— لايىق، — دېدى ئۇلار، — لېكىن ئاۋۋەل پەرىلەرنىڭ قولىغا يەتكەي، ئاندىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ قولىغا تېگەر. ئىنسانلار نېسىۋىسىنىڭ كۆپرەكى تۇپراقتا، ئەي يىگىت، تېزراق ۋەتىنىڭگە قايتىشنى خالىساڭ، ئۇ نەرسىلەرنى تاشلىغىن. ئەگەر سۆزلىرىمىزگە ئەمەل قىلمىساڭ بۇ سەپەردە كاشىلا كۆپ بولىدۇ. كېيىن پۇشايمان قىلساڭ پايدىسى يوق.

بۇ نەسىھەتلەرنى ئاڭلىغان ھاتەم نائىلاج ھالدا قولىدىكى لەئەل-ياقۇتلارنىڭ ھەممىسىنى تاشلىۋەتتى. ئاندىن ئۇلار ھاتەمگە بىر نەچچە تال لەئەل-ياقۇت بەردى ۋە:

„بۇ بىزدىن ساڭا يادىكار بولسۇن“ — دېدى.

ھاتەم ئۇلاردىن يولنىڭ قاياقتا ئىكەنلىكىنى سورىدى.

— يول مۇشۇ، — دېدى ئۇلار، — ئالدىڭدا يەنە ئىككى دەريا بار. ئۇنىڭ بىرسى ئالتۇن دەرياسى، يەنە بىرى ئوت دەرياسى، بۇ ئىككى دەريادىن ئۆتسەڭ، مۇرادىڭغا يېتىسەن.

ئۇلار شۇ سوزنى دەپلا، بۇلاققا چوكۇپ، كوزدىن غايىپ بولدى. ھاتەم ئۇلارنىڭ يەنە بىر قېتىم چىقىشىنى كۇتكەنىدەك بۇلاققا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى ۋە بىر ھازادىن كېيىن ئورنىدىن قوزغۇلۇپ يەنە ئوز يولىغا راۋان بولدى.

ھاتەم تەۋەككۇل قىلىپ مېڭىۋەردى. بىر نەچچە كۇندىن كېيىن بىر ئوستەڭ ئۇچرىدىكى،تاشلىرى مەرۋايىت، سۇيى ھەسەلدىن شىرىن، سۇتتىنمۇ ئاق ئىدى. ھاتەم ئۇ سۇدىن ئىچىپ ئۇسسۇزلىغىنى قاندۇرغاندىن كېيىن يەنە يولغا راۋان بولدى. ماڭا - ماڭا بىر كولگە يەتتى، ئۇنىڭدىنمۇ ئوڭايلا ئوتتى. ئۇنىڭغا يەنە بىر تاغ ئۇچرىدى. بۇ تاغ پۇتۇنلەي ئالتۇندىن ئىدى.

كوپ ئاماللارنى قىلىپ ئۇ تاغنىڭ ئۇستىگە چىقىپ،تاماشالار قىلىپ بىر مەيدانغا يەتتى. ئېرىقلاردا سۇپ- سۇزۇك سۇلار ئېقىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ يەرگە يەنە بىر كول ياسالغان بولۇپ، كولنىڭ ئەتراپىغا چېدىر، بارىگاھلار تىكىلگەن ئىدى. ئۇ يەنە بىر ئالى بىنا كوردى. ئۇ بىنانىڭ بىرخىشى ئالتۇندىن ، بىر خىشى كۇمۇشتىن ئىدى . بىنانىڭ ئىچىدىكى ئويلەرگە ، ئەتلەس توشەكلەر، زىلچا - گىلەملەر سېلىنىپ ھەر خىل تەختلەر قويۇلغان ۋە بۇ يەردە تۇرلۇك - تۇرلۇك لەززەتلىك تاماقلار تەييار ئىدى. ھاتەم لەززەتلىنىپ ئولتۇرۇپ، قوسىغىنى تويغۇزۇپ، بىر دەمدىن كېيىن كوزى ئۇيقىغا كەتتى.

ئۇ، ئۇيقىدىن ئويغۇنۇپ تۇرۇشىغا ئالدىدا بىر جامە پەرىلەر پەيدا بولدى. ھاتەم پەرىلەر قائىدىسى بويىچە ئۇلارغا سالام بەردى. پەرىلەرمۇ جاۋابەن سالام بەردى.



- ئەي يىگىت، - دەپ سورىدى پەرىلەر، - قايىقتىن كەلدىڭىز، ئەندى نەگە بارىسىز، مەقسىدىڭىز نىمە؟

- مېنىڭ ئىسمىمنى ھاتەم دەيدۇ ، - دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ، - يەمەن پادىشاسى تەينىڭ ئوغلىمەن. ھازىر ئاۋاز چىققان تاغدىن كېلىشىم.

ھاتەم ئۇلارغا ئوز سەرگۇزەشتىسىنى تولۇق سوزلەپ بەردى، پەرىلەر ئۇنىڭغا تەھسىن - ئاپىرىنلار ئېيتتى. ھاتەم بۇ پەرىلەردىن:

- بۇ تاغنى نىمە دەيدۇ، بۇ قەسىرنىڭ ئىگىسى كىم ؟ - دەپ سورىدى.

- بۇنى ئالتۇن تاغ دەيمىز ، - دىدى پەرىلەر جاۋاپ بېرىپ ، - سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بۇ يەردىن تاكى كويىقاپقىچە شاھ بال ئىبنى شاھ روھ پەرىگە ئىنئام قىلغان. شاھ بال شاھنىڭ بىر قىزى بار ئىدى، ئۇ قىز شاھنىڭ كوز نۇرى ئىدى. ئۇنى ئەسما پەرى دەيدۇ. نۇش لەپ پەرى ئەشۇ ئەسما پەرىنىڭ ئۇستازلىرىدىندۇر. بۇ ئالتۇن تاغنى ئەسما پەرى نۇش لەپ پەرىگە بەرگەن. بۇ سانسىز پەرىلەر نۇش لەپ پەرىنىڭ پەرىلىرى. بۇنىڭ ئالدىدىكى چاھار باغ نۇش لەپ پەرىنىڭ خاس ماكانى، ئېھتىمال ئۇ ھىلىراقتا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئۇ، شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، توپ - توپ كەپتەرلەر پەيدا بولدى ۋە ئۇلار يەرگە يۇمۇلۇنۇپ كولگە چۇمۇلدى - دە، پەرىزاتقا ئايلاندى. ھاتەم ھەممىسىنىڭ يۇقۇرىسىدا، ئالتۇن تەخت ئۇستىدە ئىۋ دىلرە بانۇش لەپ پەرىنىڭ ئاشىقلارنىڭ جانلىرىغا بالا ئوقىنى بەتلەپ تۇرغانلىغىنى كوردى .

بىخوتلۇق ھا تەمنى ئۆز ئىلكىگە ئالغىلى تاسلا قالغاندا.
ئۇ بېشىنى سىلكىپ، ھەقتى ئالانى يادلاپ ھوشىنى تېپىۋالدى-دە،
دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ پەرىلەرگە ئەدەپ بىلەن تازىم قىلىپ سالام
بەردى. ھا تەمنىڭ بۇ پەزىلىتى نۇش لەپ پەرىگە ياراپ قالدى.
— ئەي مېھمان يىگىت، — دىدى ئۇ ھا تەمگە، — خوش كې-
لىپسىز. جاپا چېكىپ بۇ ماكانىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىپسىز، يېنىمغا
كېلىپ يېقىنراق ئولتۇرۇڭ.
خىزمەتچى پەرىلەر ھا تەمنى ھورمەت بىلەن ئېلىپ بېرىپ نۇش
لەپ پەرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئاندىن دوستىخان
سېلىندى. ھەرخىل لەززەتلىك تائاملار كەلتۈرۈلدى. تائامدىن
كېيىن ھا تەم دۇئا قىلدى.
— ئەي يىگىت، — دىدى نۇش لەپ پەرى مېھرىبانلىق بىلەن، —
قايسى چىمەننىڭ گۈلىسىز ۋە قايسى بوستاننىڭ بۇلبۇلىسىز، بۇ
يەرگە قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟
— كەمىنە پەقىر، — دەپ جاۋاپ بەردى ھا تەم، — يەمەن
زېمىنىدىن، ئىسمىم ھا تەم. ئاتام تەي — يەمەننىڭ پادىشاسى.
ھا تەم نۇش لەپ پەرىگە ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى بىر - بىرلەپ
سۆزلەپ بەردى ۋە مەلىكەھۇسنە بانۇنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ
ئىزدەپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى.
ھا تەمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىغانلار ھەيرانلىق ئى-
چىدە ئاپىرىنلار ئېيتتى. نۇش لەپ پەرى بولسا، يېراق- يېقىن-
دىكى بارلىق پەرىلەرنى يىغدۇرۇپ، ھا تەمگە شاھانە زىيا-
پەت بەردى. ئارىدىن ھەپتە ئۆتتى.
— ئەي يىگىت، — دىدى نۇش لەپ پەرى ھا تەمگە قاراپ، —
ئەگەر ئۆمۈر بويى بۇ يەردە تۇرسىڭىز زېرىكمەيسىز، بەلكى پە-



رىلەر ئىچىدە يۇقۇرى ھورمەت - ئابرويغا ئىگە بولىسىز.
— ئەي ياخشىلار سۇلتانى، — دىدى ھا تەم ئورنىدىن تۇ-
رۇپ ھورمەت- ئېھتىرام بىلەن، — مەن بىچارىغا ئىجازەت بەر-
سىلە، ئۆز يولۇمغا مېڭىۋالاي. چۈنكى ماڭا ئىنتىزار بولۇپ
تۇرغان نۇرغۇن ھاجەتمەنلەر بار. ئۇلارنىڭ ھاجىتىگە داۋا تاپ-
مىسام بولماس.
— بولىدۇ، — دىدى نۇش لەپ پەرى، — ياخشى ئىشقا يول
قويماق لازىم.
نۇش لەپ پەرى ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن ھا تەمنى ئۆز دا-
ئىرىسىنىڭ چېگرىسىغىچە ئۇزۇتۇپ باردى. ھا تەم ئۇلار بىلەن
خوشلۇشۇپ، ئۆز يولىغا قەدەم قويدى. ئۇ كۆپ جەۋرى — جاپا-
لار چېكىپ، ئاخىرى ئالتۇن دەرياسىغا بېرىپ يەتتى.
ھا تەم كوردىكى، بىر ئۇلۇغ ئېزىم دەريا، ئىككىنچى چې-
تىنى كۆرگىلى بولماس. ئۇ يەنە سەجدىگە باش قويۇپ، ئاللا-
تاالاغا ئىلتىجا قىلدى. كېيىن بېشىنى كۆتىرىپ قارىسا دەريانىڭ
لەۋىدە سۈپىغا ئوخشايدىغان بىر نەرسە ئايلىنىپ تۇرۇپتۇ. ھا-
تەم چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى. ئۇ نەرسە
بولسا ئۇچقاندەك تېزلىك بىلەن يۈرۈپ كەتتى.
ھا تەم ساق - سالامەت قىرغاققا چىقتى. ھېلىقى سۈپىدەك
نەرسە كۆزىدىن غايىپ بولدى. ھا تەم خۇداغا شۈكرانىلار ئېيى-
تىپ باراتتى. يەنە بىر قۇملۇق بايانغا يەتتى. باياۋان ئاپتاپ
تەپتىدىن خۇمداندەك قىزىپ كەتكەن ئىدى. ھا تەمگە تەشنالىق
يەتتى. ئۇ مادارسىزلىنىپ، بىھوش بولۇپ يىقىلدى.
شۇئان ھېلىقى بۇلاقتىن چىقىپ، ھا تەمنى يولغا سالغان
ئىنىزلەر پەيدا بولدى. ئۇلار ھا تەمنىڭ بېشىنى تىزلىرىغا ئې-

لىپ، سايە قىلىپ تۇردى. بىر ھازادىن كېيىن ھاتەم ھوشىغا كەلدى. ئۇلار ھاتەمنى ئاچلىق ۋە تەشنالىقتىن قۇتۇلدۇردى،

— بۇ ھارارەت ئوت دەرياسىنىڭ تەپتىدىندۇر، — دېدى ئۇلار ھاتەمگە بىر ئۇمت شامى يېقىپ، — غەم قىلمىغىن، ئەندى ساڭا تەسىر قىلالمايدۇ. ئوت دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن موھۇرنى دەريا لېۋىدە بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇپ كەتكىن، بولمىسا پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولىدۇ.

ئۇلار يەنە غايىپ بولدى. ھاتەم خۇداغا كۆپلەپ شۈكرىلەر ئېيتىپ ھېلىقى موھۇرنى ئاغزىغا سېلىپ يەنە يولغا راۋان بولدى.

ھاتەم مېڭىپ - مېڭىپ ئوت دەرياسىغا يەتتى. قارىسا ھەممە ئالەم ئوت ئىلكىگە چۆكۈپتۇ. ھاتەم بېشىنى قۇمغا سۈرتۈپ، ئاللاتائالادىن ئامانلىق يولىنى تىلىۋىدى، ئاتەش دەرياسىنىڭ لېۋىدە بىردىنلا گۇمبەزدەك بىر نەرسە پەيدا بولدى. ھاتەم ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇردى. ئۇ، گويا كېمىدەك تېز سۈرئەتتە ئۈزۈپ باراتتى. بىر نەچچە كۈن شۇنداق ماڭغان بولسىمۇ، ئىككىنچى قىرغاق كۆرۈنمىدى. ھاتەم بېشىنى يەنە سەجدىگە قويۇپ خۇدانىڭ دەرگاھىدىن ئامانلىق تىلىدى. شۇندا گۇمبەز پەقىراپ ئايلىنىشقا باشلىدى.

— ئەندى ئاتەش ئىچىگە غەرق بولۇپ كېتىدىغان بولدۇم، — دېدى ھاتەم كۆزىنى يۇمۇپ.

ھاتەم ھوشىدىن كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى، ئۆزىنى قىرغاقتا كۆردى. ھېلىقى گۇمبەزدەك نەرسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

ھاتەم يەنە يولغا راۋان بولدى. بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن بىر يەرگە يەتتى. ھاتەمگە ئۇ يەر تونۇشلۇقتەك كۆرۈن-



دى. ھاتەم بۇ ھالغا ھەيران قالدى. بىر ياققا قارىسا، بىر دېخان قوش ھەيدەۋېتىپتۇ. ھاتەم ئۇ دېخاننىڭ ئالدىغا باردى ۋە سالام بەردى. ئۇ دېخان سالامنى ئىلىك ئېلىپ، جاۋابەن سالام بەردى ۋە ھاتەمگە قايتا - قايتا قارىدى.

ھاتەم سورىدى:

— مەندە نېمە كۆردىڭىز؟

— شاھزادە مۇنىرە دېگەن بىر يىگىت بار ئىدى، — دېدى دېخان، — ئۇنىڭغا ھاتەم دېگەن كىشى كۆپ ياردەم بېرىپ مۇرادىغا يەتكۈزگەن. مەن سىزنى ئەشۇ ھاتەمگە ئوخشىتىۋاتىمەن.

— ئەشۇ ھاتەم دېگەن مەن بولىمەن، — دېدى ھاتەم دېخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيرانۇ - ھەس بولغان ھالدا جىلمىيىپ.

دېخان بولسا بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى توختۇتۇپ ئالالماي ھاتەمنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى.

ئۇلار مۆكدۈشۈپ، قايتىدىن تونۇشتى. دېخان ھاتەمنىڭ ئالدىغا نان بىلەن قېتىق قويۇپ مېھمان قىلدى. ھاتەم دېخاندىن ئاتىسى تەيىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى ۋە بىر پارچە خەت يېزىپ دېخانغا بەردى. يېنىدىن بىر نەچچە تال جاۋاھىرات ئېلىپ دېخانغا ھەدىيە قىلدى.

— مۇشۇ دۇنيا ساڭا يېتىدۇ، — دېدى ئۇ دېخانغا، — باھاسىنى ئېنىق بىلىپ، ئۆز باھاسىدا ساتقىن، غېنى بولىسەن. مېنىڭ سالامىمنى ۋە ياخشى ئارزۇ - تىلەكلىرىمنى ئاتام تەيگە يەتكۈزگىن.

ھاتەم دېخان بىلەن خوشلۇشۇپ ھوسنە ئاۋات يولىغا راۋان بولدى.

دىخان ھاتەمنىڭ نامەسىنى پادىشاتەيگە يەتكۈزۈپ بەر-
دى. پادىشا خۇرسەن بولۇپ، دىخانغا كوپ ئىنئاملار بېرىپ،
ئۆز يېنىدىغا ئۇلۇغ قىلدى.

پادىشا تەي ھاتەمنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ، مەلىكە زەر-
دىن پۈشقا مەلۇم قىلدى. ھەممەيلەننىڭ دىللىرى شادىمان بولۇشتى.

ئەلقىسسە، ھاتەم يەنە بىر نەچچە كۈن چول - باياۋانلار-
نى كېزىپ، قەدىمنى ھوسنە ئاۋات سارىيىغا يەتكۈزدى. شاھ-
زادە مۇنىرنىڭ ھوجرىسىغا كىردى. شاھزادە بىلەن قۇچاغلى-
شىپ كورۇشتى. ئەتىسى مەلىكە ھوسنەبانۇ ئاڭلاپ، ئىنىڭ ئانىس-
نى ئەۋەتتى. ئىنىڭ ئانا سارايغا بېرىپ، شاھزادىنىڭ ھوجرى-
سىغا كىرىپ، ھاتەمگە مەلىكىنىڭ سالامىنى يەتكۈزدى ۋە ھاتەم بىلەن
شاھزادە مۇنىرنى تەكلىپ قىلىپ، مەلىكىنىڭ مېھمانخانىسىغا
باشلاپ كىردى. مەلىكە بۇلارغا ئۈچ كۈن زىياپەت قىلىپ بەردى.
ھاتەم ئاۋاز چىقىدىغان تاغ خاتىرىسىنى مەلىكىگە ئىنىڭ ئانا
ئارقىلىق چىقاردى. مەلىكە ھاتەمنىڭ كورگەن - ئاڭلىغانلىرى-
نى ئوقۇپ كورۇپ تەھسىن - ئاپىرىن ئېيتتى.

ھاتەم بىلەن شاھزادە سارايغا قايتىپ كېلىپ ئارام ئې-
لىشتى. ئەتىسى ئىنىڭ ئانا بىر مۇنچە پۇل بىلەن بىر نامەنى
ئېلىپ كېلىپ ھاتەمگە بەردى. ھاتەم خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى.
مەلىكە نامەگە شۇنداق پۈتۈپتۇ:

" ئەي شاھزادە ھاتەم، بەش سوئالىمىزغا ئوبدان جاۋاپ تېپىپ
بەردىڭىز، ئەمدى ئالتىنچى سوئالىمىزنىڭ ھەقىقى مەناسىنى
بىزگە ئايان قىلىپ بەرسىڭىز. ھامامى باد گەردى قايسى جاي-
دا ۋە كىم بىنا قىلغان، ھامامى باد گەردى دەپ نام قويۇش-
نىڭ سەۋەۋى نىمە؟ نامە تامام ۋەسسالام. "



# ھاتەمنىڭ تىلسىماتىنى بۇزۇپ، مەلىكە ھوسنە بانۇنىڭ ئالتىنچى سوئالىغا جاۋاپ تاپقانلىقى

ئەلقىسسە، ھاتەم مەلىكە ھوسنەبانۇنا مەسىنىڭ تەلىۋىگە ئاسا-
سەن شاھزادە مۇنىرە بىلەن خوشلۇشۇپ يەنە يولىغا راۋان بولدى.
بىر كۈنى ئۇ بىر يەرگە يەتتى. ئۇ يەردە بىر توپ جاما-
ئەت ئاھۇ-زار قىلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك قارا
كىيىم كىيىۋالغان ئىدى. ھاتەم ئۇلارنىڭ بىرسىدىن ئەھۋال
سورىدى. ئۇ ئادەم جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دىدى:

شاھزادىمىز سارەك بولۇپ قېلىپ، ئۆزىنى بۇ چاھقا تاش-
لىدى. نەچچە كۈندىن بىرى ئۇنىڭ ئولۇك-تىرىكىدىن خەۋەر يوق.
بۇ ئادەملە شاھزادىنىڭ ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇققانلىرى، شۇ-
نىڭ ئۈچۈن نالە - زار قىلىشماقتا.

بۇنى ئاڭلاپ ھاتەمنىڭ ھىممىتى جۇش ئۇردى.
"ئاۋۋەل بۇ سوزنى ئاڭلىمىساك ياخشى ئىدى، ئەلىدى
بىر ئىش قىلىش لازىم."

ئۇ دەرھال شاھنىڭ ئالدىغا باردى ۋە:
— بۇ چاھقا چۈشۈپ شاھزادىنىڭ خەۋىرىنى مەن ئېلىپ
چىقاي، — دىدى.

شاھ ۋە باشقىلار خوشال بولۇپ، ھاتەمنىڭ بېلىگە ئار-
غامچا باغلاپ چاھقا سالدى. ھاتەمنىڭ
پۇتى يەرگە يەتتى. ئارقانىنى يېشىۋەتتى.
ھاتەم كوردىكى چاھنىڭ ئاستى ئېرىق - ئۆستەڭلەردە سۈزۈك
سۇلار راۋان ئېقىپ تۇرغان ، ئەتراپتا ھەر خىل گۈللەر ئېچە-
لىپ خوش پۇراقلار چاچقان بىر بوستانلىق ئىكەن . ئۇ يەردە
بىر ئالتۇن قەسىر قەد كوتىرىپ تۇرغان بولۇپ ، ئۇنىڭغا سې-
لىنغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەتلەس ئىدى. ھەر يەردە توپ-
توپ پەرىزاتلار خىزمەت بىلەن مەشغۇل ئىدى . يۇقۇرىغا قو-
يۇلغان ئىككى تەختنىڭ بىرىدە ساھىپجامال بىر يىگىت ، يەنە
بىرىدە ئاي يۈزلۈك گۈزەل بىر پەرىزات ئولتۇرۇپتۇ .

ھاتەم ئۇلارنىڭ قېشىغا يېقىن باردى . شۇ چاغدا پەرد-
زاتنىڭ كوزى ھاتەمگە چۈشتى ۋە خىزمەتچىلىرىگە بۇيرىدى:

—ئاۋۇ ئازات كىشىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار.

خىزمەتچىلەر دەرھال يېرىم تەخت توختۇتۇپ ، ھاتەمنى
ئۇنىڭغا تەكلىپ قىلدى . دوستىخان سېلىنىپ ، تۈرلۈك لەز-
زەتلىك تائاملار كەلتۈرۈلدى . دوستىخانلار يىغىلغاندىن كې-
يىن گۈزەل مەلىكە ھاتەمدىن سورىدى :

—ئەي يىگىت ، بۇ يەرگە قەيەردىن ، نىمە مەقسەت بىلەن
كەلدىڭىز ؟ نەگە بارماقچىسىز ؟ ئۆزىڭىزنى بىزگە تونۇشتۇرۇڭ.

ھاتەم جاۋاپ بەردى :

— پەقىر مۇساپىر يەمەنلىك بولىمەن ، ئېتىم ھاتەم ،
ئاتام تەي يەمەننىڭ پادىشاسى.

ھاتەم مەلىكىگە بېشىدىن كوچۈرگەن سەرگۈزەشتىلەرنى



بىر - بىرلەپ سوزلەپ بەردى ۋە مەلىكە ھوسنە بانۇنىڭ يەتتە
سوئالى ھەققىدە مۇنداق دىدى :

—مەلىكىنىڭ بەش سوئالىغا جاۋاپ تاپتىم ، ئەندى نو-
ۋەت ئالتىنچى سوئالغا ، ھاممامى باد گەردىگە كەلدى. شۇنىڭ
ئاسىنى بىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن . يولدا بىر چاھ ئۈستىد-
ە ئۇشبۇ شاھزادىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا رەھىم كېلىپ ، بۇ يەر-
گە چۈشۈپ سىزگە يولۇقتۇم .

ھاتەم شاھزادىغا قاراپ :

— سىز پاراغەتتە ئولتۇرۇپسىز ، ئۇ بىچارىلار بولسا ما-
تەمدە ، ئۇلارغا بىر خەۋەر بېرىۋېتىش لازىم ئىدى ، - دىدى.

شاھزادە :

— ئىختىيار مەندە ئەمەس ، - دىدى .

—مېنىڭ خالايدىغان ئىشىم بار ، - دىدى مەلىكە ، - بۇ
يىگىت ئۆزى كەلگەن ، قاچان كەتسە كېتىۋېرىدۇ .

— مەلىكە بۇ سوزنى ئاچچىغلىنىپ دەۋاتىدۇ ، - دىدى
شاھزادە ھاتەمگە چۈشەندۇرۇپ ، - ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئا-
تا - ئانامنىڭ قېشىغا بېرىشقا رۇخسەت قىلسا ، مەن ئۈچۈن
زور ئىلتىپات قىلىنغان بولاتتى .

— بىزنىڭ قەۋمىلىرىمىزدە مۇنداق سوز يوق ، - دىدى
مەلىكە ، - بۇ يىگىت بوشاڭ ، قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە دوستلۇق
يوق ، ۋاپاسىزلىق قىلىدۇ .

— بۇ قانداق گەپ ، - دىدى شاھزادە ھەيران بولۇپ ، -
مەن تاجۇ - تەختنى تاشلاپ ، ئاتا - ئانا ، ئۇرۇق - تۇققاند-
لىرىمنىڭ مېھرىدىن كېچىپ ، سىزنىڭ ۋىسال تەمەيىڭىزدە تۇ-
رۇپتىمەن . يەنە نىمىشقا مۇنداق سوزلەرنى قىلىسىز ؟

ـ مەن دوستلىرىمنى شۇنداق بىلمەمەنكى، ـ دىدى مەلىكە، ـ ھەر قانداق ئىشقا بۇيرۇسام جان ـ پىدالىق بىلەن قىلىسا...

ـ قېنى بۇيرۇڭ، ـ دىدى شاھزادە، ـ ئۇ قانداق ئىش؟

ـ ئەگەر گېپىڭىز چىڭ بولسا، ـ دىدى مەلىكە، ـ قايىن ـ غان ياققا كىرىسىز.

شاھزادە:

ـ خوپ بولىدۇ، ـ دىدى ـ دە، تەييارلاندى.

ھاتەم:

ـ قورقمىغىن، مەندە بىر موھۇر بار. ئۇنى ئاغزىڭغا سېلىۋېلىپ، قاينىغان ياققا كىر، ھېچنەرسە بولمايسەن، ـ دىدى.

مەلىكە خادىملىرىغا بىر يوغان داشقالىق ياغ قۇيۇپ قاينىتىشقا بۇيرىدى. ئۇزاق ئۆتمەي داشتىكى ياغ قايناپ تەييار بولدى. شاھزادە موھۇرنى ئاغزىغا سېلىپ، بىلەكلىرىنى شىمايلاپ، پەشلىرىنى بېلىگە قىستۇرۇپ، مۇھەببەت قازىنىنى ئۈچ قېتىم ئايلاندى. ئاندىن: «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۆزىنى ۋاراخشىپ تۇرغان ياققا تاشلىماقچى بولغاندا، مەلىكە شاھزادىنىڭ قول ـ دىن تۇتىۋالدى ۋە دىدى:

ـ بولدى. ئاشىقلىقىڭنى ئىسپاتلىدىڭ، مەن رازى بولدۇم.

پەرىلەر ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە توي ـ تاماششالار قىلىن ـ دى. شۇ ياخشى سائەتتە، شاھزادە بىلەن مەلىكىنىڭ نىكاھى ئوقۇلدى. ئىككى مۇشتاق ۋىساللار بىر ـ بىرىدىن ئارزۇلىرىنى ھاسىل قىلىشتى. ئۇلار خۇشاللىقتا ھاتەمگە كۆپلەپ دۇئالار قىلىشتى.



تويى بولۇپ بەش ـ ئون كۈن ۋاقىت ئۆتتى. ھاتەم شاھ پەرىلەرگە دىدى:

ـ ئەندى شاھزادىغا جاۋاپ بولسا، ئاتا ـ ئانىلىرىنى كۆرۈپ كەلسىكەن.

مەلىكە:

ـ خوش، بولغاي، ـ دەپ پەرىلەرگە بىر تەخت ياساشنى بۇيرىدى. شاھزادە ئاتا ـ ئانىلىرىغا مۇناسىپ سوۋغىلارنى ئې ـ لىپ تەييار بولدى. پەرىلەر مەلىكىنىڭ ئەمرى بىلەن ھاتەم بىلەن شاھزادىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ چاھىنىڭ لېۋىگە يەت ـ كۈزۈپ قويدى. شاھزادىنىڭ ماتىمى تويغا ئۆزگەردى.

شاھزادە ھاتەمنى شەھەرگە بىللە ئېلىپ كىرىپ سەيلە ـ تاماششالار قىلدۇردى. شاھ پەرىمۇ بۇيەرگە ھەپتىدە بىر ـ ئىككى قېتىم كېچىدە كېلىپ تۇردى.

ھاتەم شاھ بىلەن شاھزادىدىن ئىجازەت ئېلىپ كەتمەكچى بولغان ئىدى، پەرىلەر شاھىمۇ دەرھال پەيدا بولدى.

ـ ئەي شاھلىرىم، ـ دىدى ھاتەم ئۇلارغا قاراپ، ـ ھام ـ مامى باد گەردىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟

شاھ دىدى:

ـ مەن غەربىي ـ جەنۇپ ئارىلىغىدا دەپ ئاڭلىغان ئىدىم، بۇ خەۋەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلمەيمەن.

ھاتەم ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى. نۇر ـ غۇن سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، توختىماي مېڭىپ بىر گەمىگە كىردى.

ئۇ، بىر بوۋاينىڭ ئۆيى ئىدى. ھاتەم ئۇ يەردە مېھمان بولدى. ئەتىسى ناشتا ۋاقتىدا:

— ئەي يىگىت، سەپىرىڭ قاياققا. ئۆزۈڭ قەيەردىن بولىسەن، بۇ سەپىرىڭدىن مەقسەت نېمە؟ - دەپ سورىدى بوۋاي.

ھاتەم ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىرمۇ - بىر سۆزلەپ بەردى ۋە ھامامى بادگەرنى ئىزدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

— ئەي ئوغلۇم، - دېدى بوۋاي، - جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، باشقا ياخشى ئىشلارنى قىلغىنىكى، بۇ ئىشتىن ۋاز كەچكىن، كېيىن پۇشمان قىلساڭ ئورنىغا كەلمەيدۇ. چۈنكى، تولىمۇ خەتەرلىك ئىشقا قەدەم قويۇپسەن.

— بوۋا، - دېدى ھاتەم مەردانىلىق بىلەن، - ھازىرغىچە ماڭغان يولۇمدىن يانمىدىم ھېلىمۇ يانمايمەن.

— بارىكاللا ئوغلۇم، - دېدى بوۋاي ھاتەمنىڭ ساپ نىيەت ۋە قەتئىي ئىرادىسىدىن رازى بولۇپ، - سۆزۈمگە قۇلاق سالغىن، ئۇ توغرۇلۇق ئاڭلىغانلىرىمنى ساڭا بايان قىلاي.

— خوش بوۋا، قۇلۇقۇم سىزدە، - دېدى ھاتەم يېقىن كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، - قېنى سۆزلىسىلە.

بوۋاي سۆزلىدى:

— سەن بارىدىغان ئۇ جاي بۇ يەردىن ئىككى ئايلىق يول، ئۇ يەردە «قاتغان» دېگەن بىر شەھەر بولۇپ، ئۇ شەھەردە بىر تاغلىق جاي بار. ئۇ تاغدا يەنە بىر يەر باركى، ئۇ يەرنى گىيامەرس ئادەمنىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈمالار تىلسىمات قىلغان. ئۇ تىلسىماتنى «ھامامى بادگەر» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ زاماندىن بۇ زامانغىچە ھېچكىم ئۇ يەرگە ساق كىرىپ، ساق قايتقان ئەمەس.



قاتغان پادىشاسى ئۇ يەرگە لەشكەرلەرنى قويغان بولۇپ، ئۇلار ئۇ يەرگە كىرگەن ھەر قانداق ئىنساننى ھەرگىزمۇ تىرىك قويمايدۇ.

— رەھمەت بوۋا، - دېدى ھاتەم ئورنىدىن تۇرۇپ، - ماڭا دۇئا قىلسىلا، خۇداغا تەۋەككۇل قىلدىم. ئىنشائاللا مۇرادىمغا يېتەرمەن.

— خەير، خوش ئوغلۇم، - دېدى بوۋاي دۇئا قىلىپ، - سېنى خۇدايىمنىڭ ئۆزىگە تاپشۇردۇم.

بوۋاي ھاتەمگە قاتغان يولىنى كۆرسۈتۈپ قويدى ۋە تاپىلاپ دېدى:

— بۇ يول بىر يەرگە بارغاندا ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئوڭ تەرەپتىكى يولغا ماڭ. چۈنكى ئۇ يولنىڭ خەتىرى ئازراق، يەنە بىر نەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن، ئۇ يولمۇ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. سول تەرەپتىكى يولغا ماڭغىن، خەتىرى ئازراق، بۇ سۆزلىرىمگە ئەمەل قىلساڭ كېيىن پۇشمان قىلمايسەن.

ھاتەم بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى. بۇ شەھەرنىڭ خەلقى شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ، بارىگاھلارنى تىكىپ، قازان- قومۇشلارنى ئېسىپ، ئاش - تاماق ئىتىشىپ خۇشال ھالدا سەيلە - تاماشا قىلىشىۋاتاتتى. ھاتەم ئۇلارنىڭ بىرسىدىن:

— بۇ قانداق تاماشا، تويمۇ يا؟ - دەپ سورىدى.

— ياق توي ئەمەس، - دېدى ئۇ كىشى جاۋاب بېرىپ، - بۇ شەھەرگە نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان بىر بالا كەلگەن ئىدى. يەنى ھەر ئايدا بىر يىلان كېلىپ، بىر ئىككى يۇمۇلۇنۇپ، ساھىبجامال يىگىت بولۇپ بىزدىن بىر قىزنى خالاپ توي قىلىپ

ئېلىپ كېتەتتى. ئەگەر ئۇ قىزنى بەرمىسەك ئالەمنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتەتتى. بۈگۈن شۇنىڭ كېلىدىغان كۈنى. ھازىرقى سەيلە - تاماشا شۇنىڭ ئۈچۈندۇر. بىز قىزنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن ماتەم تۇتىمىز.

«ئېھتىمال بۇ ئىش جىنلار تەرىپىدىن قىلىنىۋاتقان بولسا كېرەك، - دەپ ئويلىدى ھاتەم مۇلاھىزە قىلىپ، - ئۇلۇغلارغا ئېيتىڭلار، ئىنشائاللا، ئۇشبۇ بالانى بىر تەرەپ قىلغايمەن!» ئەتراپتىكىلەر ھاتەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇشۇپ، دەرھال پادىشاغا مەلۇم قىلدى. پادىشا ھاتەمنى تەكلىپ قىلىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى ۋە ھېلىقى بالا توغرۇلۇق شىكايەت قىلىشقا باشلىدى.

- ئەي ئېزىزلىرىم، - دېدى ھاتەم، - ئۇ يىلان سىلەردىن قىز تىلىسە، ئېيتىڭلاركى، بىزنىڭ بىر چوڭىمىز بىر ياققا كەتكەن، بۈگۈن ئۇ كەلدى، ئۇ: «ھەركىم بىراۋغا قىز بەرسە مېنىڭ رۇخسىتىم بىلەن بەرگەي، ئەگەر مېنىڭ رۇخسىتىمسىز بەرسە ئۇنىڭ ئەدىۋىنى بېرىمەن» - دېدى، دەڭلار. يىلان يەنە: «ئۇ ئادەم قېنى؟» - دەپ سورىسا، مېنى كۆرسىتىڭلار. قالغان ئىشنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن.

بۇ سۆزنى ھەممەيلەن قوبۇل قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئەجدەرھانىڭ ئەسىرى پەيدا بولدى. ھاتەم كۆردىكى، ئۇ مۇنارىدەك بۇرنىدىن ئوت ئارىلاش تۈتۈن چىقىرىپ، دەھشەتلىك بىر ئاۋاز بىلەن ھەر تەرەپكە قاراپ، ھەيۋە بىلەن كەلمەكتە ئىدى. ئۇ مەخلۇق كىشىلەر ئارىسىغا يېقىن كەلگەندىن كېيىن بىر يۇمۇلۇنۇپلا يىگىت سۈرىتىدە بولدى-دە، ئادىتى بو-



يىچە قىز تەلەپ قىلدى. جامائەت ئۇنىڭغا ھاتەمنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنى دېدى. ئەجدەرھا يىگىت سورىدى:

- ئۇ ئادەم قېنى؟

كىشىلەر ھاتەمنى كۆرسەتتى.

- سەن كىم بولىسەن؟ - دەپ سورىدى ئەجدەرھا ھاتەمدىن، - مۇنداق گەپلەرنى قىلىشقا جۈرئەت قىلغىنىڭغا قارىغاندا، ئىشىنىدىغان بىر نەرسەڭ بار ئوخشىمامدۇ؟

- مېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىم بۇ شەھەرنىڭ كاتتىلىرى ئىدى، باشقىلار ئۇلاردىن بىسوراق ئىش قىلمايتتى. بىر قانچە يىلدىن بېرى مەن باشقا شەھەردە ئىدىم. ئەندى قايتىپ كەلدىم. بۇلار كاتتىلار قائىدىسىنى بۇزۇپتۇ، - دېدى ھاتەم.

- ئۇ دىگىنىڭ قايسى قائىدە ئىدى؟ - دەپ سورىدى ئەجدەرھا يىگىت.

- ئۇلۇغ بوۋامدىن قالغان بىر موھۇر بار، - دېدى ھاتەم، - ئۇنى بىر قاچا شەربەتكە چايقاپ، كۈيئوغۇل بىلەن قىزغا ئىچۈرىمىز. ئۇلارنىڭ ئومۇرلىرى ئۇزۇن بولۇپ، ئومۇر بويى بىر-بىرلىرىگە ئىجىل - ئىناق ئۆتىدۇ.

ئەجدەرھا يىگىت دېدى:

- ئۇ شەربەتنى ھازىر قىلىڭلار!

ھاتەم باشقىلارغا بۇيرىدى. بىر قاچا شەربەت كەلتۈرۈلدى. ھاتەم ئاي پەرىنىڭ موھۇرىنى كۆلاھىدىن ئېلىپ شەربەتكە ئۈچ قېتىم چايقىدى. مەقسىدى ئۇشبۇ جىننىڭ بارلىق ئىلمىنى كۆڭلىدىن ئۇچۇرۇۋەتمەكچى ئىدى. ئەجدەرھا يىگىت شەربەتنى بىر سۈمۈرۈپلا ئىچىۋەتتى-دە، ھەممە ئىلمى دىلىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

ھاتەم دېدى،

— يەنە بىر قائىدە قالدى.

ئەجدەرھا يىگىت سورىدى:

— قايسى قائىدە؟

— ئەندى بىر كۆپكە كىرىسىز، يەنە بىر قاچا شەربەت بېرىمىز. ئۇنى كۆپنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئىچىشىڭىز شەرت. ئاندىن كېيىن قايسى قىزنى تەلەپ قىلسىڭىز ھازىرلا تەييار قىلىمىز.

ئەجدەرھا يىگىت:

— ئۇنداق بولسا، تېز بولۇڭلار!‑دېدى.

كىشىلەر ھاتەمنىڭ ئەمرى بىلەن بىر كۆپ كەلتۈردى. ئەجدەرھا يىگىت كۆپكە كىردى. ھاتەم قاچىدىكى شەربەتكە ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ دەم سېلىپ: «مانا ئىچىڭ كۆيۈغول» دەپ كۆپنىڭ ئاغزىغا چېچىۋىدى، ئىسمى ئەزەمنىڭ خاسىيىتى بىلەن كۆپنىڭ ئاغزى مەھكەم ئېتىلىپ قالدى.

— ئەي كۆيۈغول،‑دېدى ھاتەم زاڭلىق قىلىپ،‑ ھەممە قىزلارنى يىغدۇق، بىرنى تاللىۋېلىڭ.

ئەجدەرھا يىگىت ناھايىتى قاتتىق كۈچىدى. لېكىن كۆپنىڭ ئىچىدىن چىقالمىدى. ھاتەم خالايىققا قاراپ بۇيرىدى:

— قېرىنداشلار، دەرھال ئوتۇن توپلاڭلار، بۇ كۆپ خام ئەكەن باشقىدىن پىشۇرىمىز.

ئەجدەرھا سۈرەتلىك بالادىن قۇتۇلۇشنى ئويلىغان خەلق ئوتۇن توپلىدى ۋە كۆپنىڭ تۆت ئەتراپىدىن ئوت ياقتى.

ئوت كويە ـ كويە ئاخىرى كۆپ بىلەن ئەجدەرھا يىگىت كۆلگە ئايلىنىپ كەتتى.



— ئەي خالايىق، ئەمدى خاتىرجەم بولۇڭلار،‑ دېدى ھاتەم،‑ ئۇ بالا تامامەن تۈگىدى.

بالادىن قۇتۇلۇپ، خۇشال بولغان كىشىلەر، نۇرغۇن ئالتۇن، كۈمۈش، جاۋاھىراتلارنى ھاتەمگە ھەدىيە قىلدى. لېكىن ھاتەم ئۇ نەرسىلەرنى شۇ يەردىكى غېرىپ ـ مىسكىنلەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى. ئۇلار بىلەن خەيرلىشىپ يەنە ئۆز يولىغا راۋان بولدى. مىڭ بىر جاپا ـ مۇشەققەتتە ھاتەم ئاللا قانچە تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ، چۆل ـ باياۋانلارنى كېزىپ، شەھەر ـ يېزىلارنى بېسىپ ئۆتۈپ بىر توقايزارلىققا كەلدى. بۇ توقايزارلىق مىڭ ئاياغ، قىرىق ئاياغلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ماكانى ئىدى. ھەر مىڭ ئاياغنىڭ چوڭلىقى شىردەك كېلەتتى. ئۇ مەخلۇقلار ھاتەمنى قورشىۋالدى. ھاتەم قادىر خۇداغا ئاجىزلىغىنى ۋەسلە قىلىپ پانالىق تىلىۋىدى، قۇلىقىغا غايىپتىن ئاۋاز ئاڭلاندى: «ئاي پەرىنىڭ موھۇرىنى يەرگە تاشلىغىن، خۇدانىڭ قۇدرىتىنى تاماشا قىلغىن!»

ھاتەم دەرھال كۆلاھىدىن ئاي پەرىنىڭ موھۇرىنى ئېلىپ يەرگە تاشلىدى. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بىرىنچى قېتىم ئاق رەڭ، ئىككىنچى قېتىم يېشىل رەڭ، ئۈچىنچى قېتىم قىزىل رەڭ، تۆتىنچى قېتىم قارا رەڭ پەيدا بولدى.

مىڭ ئاياغلارنىڭ ھاتەم بىلەن كارى بولماي بىر ـ بىرلىرى بىلەن جەڭ قىلىشقىلى تۇردى. ئۇرۇشا ـ ئۇرۇشا ئاخىرى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگەشتى.

ھاتەم خۇداغا مەدھىيىلەر ئوقۇپ، ئاي پەرىنىڭ موھۇرىنى يەردىن ئالدى ـ دە، يەنە يولغا چۈشتى.

بىر نەچچە كۈن مېڭىۋىدى، يەنە بىر بوك ـ باراخسا دىلىققا

يېتىپ كەلدى. بۇ يەر چايانلارنىڭ ماكانى ئىدى. چايانلار هاتەمگە هۇجۇم قىلدى. هاتەم ئاي پەرىنىڭ موھۇرىنى يەرگە تاشلىدى. بىر نەچچە خىل رەڭ پەيدا بولدى. چايانلارمۇ ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ، ئاخىرى هالاك بولدى.

هاتەم يەنە سەپەرگە ئاتلىنىپ بىر ۋىلايەتكە يېتىپ كەلدى. بۇ يەرنىڭ پادىشاسى بالايى - ئاپەت كېلىدىغان يولغا قاراۋۇل قويغان ئىدى. چۈنكى بۇ يول بىلەن جاڭگاللىغا كىرىش مەنئى قىلىنغان ئىدى. قاراۋۇللار بىر ئادەمنىڭ خەتەرلىك يول بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ هەيران قالدى ۋە هاتەمدىن:

— بۇ يولدىن قانداق كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

هاتەم جاۋاپ بەردى:

— ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن مىڭ ئاياغ، قىرىق ئاياغ ۋە چايانلار هالاك بولدى. مەنمۇ كېلىۋەردىم.

قاراۋۇللار هاتەمنى پادىشانىڭ هوزۇرىغا ئېلىپ كىردى. هاتەم پادىشاغا ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى، پادىشا بىر نەچچە خادىمنى جاڭگاللىنى كۆرۈپ كېلىشكە بۇيرىدى. هاتەمنىڭ ئېيتقانلىرى تامامەن راست بولۇپ چىقتى.

پادىشا هاتەمدىن سورىدى:

— ئەي يىگىت، سىز قەيەردىن، بۇ سەپەرنى قىلىشتىكى مەقسىدىڭىز نېمە؟

— مەن يەمەن پادىشاسى تەينىڭ ئوغلى هاتەم بولىمەن، هۆسنە ئاۋات ۋىلايىتىدىن كېلىشىم، — دېدى هاتەم ۋە هۆسنە بانۇنىڭ يەتتە سوئالى ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىپ سەپەرنىڭ مەقسىدىنى ئىزھار قىلدى.



— ئەي يىگىت، — دېدى پادىشا كۆيۈنۈپ، — تولىمۇ ئۇزۇندىن يىگىت ئكەلسىز، لېكىن بۇ خىيالىڭىزدىن ۋاز كېچىڭ، ئۆز شەھرىڭىزگە قايتىپ كېتىپ، پادىشالىق هوزۇرىنى سۈرۈڭ. ئۇ هاممامغا كىرگەنلەردىن هېلىغىچە خەۋەر يوق.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، — دېدى هاتەم مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، — مەن راھەتنى قوغلىغۇچى ئەمەسمەن، ئۆز جېنىمنى خۇدا يولىدا هاجەتمەنلەرنىڭ هاجىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بېغىشلىغانمەن. خەتەردىن قورقۇپ يولدىن يانسام، هاجەتمەنلەرنىڭ هاجىتى ئادا بولمايدۇ. پەقىردىن خۇدامۇ رازى بولمايدۇ. شۇڭا ماڭا هاممام يولىنى كۆرسىتىپ قويۇڭ. يولۇمغا ماڭغايمەن.

ئىلاجىسىز قالغان پادىشا بىر قانچە ئادەملەرنى هەمرا قىلىپ هاتەمنى ئۇزىتىپ قويدى.

ئەلقىسسە، هاتەم شاھ بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى. هەمرا بولغانلار بىر نەچچە كۈنلەردىن كېيىن، بۇ باشقا شاھ تەۋەلىگى ئىكەنلىكىنى، ئەندى ئۇ تەرەپلەرگە ئۆتۈشكە ئامالىنىڭ يوقلىقىنى ئېيتىپ هاتەمنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ئارقىلىرىغا قايتىشتى.

هاتەم خوشال بولۇپ قاتغان يولىغا قاراپ ماڭدى. كۆپ رەنجۇ - مۇشەققەتلەر تارتىپ قاتغان شەھرىگە يېتىپ كەلدى.

هاتەم بىر كۈنى ئەتىگەندە قاتغان پادىشاسى هارىسنىڭ ئوردىسىغا باردى. پادىشاغا ئىككى لەئەل تەقدىم قىلدى. شاھ سوۋغىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇرسەن بولدى، شۇڭا هاتەم ئۈچۈن سەندەل قويدۇرۇپ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— ئەي كىشى قايىقتىن كەلدىڭىز، نەگە بارىسىز، مۇنداق دىۋانىلارچە سەپەر قىلىشتىكى مەقسىدىڭىز نىمە؟ — دەپ سورىدى پادىشا.

— پەقىر يەمەن زېمىنىدىن، پادىشا تەيىنىڭ ئوغلى ھاتەم بولىمەن، نەچچە يىللار بولدى ئاللاتائالانىڭ رىزالىغى ئۈچۈن مۇھتاجلار ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش يولىدا مېڭىپ كەلمەكتىمەن، — ھاتەم سۆزلەپ ھوسنە بانۇنىڭ يەتتە سوئالىنى بايان قىلدى، — بۇ سوئاللارنىڭ بەشىنى ھەل قىلدىم، ئەندى ئالتىنچى سوئالنىڭ سىرىنى تېپىش يولىدا مېڭىۋاتىمەن.

— ئەي ھاتەم، — دېدى پادىشا ھارىس ئەنسىرىگەن ھالدا، — جېنىڭىزغا ئىچىمىز ئاغرىسۇن، نىيىتىڭىزدىن كېچىڭ، چۈنكى بۇ ھاممامغا كىرگەنلەردىن قايتىپ چىققىنى يوق، بۇنىڭدىن باشقا پايدىلىق ئىشلار كۆپ.

— رەھمەت پادىشاھىم، — دېدى ھاتەم، — ئاتىلارچە قىلغان مەرھەمەتلىرىڭىزگە جېنىم تەسەددۇق بولسۇن، لېكىن، مەن بۇ ئىرادەمدىن يانالمايمەن، چۈنكى، باشتىلا ئۆزۈمنى خۇدا رىزالىغى ئۈچۈن مۇھتاجلار ئىشىغا ئاتىۋەتكەنمەن. نە دولەت، نە پادىشالىق ماڭا لازىم ئەمەس. خۇدا رازى بولسىلا، ماڭا شۇ ئەڭ ئەلا دولەت — سائادەتتۇر. ئىنشائاللا بۇ ھاممامدىنمۇ سالامەت چىققايمەن، ماڭا دۇئا قىلىپ ئىجازەت بەرسىلە.

ھارىس شاھ كۆردىكى، ھاتەمنىڭ ئۈمىدى يۈكسەك، ئىشەنچى چوڭ ئىدى. شاھ نائىلاج بىر نامە يېزىپ ھاتەمگە بەردى. ھاممامنىڭ قاراۋۇلىنىڭ ئىسمى ساما ئىدى. ئۇ ھېچبىر كىشىنى ھاممامغا كىرگىلى قويمايتتى. پادىشا ھارىس ئۆز كىشىلىرىدىن بەش — ئونىنى ھاتەمگە قوشۇپ سامانغا ئەۋەتتى،



ئۇلار بىر نەچچە كۈندىن كېيىن سامانىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ھاتەم ئۇنىڭغا شاھ ھارىسنىڭ نامەسىنى بەردى. ئاندىن بىللە كەلگەن ھەمراھلىرىنى قايتۇرۇۋەتتى، سامان ھارىسنىڭ نامەسىنى ئوقۇپ، مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدى. نامە مۇنداق يېزىلغان ئىدى: "ئەي سامان، بۇ بارغان كىشى ھاتەم بولۇر، ساڭا ئىشىنىپ بۇ خەتنى يېزىپ بەردىم. ئەگەر مۇمكىنچىلىك بولسا، بۇ يىگىتكە يۇمشاق سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلىپ، خەتەرلەرنى چۈشەندۈرۈپ ياندۇرغىن، بولمىسا يېقىندىن ياردەم قىلغىن ..."

سامان ھاتەمگە قايتا — قايتا نەسىھەت قىلدى. خەتەرلەرنى بىر — بىرلەپ چۈشەندۈردى. ھاتەم يەنىلا ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇردى. ئۇ، ئۆلۈشكە رازى ئىدىكى، قايتىشقا رازى ئەمەس ئىدى.

سامان ئىلاجىسىز ھالدا ھاتەمنى باشلاپ ھاممامى بادگەرد دەرۋازىسىغا باشلاپ باردى. ھاتەم كۆردىكى ھاممامنىڭ پەشتاقلىرى خۇددى تاغدەك ئېگىز ئىدى. ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدە يوغان بىر گۈمبەز كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دەرۋازىغا ئالتۇن — كۈمۈش بىلەن لەئەل جاۋھىراتلاردىن زىننەت بېرىلگەن ئىدى.

سامان دەرۋازىنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ ھاتەمنى تەكلىپ قىلدى:

— قېنى مەرھەمەت، خۇدايىمغا تاپشۇردۇم.

ھاتەم "ئاللاھۇئەكبەر" — دەپ بوسوغىدىن ئوڭ پۇتىنى ئالدى. سامان بىلەن خوشلاشقان ھاتەم ئىچكىرى كىرىپ، بەش — ئون قەدەم مېڭىپ ئارقىسىغا قارىۋىدى، ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى. نە پەشتاق، نە دەرۋازا، نە سامان كۆرۈنمەيتتى. ئۆزى پايانسىز بىر باياۋاندا تۇراتتى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يىراقتىن بىر

ئادەم پەيدا بولدى. ھاتەم ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ سورىدى:

— سەن كىمسەن، بۇ يەردە نىمە قىلىسەن؟

ئۇ ئادەم جاۋاپ بەردى.

— مەن ھاماممچى، ھاماممدىن خەۋەر ئالىمەن.

ئۇ ئادەم ھاتەمنى باشلاپ ماڭدى. كۆپ ئۆتمەي يەنە بىر پەشتاق بىلەن گۈمبەز پەيدا بولدى. ئۇلار ئىشىكنى ئېچىپ ئىچىگە كىرىشۋىدى، دەرۋازىسى مەھكەم ئېتىلىپ قالدى. ئۇلار بىر كۆل ئالدىغا باردى. ھېلىقى ئادەم ھاتەمگە بىر لوڭگا بېرىپ ۋە دىدى:

— بۇ سۇدا غۇسلى قىلغىن.

ھاتەم سۇغا كىرىشى بىلەن تەڭ ھەيۋەتلىك بىر سادا ياڭرىدى. ھاتەم بىخۇت بولۇپ يىقىلدى. بىر چاغدا ھۇشىغا كېلىپ قارىسا نە كۆل، نە ھېلىقى ئادەم، نە پەشتاق بىلەن گۈمبەز كۆرۈنمەيتتى. ھاتەم يەنە باياۋاننى ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر چوڭ تاش گۈمبەزگە يولۇقتى. ئۇ گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپ ھەر تەرەپكە نەزەر سېلىپ، تاماشا قىلىپ يۈرەتتى، ئالدىدا بىر ئۇلۇغ سۇ پەيدا بولدى. ھاتەم غۇلاچ تاشلاپ ئۇ سۇدا ئۈزۈشكە باشلىدى. بىر چاغدا ھاتەمگە گۈمبەزنىڭ ئۈستىدە ھالقىغا ئوخشايدىغان بىر نەرسە كۆرۈندى. ھاتەم سۇ ئۈزۈپ بېرىپ ئۇنى مەھكەم تۇتقان ئىدى، بىر ئاۋاز پەيدا بولۇپ، ھاتەم بىھۇش بولدى. ئۇ بىر دەمدىن كېيىن ھۇشىغا كەلسە، ھەممە نەرسىلەر غايىپ بولۇپتۇ. ئۆزى پايانسىز سەھرادا تۇرغىدەك، ھاتەم ھەيران بولدى. ئۇ سەھرايى باياۋاندا بىر باغۇ - بوستان كۆرۈندى. ھاتەم ئۇ بوستانلارنى سەيلى - تاماشا قىلىپ ھەر خىل مىۋە ۋە تائاملارنى يىدى، ئۇ ھەرقانچە يىسىمۇ ھەرگىز تويمىدى...



بوستانلىقنىڭ بىر تەرىپىدە بىر قەسىر نامايەن بولدى. ھاتەم ئۇ قەسىرنىڭ ئىچىگە كىرىپ تاماشا قىلدى، ھاتەم كۆردىكى، ئۇ قەسىرنىڭ پەشتىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قەپەز ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. قەپەزدە بىر خۇش ئاۋازلىق تۇتى قۇش شۇنداق سايراۋېتىپتۇركى:

— ئەي ھاتەم خۇش كەپسىز.

ھاتەم ھەيرانلىق ئۈستىگە ھەيران بولدى. ئۇ يەردە بىر پولات سەندەل قويۇلغان بولۇپ، ئۈستىدە كامان تۇرۇپتۇ. ئۇ يەردە يەنە ئىككى پارچە خەت تۇراتتى. ھاتەم ئۇنى ئوقۇپ كۆردى. خەتتە: «قەدىمى بۇ يەرگە يەتكەن ھەر قانداق بىر كىشى بۇ كامان بىلەن قەپەزدىكى تۇتى قۇشنى ئاتسا بۇ تىلسىماتلار ئېچىلىدۇ. ئەگەر ئۇچ قېتىم ئاتسىمۇ ئوقى تەگمىسە، ئۇ ئادەم تاشقا ئايلىنىپ، تا قىيامەتكىچە شۇ ھالەتتە تۇرغۇسى». دىيىلگەن ئىدى. يەنە بىر خەتتە: «بىر كۈنى كىيامەرس ئادەم بىر سەھرادىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. بىر دانە ئالماس پارچىسى ئۇچراپ قالدى. ئۇ ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە بىر ئالماسنىڭ بولۇشى ناتايىن ئىدى. ھۆكۈمالارغا ئەمىر قىلدى: «تىلسىمات ياساڭلاركى، بۇ ئالماس پارچىسى شۇنىڭ ئاستىدا مەخپى قالسۇن!» ھۆكۈمالار بىر تىلسىم پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ ئېتىنى ھاماممى بادگەرد قويدى. ئەگەر تۇتى قۇشقا ئوق تەگسە ئالماس پارچىسى ئۇ كىشىنىڭ قولىغا چۈشۈدۇ....» دەپ يېزىلغان ئىدى.

ھاتەم سەندەل ئەتراپىغا قاراپ تۇرغۇن تاشلارنى كۆردى. بىلدىكى، بۇ تاشلار ئەسلى ئادەم بولسىمۇ، تۇتىغا ئوق تەككۈزەلمىگەچكە تاش بولۇپ قالغان ئىكەن.

هاتەم: «ئۈچتال ئوق تەگمەي قالسا، قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى بارمۇ - يوقمۇ». دېگەنلەرنى خىيالىدىن كۆچۈردى. ئاخىر خۇداغا تەۋەككۇل قىلىپ كاماننى قولىغا ئالدى. ئوقتىن بىرنى ئېلىپ «بىسمىللا» دەپ تۇتىنىڭ دەل كۆكرىكىنى مۆلچەرلەپ ئاتقان ئىدى. تۇتى قەپەزنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈۋالدى. ئوق تەگمەي ئۆتۈپ كەتتى. هاتەم تىزغىچە تاشقا ئايلىنىپ بولغانلىقىنى كۆردى. يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. ئۇ يەنىلا خۇداغا تەۋەككۇل قىلىپ «بىسمىللا» دەپ ئىككىنچى ئوقنى ئاتقان ئىدى، ئوق تەگمىدى. هاتەم بېلىگىچە تاشقا ئايلاندى. هاتەم ئۈچىنچى ئوقنى قولىغا ئالدى - دە، ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ئوق ۋە ئوزىگە دەم سالدى. ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تۇتىنىڭ دەل كۆكرىكىنى مۆلچەرلەپ ئوق ئۈزدى. ئوق تۇتىنىڭ كۆكرىكىنى جۇۋۇپ ئارقا تەرىپىدىن چىقىپ كەتتى. تۇتى قەپەز بىلەن يەرگە چۈشتى. دەھشەتلىك قورقۇنۇشلۇق ئاۋازلار كۆكنى چاك كەلتۈردى.

هاتەم بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ قارىسا نە باغ، نە بوستان ۋە نە قەسىر-گۈمبەز، پەشتاق، تۇتى، قەپەزلەر بولسۇن، ھەممىسى كۆرۈنمەيتتى. يەردە بىر پارچە ئالماس يالتىراپ تۇراتتى. تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى ئەسلىگە كەلگەن ئىدى.

هاتەم ئالماسنى ئېلىپ ئەسلىگە كەلگەن كىشىلەر بىلەن سامانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. سامان هاتەمنى سالامەت كۆرۈپ، ھەممەيلەننى مېھمان قىلدى. بىر پارچە نامە يېزىپ هارىس شاھقا ئەۋەتتى. هارىس شاھ هامامى بادگەرد تىلسىمىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. دەرھال سا -



مانغا جاۋاپ خەت يېزىپ ئەۋەتتى، خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ھۆرمەتلىك سامان، مەزكۇر نامە تېگىشى ھامان هاتەم باشلىق مېھمانلارنى باشلاپ مېنىڭ ھۇزۇرىمغا كەلگەيسىز».

نامە سامانغا تەگدى. ئۇ هاتەم قاتارلىق مېھمانلارنى باشلاپ قاتغان شەھىرىگە قاراپ راۋان بولدى.

هارىس شاھ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ھۆرمەت بىلدۈردى ۋە زىياپەت قىلىپ كۈتۈۋالدى. هاتەم ھېلىقى ئالماسنى شاھقا ئىنئام قىلدى.

هاتەم كەتمەكچى بولۇپ پادىشا هارىستىن ئىجازەت سورىۋىدى، شاھ قوشۇلماي يەنە بىر مەزگىل بۇ يەردە تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى.

هاتەم قايتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قايتا - قايتا ئىجازەت سوراۋەرگەچكە، پادىشا ئىلاجىسىز قېلىپ رۇخسەت بەردى ۋە ھېلىقى ئالماس پارچىسىغا يەنە نۇرغۇن لەئەل - ياقۇتلارنى قوشۇپ هاتەمگە يوللۇق تۇتتى.

هاتەم شاھ ۋە خالايىق بىلەن خوشلۇشۇپ يولغا راۋان بولدى. كۆپ جايلاردىن ئۆتۈپ، جاپا - مۇشەققەتلەر چېكىپ، ئاخىرى ھۆسنە ئاۋاتقا يېتىپ كەلدى. سارايغا كىرىپ شاھزادە مۇنىرە بىلەن كۆرۈشتى.

ئەتىسى ئىنىك ئانا ئاڭلاپ، دەرھال يېتىپ كېلىپ، مەلىكىنىڭ سالامىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى مېھمانخانىغا تەكلىپ قىلدى.

هاتەم شاھزادىنى ئېلىپ مەلىكىنىڭ مېھمانخانىسىغا باردى. ئىنىك ئانا باش بولۇپ ئۈچ كۈن زىياپەت بەردى. هاتەم هامامى بادگەرد خاتىرىسىنى يېزىپ، ئالماس، لەئەللەر بىلەن

قوشۇپ ئۇنىڭ ئانا ئارقىلىق مەلىكىگە چىقاردى. ئۇنىڭ ئانا هاتەمنىڭ هەدىيەلىرىنى مەلىكىگە بېرىپ، مەلىكىدىن بىر مۇنچە ئالتۇن، پۇل ۋە ئېسىل كىيىم - كېچەكلەرنى ئېلىپ چىقىپ هاتەم بىلەن شاهزادىغا تەقدىم قىلدى.

ئۇلار سارايغا قايتىپ كېلىپ، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئانا بىر نامە ئېلىپ كەلدى ۋە هاتەمگە بېرىپ مەلىكىنىڭ سالامىنى يەتكۈزدى. هاتەم نامىنى ئېچىپ ئوقۇپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدى. خەتتە مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

"ئەي شاهزادە هاتەم، ئالتە سوئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ تاپتىڭىز. ئەندى يەتتىنچىسىگە نوۋەت كەلدى. خەزىنىمىزدە بىر مەرۋايىت بار. ئۇنىڭ باراۋىرىدە كۈمۈشتىن بىر مەرۋايىت ياسالدى. ئۇ، ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلدى. بۇ كۈمۈش مەرۋايىتقا ۋەزنى، شەكلى، رەڭگى ئوخشايدىغان يەنە بىر مەرۋايىت تېپىپ كەلگەيسىز. ئاندىن كۆڭلىمىز خاتىرجەم بولغاي".

بېيىت:

بۇ گوهەردەك يەنە بىرنى پەيدا قىل،
يەتتە ئېقلىمنى كېزىپ مۇئەييا قىل.".

نامە تامام ۋەسسالام."

هاتەم خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئويلاپ كۆردى. ئۇنىڭغا بۇ سوئالنىڭمۇ سەپەرسىز هەل بولمايدىغانلىقى ئايان بولدى.



## هاتەمنىڭ مەلىكە هۆسنە بانۇنىڭ يەتتىنچى سوئالىغا جاۋاپ تېپىپ كېلىشى ۋە هۆسنە بانۇ بىلەن شاهزادە مۇنىرىنىڭ تويى

ئەلقىسسە، هاتەم يەنە ئۆز سەپىرىنى داۋام قىلدى. بىر نەچچە ۋاقىت يول مېڭىپ هېرىپ ئۇسسۇزلۇق يەتتى. بىر كۈنى ئۇ بىر تۈپ كاۋاك دەرەخ تۈۋىدە قوندى. لېكىن ئۇنىڭ كۆزى ئۇيقىدىن بىدار ئىدى. ئۇ خىيال بىلەن سەهەر ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى ۋە ئاللاتائالاغا سېغىنىپ، مۇرادىنى تىلەپ يىغلىدى. بىر چاغدا بىر جۈپ قۇش كېلىپ دەرەخنىڭ شېخىغا قوندى. بۇ قۇشلار ئاللانىڭ بىرلىكىنى سۈپەتلەپ سايرىشاتتى. ئۆز ئارا سۆزلىشەتتى. بىرىنچىسى ئىككىنچىسىدىن سورايتتى:

— بۇ ئادەم كىم بولۇشى مۇمكىن، نېمىشقا بېشىنى قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ خىيالغا چۆمۈپ كەتكەندۇ؟

— مەن ئۇلۇغلاردىن ئاڭلىغان ئىدىم، - دېدى ئىككىنچىسى جاۋاپ بېرىپ، - بىر كۈنلەر كېلىدۇكى، بىر كېچىسى مۇشۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە هاتەم ئاتلىق بىر يىگىت كېلىپ مېهمان بولغاي. ئىككى قۇش بۇ يەرگە كېلىپ سۆزلەشكەي، بىرى بۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلەلمەي سورىغاي. ئىككىنچىسى جاۋاپ بەرگەي"... هېساپلاپ باقسام ئۇلۇغلار كۆرسەتكەن كېچە مۇشۇ كېچە ئىكەن. بۇ ئادەمشۇ هاتەم بولسا كېرەك.

— ئۇنداق بولسا، هېلىقى قۇشلار ۋەقەسىنى ئېيتىدىغان ۋاقىت بولۇپ قاپتۇ، - دېدى بىرىنچى قۇش، - بىزنىڭ جامائەت-

لىرىمىزنىڭ ئەسلىمىزدەريائى قەھرىمانى جەزىرىلىرىدە ئىدى. بىر گورۇھ قۇشلار بىزلەرگە ئارىلاش ئىدى. ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم تۇخۇم قوياتتى. تۇخۇملىرى توخۇ تۇخۇملىرىدىنمۇ خىل ئىدى. بىرسەۋەپلەر بىلەن بۇ خاسىيەتلەر ئۇلاردىن كوتۇرۇلۇپ كەتتى. بۇ تۇخۇملاردىن بىرىنى پەرىلەر شاھى قەھرىمان شاھنىڭ قولىغا چۈشكەن ئىدى. يەنە بىرى شەمئان شاھقا تەككەن ئىدى. شەمئان شاھ ھوكۇمالار ھوكمى بىلەن سەھرادىكى بىر بۇلاقنىڭ ئالدىغا يەتتە خەزىنە ياسىدى. ئۇ خەزىنىنىڭ بارلىق ئاچقۇچلىرىنى تاشقارقى ئۇيدە قويۇپ بىر قىزنىڭ نامىغا تىلسىم قىلىپ بېكىتتى. ئۇخەزىنىنىڭ تەسەررۇپى شۇ قىزنىڭ قولىدا، ئۇ قىزنىڭ قولى تەگمەي تۇرۇپ بۇخەزىنىنى داشقا ئادەملەر ئالالمايدۇ. ئەگەر كىمىكى ئېلىشنى قەست قىلسا ئۇ يەردە ھەر خىل يىلان، چايانلار پەيدا بولۇپ. ھوجۇمغا ئۆتۈپ ئۇ كىشىنى يوقىتىۋېتىدۇ ... مەلۇم بولدىكى ئۇ قىز خەزىنىنى تەسەررۇپ قىلغاي. بۇ يىگىت ئۇدورنىڭ سىرىنى تېپىش ئۈچۈن چىقىپتۇ.

ئەندى بىردىن دايان قىلايلى.

پەرىلەر پادىشاسى قەھرىمان ۋاپات بولدى. مەرۋايىت خوتۇنىنىڭ قولىدا قالدى. قەھرىمانشاھ ۋاپات بولغاندا ھامىلدار ئىدى. ئۇنىڭ بىرادەرلىرى رەشىك قىلىپ مەلىكىنى بىر داياۋانغا ئېلىپ بېرىپ تاشلىۋەتتى.

بىر نەچچە كۈنلەردىن كېيىن مەلىكىگە بىر كارۋان ئۇچراپ، كارۋان باشلىقى ئۇنى: «قىزىم» دەپ ئۆز ۋىلايىتىگە ئېلىپ كەتتى. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن مەلىكە ئوغۇل تۇغدى. ئۇ ئوغۇل چوڭ بولۇپ كامالىغا يەتتى. خۇدانىڭ تەقدىرى



ىلەن ئۇ، بۇ ۋىلايەتكە پادىشا بولۇپ، مەرۋايىت ئۇنىڭغا
ەگدى.

ئۇنىڭ بەشىنچى نەۋرىسى ھەششام ئوغلى ماھىيارغا قى-
ىل كۆلاتىكتى. ھازىر ماھىيار جەزىرىدە پەرزەختە دىۋىلەرگە پا-
شادۇر. ئۇ ناھايىتى ئاقىل، دانىشمەن كىشى بولۇپ، تارىخ كىتاپلىرىنى كوپ ئوقۇپ ئىلىم ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭ پەرد-
لەر، ئىنسانلار ئارىسىدا جامال بابىدا مەشھۇر گۈلچېھرە دىگەن بىر قىزى بار. كىمىكى ئۇ قىزغا خېرىدار بولۇپ كەلسە، شەرت
شۇكى، ئاققۇشنىڭ ئەسلىنى سورايدۇ. ھېچكىم بىلمەس. ئەگەر كىمەرسىكى جاۋاپ بەرسە دور بىلەن گۈلچېھرىنى ئۇنىڭغا
بېرەر.

بۇ قۇشلار پەيدا بولۇشتىن مۇشۇ زامانلارغىچە بۇ سىرلار مەخپى قالغان ئىدى. بىز بۇ جامائەتنى يەتتە قۇشنىڭ تىلى دەيدۇ. بۇ سوزلەرنى سوزلەشكە ئەمىر بولغىنى يوق ئىدى. ئەمما ھاتەم خۇدانىڭ مەرت، ياخشى بەندىسىدۇر. ئۇشبۇ مەرۋايىت سەۋەۋىدىن كوپ كىشىلەر مۇرادىغا يېتەر.

ساۋاپ تەمەسىدە ئۇشبۇ سىرنى ھاتەمگە ئىزھار قىلدۇق. ھاتەم بۇ سوزلەرنى ئۇنتۇمىسا، ئۇ مەرۋايىت بىلەن گۈلچېھرىنى قولغا كىرگۈزەر.

يەنە بىرى دىدى:

—ھاتەم قەھرىمان دەرياغا قانداق بارار؟ جەزىرىدە دىۋەلەر كوپ، ئۇ يەردىن قانداق ئوتەر؟

يەنە بىرى دىدى:

— بىزلەر بىر سىلكىنسەك نەچچە تال پېيىمىز توكۇلىدۇ. ھاتەم شۇ پەيلىرىمىزنى ئېلىپ ئېھتىيات بىلەن ساقلىسا، بېشىغا كۈن

چۆشكەندە قارا پەينى كويدۇرۇپ، كۈلىنى بەدىنىگە سۈركىسە، بىر دىۋە سۈرىتىدە بولىدۇ. ھەر قانداق دىۋە ئۇنىڭغا روبىرو بولۇشقا پېتىنالمايدۇ. قاچانكى، ئۇ ئەسلىگە كەلمەكچى بولسا، ئاق پەينى كويدۇرۇپ، ئۇنىڭ كۈلىنى بەدىنىگە سۈركىسە ئەسلىگە كېلەر، ھېچبىر گىزەندە ۋە زىيانداشلار ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمەس. ئەگەر دەريائى قەھرىماندىن ئۆتسە ئۇ يېقى جەزىرەئى بەرزەخكە تەۋە بولۇپ مۇرادى ھاسىل بولۇر.

ئۇ قاناتلىرىنى سىلكىپ قېقىۋىدى، پەيلىرى تۆكۈلدى. ئاڭغىچە سۈبھى ۋاقتى بولدى. قۇشلار ئوزۇق ئىزدەش ئۈچۈن ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ ئېيتتى:

— شەرق ۋە جەنۇپ تەرەپكە بارساڭ يول يېقىندۇر.

ھاتەم تۆكۈلگەن پەيلەرنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. ئۇ باياۋانلارنى كېزىپ، قىشلاقلارنى ئارىلاپ ماڭماقتا ئىدى. تۇساتتىن بىر نالە ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مەنمۇ خۇدا يىمنىڭ بەندىسى. ئۇمۇ خۇدا يىمنىڭ بەندىسىدۇر.

ھاتەم ئاۋاز چىقارغۇچىنىڭ ئالدىغا باردى. كوردىكى بىر تۈلكە ئىكەن. ھاتەم تۈلكىدىن سورىدى.

— ئەي خۇدانىڭ بەندىسى، ساڭا قانداق ئەلەم يەتتى؟ نىمانچە يىغان چىكىسەن؟

تۈلكە جاۋاپ بەردى:

— ئىككى بالام بىلەن ئېرىمنى سەييات ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتتى. شۇلارنىڭ دەردىدە يىغلايمەن.

— ئۇ سەيياتنى تونۇمسەن؟ — سورىدى ھاتەم.



— يېقىندا بىر قىشلاق بار. سەييات شۇ قىشلاقتا، — دىدى تۈلكە.

— ئۇنداق بولسا، ئوزۇڭنى يوشۇرۇپ تۇرۇپ يىراقتىن ماڭا كورسۇتۇپ قوي. مەن بىر ئامال قىلىپ باقاي، — دىدى ھاتەم.

تۈلكە ھاتەمنى باشلاپ بېرىپ يىراقتىن قىشلاقنى كورسەتتى. ھاتەم قىشلاققا قاراپ قەدەم قويدى. سەيياتنىڭ ئۆينى سوراپ تېپىپ ئىشىك قاقتى. سەييات ئۆيدىن چىقىپ ھاتەمنى كورۇپ سورىدى.

— كىمنى ئىزدەيسەن؟

— سىزنى، — دىدى ھاتەم مۇلايىملىق بىلەن، — سىزگە بىر ھاجىتىم چۈشتى. ئۇ بولسىمۇ، مېنىڭ بىر كېسىلىم بار ئىدى. تېۋىپلار تۈلكىنىڭ قېنىنى بۇيرىدى. ئەگەر تىرىك تۈلكە تۇتقان بولسىڭىز ماڭا سېتىڭ.

سەييات ھاتەمنى مېھمانخانىسىغا باشلاپ كىرىپ ئۈچ تۈلكىنى كورسەتتى. ھاتەم سەيياتقا نۇرغۇن پۇل بەردى. بۇ ئىلتىپاتتىن خوشال بولغان سەييات ئۈچ تۈلكىنىڭ ھەممىسىنى بېرىۋەتتى. ھاتەم تۈلكىلەرنى ئېلىپ بېرىپ ئانا تۈلكىگە تاپشۇرۇپ بەردى.

— ئەندى ئوز ماكانىڭلارغا بېرىپ شادىمان ياشاڭلار، — دىدى ھاتەم.

ئانا تۈلكە يەنە يىغلاشقا باشلىدى. ھاتەم سورىدى:

— يەنە نىمىشكە يىغلايسەن؟

— سەن كورمۇدۇڭمۇ، — دەپ بەكرەك نالە قىلىشقا باشلى-

دى، ـ ئۇ ، ـ مانا يولدۇشۇم ، كوز يۇمۇش ئالدىدا تۇ-
رۇپتۇ . بۇنىڭ كېسەلىگە بىر ئىلاج قىلساڭ ئىكەن .
— ئىرىڭنىڭ كېسەلىگە نىمە پايدا قىلىدۇ ؟ ـ دەپ سورى-
دى هاتەم .
— بىر پىيالە ئىسسىق ئادەم قېنى بولسا ساقىياتتى ، ـ
دىدى تۈلكە .
— غەم يىمە ، ـ دىدى هاتەم ، ـ ئىسسىق قان مەندە بار .
ئۇ بىر تاسما بىلەن قولىنى باغلاپ ، تومۇرىغا تىغ ئۇرۇپ ،
كېسەل تۈلكىنىڭ ئاغزىغا ئىسسىق قېنىنى ئېقىتتى . دىگەندەك
ئازغىنا ۋاقىت ئۆتتۈۋىدى ، كېسەل تۈلكە سەهەت تاپتى .
هاتەم يەنە يولغا چۈشتى . ئۇ ، دەشتى - باياۋانلارنى
سەيلە قىلىپ مېڭىپ يەنە بىر باياۋانغا بەتكەندە ، ئۇسسۇزلۇق-
تىن مادارى قالمىدى . يىراقتىن سۇدەك بىر نەرسە پاقىراپ
كورۇندى. هاتەم ئۇنى سىزمىكىن دەپ يېقىن بېرىپ قارىۋىدى، سۇ
ئەمەس بىر ئەجدەرها ئىكەن . هاتەم كەينىگە ياناق بولىۋىدى،
لېكىن شۇ چاغدا ئەجدەرها ئىنسان تىلىدا سوزلەپ مۇنداق
دىدى :
— ئەي يىگىت ، يېقىن كەل ، مەندىن قورقمىغىن ، مەن
سېنى مېهمان قىلىمەن .
هاتەم ئەجدەرهاغا ئەگىشىپ يولغا چۈشتى . ئۇلار بىربۇس-
تانلىققا يېتىپ كەلدى . ئۇ يەردە بىر ئالى قەسىر تۇراتتى .
قەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كول بولۇپ ، ئۇنىڭ سۈيى سۈپ-
سۈزۈك ئىدى ، ئەجدەرها هاتەمگە قاراپ :
— ئەي يىگىت، سەن بۇ يەردە ئازراق دەم ئېلىپ تۇرغىن،
مەن هازىر پەيدا بولىمەن ، ـ دەپ كولگە كىرىپ غايىپ بولدى



ۋە بىر دەمنىڭ ئىچىدە بىر نەچچە پەرىزاتلار پەيدا بولۇپ قال-
دى . ئۇلارنىڭ هەممىسى هوسنە جامالدا بىر - بىرىدىن گۈ-
زەل ئىدى . ئۇلار هاتەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، دوستىخان سې-
لىپ، تۈرلۈك تائاملارنى ئېلىپ كەلدى ، شۇ ئەسنادا ئەجدەرها-
مۇ كولدىن چىقىپ هەممىدىن يۇقۇرىغا ئوتۇپ ئولتۇردى ۋە
دىدى :
— ئەي يىگىت ، تارتىنماستىن بۇ تائاملاردىن خالىغى-
نىڭچە يىگىن .
هاتەم تائاملاردىن تويغىچە يەپ دۇئاغا قول كوتەردى.
دۇئادىن كېيىن ئەجدەرها هاتەمدىن سورىدى :
— قەيەردىن كەلدىڭ ۋە قەيەرگە بارىسەن ، ئېتىڭ نىمە ؟
— مەن يەمەنلىك بولىمەن،ـ دىدى هاتەم جاۋاپ بېرىپ،ـ
ئېتىم هاتەم. يەمەن پادىشاسى تەيىنىڭ ئوغلىمەن، هازىر هوسنە
ئاۋاتتىن كېلىشىم .
هاتەم ئوتكەن ئىشلارنى بىرمۇ - بىر سوزلەپ بەردى ۋە
بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ مەقسىدىنى دىدى .
ئەجدەرها بۇ سوزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بېشىنى سەجدە-
گە قويۇپ شۈكرى ئېيتتى . ئاندىن :
— ئەي شاهزادە، ـ دىدى ئۇ سوزگە ئېغىز ئېچىپ ، ـ ئا-
تا - بوۋىلىرىمنىڭ هەممىسى پادىشا بولۇپ هەزرىتى سۇلايمان
ئەلەيهىسالامدىن بۇ تاغۇ - دەشتلەرنى تىلىۋالغان ئىكەن . بىز
پەرىلەر قەۋمىدىن ، ئادىمىزاتقا زىيانكار بولساق ، قىياپىتىمىز
ئوزگۇرۇپ قالغاي . نوۋەت مەن گومراغا يەتتى . مېنىڭ ئې-
تىمنى ئەبدەس شاهنىڭ ئوغلى پادىشاهى شەمەس دەيدۇ . بىر
كۈنى ئويلىدۇمكى « لەشكەر يىغىپ بېرىپ ، ئىنسانلارنىڭ تۈپ-

رىخىدىن ئېلىپ چايىمنى تولۇق قىلىسام » ، شۇ مەقسەتتە لەشكەر توپلاپ ئىنسانلار ئۈستىگە باستۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئىدىم . شۇ كېچىسىلا قىياپىتىم ئۆزگۈرۈپ ئەجدەرھا بولۇپ قالدىم . لەشكەر ۋە جاماﺋەتلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ پەي - قاناتلىرى توكۇلۇپ كەتتى، كېيىن بولسا ئۆزۈمنى ئېسىپ تووە قىلدىم ، پايدا قىلمىدى . ناگاھ بىر كېچىسى غايىپتىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى : « بۇ ئاھۇ - نالىدىن ساڭا پايدا يوق . يەمەن ۋىلايىتىدە ھاتەم دىگەن بىر كىشى دۇنياغا كېلىدۇ . بىر سەۋەپلەر بىلەن بۇ يەرگە قەدىمى يېتىپ قالار ، ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ بەركاتىدىن ئىنشائاللا ، قىياپىتىڭ ئەسلىگە كەلگەي» . شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ساڭا ئىنتىزار بولۇپ تۇرماقتىمەن ، ماڭا بىر دۇئا قىلساڭ، ئەسلىمگە كەلسەم.

ھاتەم دەرھال بىر خىلۋەتكە كىرىپ ، يۈيۈنۈپ بېشىنى ھەقنىڭ دەرگاھىغا سەجدىگە قويۇپ مۇناجات قىلىپ شۇنداق دىدى :

— ئەي ، سىرى بار ئاللەمنى يارىتىپ پەرۋىش قىلغۇچى يەككە- يىگانە خۇدايىم. ئەۋۋىلىڭ يوق، ئاخىرىڭ يوق ، ھېچقانداق ئوخشايدىغىنىڭ يوق ، ھېچنەرسىگە ئېھتىياجىڭ يوق، ئالىمسەن ، ئالىملىغىڭ قانداقتۇر ئېقىل - زېھىن بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز سۈپىتىڭ بىلەن. قادىرسەن، قادىرلىغىڭ قانداقتۇر كۈچ - قۇۋەت بىلەن ئەمەس، ئۆز سۈپىتىڭ بىلەن، ھېچنەرسىنىڭ ئالدىدا ئاجىز ئەمەسسەن . نىمىنى خالىساڭ شۇنداق قىلالايسەن . بارنى يوق قىلالايسەن، يوقنى بار قىلالايسەن ، بىرلىك ۋە بارلىغىڭنىڭ ھەق - ھورمىتى ئۈچۈن ئۆزگەرگەنلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرگەيسەن !



ھاتەمنىڭ كوزلىرىدىن تارام - تارام ياشلىرى راۋان بولۇپ ، ھەزرىتى رەببىل ئالەمىنگە بولغان ئىشتىياقى جۇش ئۇردى . ئۇ سەجدىدىن بېشىنى كوتەرگەندە ئەجدەرھا يىلانسۈرىتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى پەرىزاتقا ئايلانغان ئىدى . ئەفرەس شاھ باشلىق بارلىق پەرىلەر كېلىپ ھاتەمنى زىيارەت قىلدى ۋە: « مۇندىن كېيىن ئىنسانلارغا ئەدەپسىزلىك قىلمايمىز » - دەپ تووە قىلىپ ئەھدى بەردى .

ئەلقىسسە ، پادىشا بۇيرىدىكى : « بۇ يىگىتنى چىگرىمىزغىچە ئۇزۇتۇپ قويۇپ كېلىڭلار »، ھاتەمنى بىر نەچچە پەرىزاتلار تەختىرىۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ كوتۇرۇپ يولغا چىقتى. بىرياخشى جايغا چۈشۈپ ئازراق دەم ئالدى . پەرىلەردىن بىرى ھاتەم بىلەن قېلىپ ، قالغان يەتتىسى سەيلە - تاماشا قىلىش ئۈچۈن بىرياققا ماڭدى .

بۇ يەردە مەقرىناس دىگەن بىر دىۋە ماكان تۇتقان ئىدى.

ئەفرەس شاھنىڭ سۈرىتى ئوزگەرگەندىن كېيىن ، دىۋىلەر شكارغا چىقمىشقان ئىدى. قارىسا بىر ئادەم بىلەن بىر پەرى ئولتۇرغىدەك، دىۋىلەر ئۇلارغا قاراپ ھەملە قىلىپ، ھاتەم بىلەن پەرىنى تۇتۇۋالدى .

تاماشاغا كەتكەن يەتتە پەرى قايتىپ كېلىپ ، ھاتەم بىلەن قالغان ھەمراسىنىڭ يوقلىغىنى كوردى . قارىسا بىر نەچچە دىۋىلەر ئولۇپتۇ . بىرى زەخمىلىنىپ يېتىپتۇ ، ئۇلار بۇ دىۋىدىن سورىدى :

— بۇ نىمە ئەھۋال ؟

— بىز مەقرىناس دىۋىنىڭ لەشكەرلىرىدۇرمىز ، - دىدى زەخمىلەنگەن دىۋە ، - شكار قىلىش ئۈچۈن چىققان ئىدۇق. بۇ

يەرگە كەلسەك بىر ئادەم بىلەن بىر پەرى ئولتۇرۇپتۇ. بىز ئۇلارغا هۇجۇم قىلدۇق. ئۇلار سانىمىزنىڭ ئازلىقىغا قارىماي بىزگە قارشى تۇردى. بىرمەزگىل جەڭ بولدى. ئاخىرى بىزنىڭكىلەر ئۇ ئادەم بىلەن پەرىنى تۇتۇپ كېتىشتى. مېنى بولسا، ئۆلدى دەپ خىيال قىلىپ تاشلاپ كېتىشتى.

پەرىلەر ئۇ دىۋىنى دەرهال ئەپرەس شاهقا يەتكۈزدى. ئەپرەس شاه بۇ ئەهۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلەندى، لەشكەر يىغىپ، قوراللاندۇرۇپ جەڭ قىلىش ئۈچۈن يولغا راۋان بولدى. توختىماي يول يۈرۈپ مەقرىناس دىۋىنىڭ چېگرىسىغا يېتىپ كەلدى، جاسۇس ئەۋەتىپ خەۋەر تاپتىكى، مەقرىناس دىۋە شىكاردا ئىكەن. پەرىلەر ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، دىۋىلەرگە هۇجۇم قىلدى. دىۋىلەر بىخۇت ئىدى. كۆپلىرى ئۇخلاۋاتاتتى. پەرىلەر هەر تەرەپتىن باستۇرۇپ كەلگەچكە، خەۋەرسىز تۇرغان دىۋىلەر سەراسىمە بولۇپ تەڭ كېلەلمىدى. بىر قىسمى جېنىدىن ئايرىلدى، بىر قىسمى زەخمىلەندى، بىر قىسمى ئەسىر بولۇپ قولغا چۈشتى.

ئەپرەس شاه ئۆلگەن ۋە تىرىك قالغان دىۋىلەرنىڭ هەممىسىنى بىر يەرگە يىغىپ، ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كۆككە سورۇۋېتىپ، مەقرىناس دىۋىنىڭ تەختىنى ئىگەللەپ خەزىنىلەرنى قولغا چۈشۈردى ۋە پەرى كاتتىلىرىدىن بىرىنى شاه قىلدى. كېيىن هاتەم بىلەن بىرگە ئەسىرگە چۈشكەن هېلىقى پەرىنى ئازات قىلىپ يەنە يولغا سالدى.

پەرىلەر هاتەمنى تەختىرىۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ كۆتىرىپ هاۋادا قۇشتەك ئۇچۇپ بىر تاغ ئۈستىگە كېلىپ چۈشتى. ئۇ يەر-



ده بىر بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭ لېۋىدە بىر ياش پەرىزات يىگىت ناله-زار قىلىپ يىغلاپ ئولتۇراتتى.

پەرىلەر ئۇ يىگىتنى كورۇپلا تونىدى. ئۇ شاه مېهرىۋازنىڭ ئوغلى شاهزادە مېهرىشاۋەر تۇمانى ئىدى. ئۇلار شاهزادىدىن سورىدى:

— ئەي شاهزادە، مۇنداق هەسرەتتە ئولتۇرۇشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟

يىگىت جاۋاپ بەردى.

— جەزىرە بەرزەخ پادىشاهىنىڭ بىر قىزى بار. ئېتىنى سىمايى گۈلچېهرى دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئاشىق بولدۇم. هېساپسىز لەشكەر ۋە خەزىنىلەر بىلەن جەزىرە بەرزەخكە بېرىپ پادىشاغا ئەلچى كىرگۈزدۇم. ئەلچىلىرىمنى ماهيارشاه ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئوبدان مېهمان قىلىپتۇ ۋە:

— ئەي ئەلچىلەر، - دەپتۇ پادىشا، - مەسلىهەتىڭلارغا مەنمۇ قوشۇلدۇم. لېكىن يىگىتنى چاقىرىڭلار! ئاندىن قالغان سۆزلىرىمنى بايان قىلىمەن.

ئەلچىلەردىن بىرى كېلىپ مېنى قىچقىرىپ بىللە ئېلىپ باردى. پادىشا مېنى دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ قىزغىن قارشى ئالدى، ئۆيىگە باشلاپ، تۆردە ئولتۇرغۇزۇپ مېهمان قىلدى. دۇئادىن كېيىن مۇنداق دىدى:

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، تەلىۋىڭنى قوبۇل قىلدىم. ئالدىنقى شەرت شۇكى، سەندىن سوئال سورايمەن، شۇنىڭغا جاۋاپ بەرگىن.

— ئۇ قانداق سوئال؟ - دەپ سورۇدۇم مەن.

شاھ ماڭا بىر گوھەرنى كۆرسەتتى ۋە بۇ گوھەرنىڭ قانداقلىقىنى سورىدى، مەن جاۋاپ بېرىشكە ئاجىز كەلدىم. پادىشا مېنىڭ قايتىشىمغا رۇخسەت قىلدى. ئۇ يەردىن قايتىپ چىقىپ، لەشكەرلىرىمنىڭ ھەممىسىنى قويۇپ بەردىم. مەن بۇ چەشمىنىڭ بېشىدا تەنھا ئولتۇرۇپ يىغلاپ قالدىم.

— ئەي بۇرادەر، — دېدى ھاتەم، — غەم يېمە، ماھيار شاھ دەرگاھىغا بېرىپ، سوئالىغا جاۋاپ بېرىپ گۈلچېھرىنى ساڭا ئېلىپ بېرىمەن.

پەرىلەر شاھزادە مېھرىۋازنىمۇ كۆتىرىپ يولغا راۋان بولدى. شامالدىنمۇ تېز ئۇچۇپ مەھكال دىۋىنىڭ ماكانىغا يەتتى. مەھكال دىۋىنىڭ لەشكەرلىرى ھاتەمنى پادىشانىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى. شاھ بۇلارنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىلكىدە سورىدى:

— قەيەردىن كەلدىڭلا؟

— ئەپرەس شاھنىڭ قېشىدىن كەلدۇق، — دېدى ھاتەم.

— نەچچە يىلدىن بېرى ئەپرەس شاھ غايىپ بولۇپ، ئۇنىڭ ماكانى يىلان، چايانلارنىڭ ئورنى بولغان ئىدى، — دېدى مەھكال ۋە ئەمىر قىلدى، — ئى پەرىلەر سىلەر قايتىڭلار. بۇ ئادەمنى ناشتىلىق قىلىمەن.

— ئەي مەھكال شاھ، — دېدى مېھرىۋاز شاھزادە يالۋۇرۇپ، — بۇ ئادەمگە ئازار بەرمىگىن، مەن ساڭا بەش ئادەم كەلتۈرۈپ بېرەي.

بۇ مەسلىھەت دىۋىگە ماقۇل بولدى ۋە ئۇچكۈنلۈك موھلەت بىلەن ھاتەمنى بىر ئۆيگە باشلاپ ساقچى قويدى.



شاھزادە مېھرىۋاز مەھكال ئالدىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن پەرىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سەھەر ۋاقتىدا، ساقلىغۇچىلار ئۇخلاۋاتقاندا ھاتەمنى ئېلىپ قاچتى.

ئەتىسى مەھكال دىۋە خادىملىرىدىن بىرسىگە ھاتەمنى ئېلىپ كىرىشنى بۇيرىدى. خادىملار چىقىپ ھاتەم سولاغلىق ئۆيگە قارىدى، قاراۋۇللار شىرىن ئۇيقىدا ئۇخلاۋېتىپتۇ. لېكىن ئۆيدە ھاتەم يوق ئىدى. خادىملار ھەيران بولدى.

ئەلقىسسە، ھاتەمنى ئېلىپ قاچقانلار دەريائى قەھرىمانغا يەتكەندە، تۆرت پەرى ئۆز ماكانىغا قايتىشتى. مېھرىۋاز بىلەن ھاتەم بولسا، ئۆز يولىغا كېتىۋەردى.

— ئەي يىگىت، — دېدى مېھرىۋاز ھاتەمنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — بۇ ماكاننىڭ دىۋىلىرى ناھايىتى يامان، ئادىمزاتنى كۆرسە تىرىك قويمايدۇ.

— ئەي بۇرادەر، غەم يېمە، — دېدى ھاتەم، — مەن دىۋىمۇ بولالايمەن.

ھاتەم ئوت يېقىپ قارا پەيلەرنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى بەدىنىگە سۈركىۋىدى، قىياپىتى قورقۇنۇشلۇق بىر كۈشلۈك دىۋىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ ھالەتتە دىۋىلەر كۆرسە، ئاقابىل بولۇشى مۇمكىن ئەمەستى. مېھرىۋازمۇ كۆرۈپ ناھايىتى قورقۇپ كەتتى.

— ئەي بۇرادەر، — دەپ سورىدى ئۇ ھاتەمدىن، — يەنە ئەسلىڭىزگە كېلەلەمسىز؟

— ئەسلىمگە كېلەلەيمەن، — دېدى ھاتەم.

ھاتەمنى يىراقتىن كۆرگەن دىۋىلەر قورققىنىدىن ئارقىسىغا قارىماي قاچاتتى. باشقا گېزەندە قۇشلارمۇ پاراكەندە بولۇپ

جېنىنى بىر ياققا ئېلىشقا تىرىشاتتى. ھاتەم مۇشۇنداق تاماشا-
شالار بىلەن قەھرىمان دەرياسىنىڭ بويلىرىنى ئايلىنىپ، ئۇ-
نىڭ كېچىكىگە كەلدى.

— ئەي ھاتەم، — دېدى مېھرىۋاز، — بۇ يېقىن ئەتراپتا بىر سالۇك دېگەن جەزىرە بار، ئۇنىڭ كاتتىسىنى شاھبال شاھ دەيدۇ. مەن ئۇ يەرگە بېرىپ ئىككى - ئۈچ ئات ئېلىپ كېلەي.

مېھرىۋاز ھاتەم بىلەن خوشلىشىپ ئالدىراپ مېڭىپ كەتتى. بېرىپ شاھبال شاھقا كۆرۈنۈش قىلدى. شاھبال ئۇنىڭغا بىسيار ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈردى. شاھزادە مېھرىۋاز ئىككى ئات سورىدى. شاھ ئۇچىدىغان ئاتتىن ئىككىنى بەردى. مېھرىۋاز ئۇ ئاتلارنىڭ بىرىنى مىنىپ، بىرىنى يېتىلەپ ھاتەمنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى.

ئۇلار ئۇچىدىغان ئاتلارغا مىنىپ، قۇشتەك ئۇچۇپ، دەريائى قەھرىماندىن ئۆتۈپ، بىر بوستانغا كېلىپ چۈشتى.

— ئەي ھاتەم، — دېدى مېھرىۋاز، — ماڭا رۇخسەت بەرسەڭىز، ئاتامنىڭ قېشىغا بېرىپ لەشكەر بىلەن خەزىنىنى ئېلىپ كەلسەم.

— ماقۇل، — دېدى ھاتەم.

ھاتەمنىڭ رۇخسىتىنى ئالغان شاھزادە مېھرىۋاز ئۇچىدىغان ئاتقا مىنىپ يولغا راۋان بولدى.

شاھقا مېھرىۋازنىڭ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر يەتتى. شاھ ئوغلىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن شەھەرگە باشلاپ كىردى. شاھزادە ئاتا-ئانا، ئۇرۇق - تۇققان، قەۋمى - قېرىنداشلار بىلەن كۆرۈشتى. ئاتىسىغا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى.



شاھ ئوغلىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن دەرھال لەشكەر تەشكىللەپ، سەپەر تەييارلىقىنى قىلدى.

شاھزادە يولغا چىقتى.

مېھرىۋاز شانۇ - شەۋكەت بىلەن بوستان ئەتراپىغا كېلىپ چۈشتى. چېدىر - بارگاھلارنى ئورنۇتۇپ بولغاندىن كېيىن ھاتەمنى ئىزدىدى. ھاتەم شاھزادىنى يولغا سېلىۋېتىپ، ئاق بەينى كويدۇرۇپ، كۈلىنى بەدىنىگە سۈركەپ ئەسلىگە كەلگەن ۋە بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا ئارام ئېلىپ ئۇخلاپ قالغان ئىدى. شاھزادە ھاتەمنى شۇ يەردىن تاپتى. ھاتەم ئويغىنىپ مېھرىۋازنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. ئۇلار بارگاھ ئورۇنلاشقان جايغا كېلىشتى. ئۇ يەردە توپ - توپ پەرىلەر يۈرۈشەتتى. ھاتەم ئۇلار بىلەن پەرىلەر ئادىتى بويىچە سالاملاشتى ۋە بىر كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى ئۇچىدىغان ئات بىلەن ماھىيار شاھنىڭ قەلئەسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ چۈشتى. دىرۋازىۋەنلەر پادىشاغا خەۋەر قىلدى.

— بىر ئۇلۇغ لەشكەر كېلىپ قەلئە ئالدىغا چۈشتى.

پادىشا ۋەزىرىنى ئەلچى قىلىپ نۇرغۇن سوۋغىلار بىلەن كەلگەنلەرنىڭ دوست ياكى دۈشمەن ئىكەنلىكىنى سىناش مەقسىتىدە چىقاردى. شاھزادە بۇ كەلگەن ئەلچىلەرنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىپ، زىياپەت بېرىپ، سوۋغىلار بىلەن كۆتۈۋالدى ۋە ئۇزۇتىدىغان چاغدا بىر نامە يېزىپ، شاھقا بېرىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى.

ئەلچى بولۇپ كەلگەن ۋەزىر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شاھزادىنى پادىشاغا ماختاپ، ھېلىقى نامەنى بەردى. نامەدە شاھ ئوتتۇرىغا قويغان سوئاللارنىڭ جاۋابى يېزىلغان ئىدى. شاھ يەنە ۋەزىرنى بۇيرىدى:

— مېھمانلارنى باشلاپ كېلىڭ.

ۋەزىر پادىشادىن دۇئا ئېلىپ، شەھەردىن چىقىپ، شاھزادە ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنلەرنى تەكلىپ قىلىپ مېھمانخانىلارغا باشلىدى. ئۇلار بۇ كېچىنى بۇ يەردە نەغمە - ناۋا، زىياپەت بىلەن ئۆتكۈزدى، ئەتىسى ماھىيار شاھ شاھزادە بىلەن ھاتەمنى چاقىرىپ كۆپ ئىززەت-ئىكراملار بىلدۈردى ۋە سورىدى:

— ئەي يىگىت، نەدىن، نېمە مەقسەتتە بۇ يەرگە كەلدىڭىز، ئېتىڭىز نېمە؟

ھاتەم دەرھال ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلدى ھەم كۈمۈشتىن قىلىنغان مەرۋايىتنى شاھقا كۆرسەتتى. شاھ كۆردىكى، ئۇ بەئەينى دۇرغىلار ئوخشايتتى. شاھ دۇرنى ئېلىپ چىقىپ يەنە بىر تەرەپتە قويدى. رەڭگى، چوڭ - كىچىكلىكى ئوپمۇ - ئوخشاش ئىدى.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، - دېدى ھاتەم شاھانە ئەدەپ، پەردىلەرچە سالام، ئىكرام بىلەن، - بۇ دۇرنى پەقىرگە ئىنئام قىلسىلا، مېھرىبانلىقلىرىنىڭ ئۇلۇغ يادنامىسى بولۇپ قالسۇن.

— بولىدۇ، - دېدى ماھىيار شاھ، - لېكىن بېرىشىمنىڭ بىر ئالدىنقى شەرتى بار. ئۇ بولسىمۇ ئاق قۇشنىڭ پەيدا بولۇشىنى سۆزلەپ بەرگەيسىز. چۈنكى بۇ ھەقتە خالايىق ئالدىدا ئەھدى قىلغان ئىدىم.

ھاتەم ئورنىدىن تۇرۇپ شاھقا ئاق قۇش ھەققىدە ئۆگىنىۋالغان قىسسىنى تولۇقى بىلەن يېزىپ تاپشۇرۇپ بەردى. ماھىيار شاھ ھاتەمنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھاتەمنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ:



— بارىكاللا يىگىت، - دېدى- دە، دۇربىلەن قىزى گۈلچېھرىنى ھاتەمگە ئىنئام قىلدى. ھاتەم يىغىلغان چوڭ - كىچىكلەرگە گۈلچېھرىنى " ھەمشىرەم " دەپ ئېلان قىلدى.

— ئۇشبۇ يىگىت ھاتەم، - دېدى پادىشا پۇخرالىرىغا، - ئاللانىڭ رىزالىقى ئۈچۈن بارلىقىنى ھاجەتمەنلەر ئېھتىياجى ئۈچۈن بېغىشلىغان ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن يەمەندەك ۋىلايەتلەردىن ۋاز كېچىپ، تاجۇ - تەختىنى تاشلاپ، رىيازەت چېكىپ بۇ يەرلەردە يۈرۈپتۇ.

ھەممەيلەن ھاتەمنىڭ پەزىلىتىگە زوقلىنىپ قىستىلىپ بېرىپ ئۇنى تولۇق، كۆپرەك كۆرۈۋېلىشقا ھەركەت قىلىشتى.

ھاتەم ئەتىسى مەلىكە گۈلچېھرىنى شاھزادە مېھرىۋاغا نىكاھلاپ، توي قىلىپ قويۇش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويدى. باشقىلار ھاتەمگە ئاپىرىنلا ئېيتىشىپ مۇبارەكلەشتى.

توي، تەييارلىقى قىلىنىپ، توي كۈنلىرى يېقىنلاشتى. شاھزادە مېھرىۋاز ئاتىسىغا خەت يازغان ئىدى، ئۇلار شۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ساقلاپ قېلىشتى.

شاھزادىنىڭ دادىسى خەتنى ئالغاندىن كېيىن، تويغا كېرەكلىك بولغان تەييارلىقنى تولۇق پۈتتۈرۈپ، بارلىق دۆلەت خادىملىرى، ئوردا خوتۇن - قىزلىرى بىلەن يولغا چىقتى. ئۇلار ماھىيار شاھ دىيارىغا كەلدى. ماھىيار شاھ قۇدىلارنى ۋە ئۇلار بىللە ئېلىپ كەلگەن لەشكەر خادىملىرىنى ئۆزىگە مۇناسىپ خانىلارغا مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى بۇيرىدى. ئىككى پادىشا خۇشال - خورام ئولتۇرۇپ ئۇزاق مۇڭداشتى. ئەتىسى رەسمى توي نەغمىسى ياڭراپ، ئاسمان - زېمىننى لەرزىگە كەلتۈردى.

بىر نەچچە كۈن چوڭ توي- تاماشا ئۆتكۈزۈلدى. ئىككى مۇشتاق ئاشىقلار بىر- بىرىدىن مۇرادىلىرىنى ھاسىل قىلىپ ھاتەمگە كۆپلەپ دۇئا قىلىشتى.

ماھيار شاھ تويدىن كېيىن قىزى بىلەن قۇدىلىرىغا نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار ھەدىيە قىلىپ ئۇزاتتى.

مېھرنىۋاز مەلىكە گۈلچېھرىنى ئېلىپ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئۆز ماكانىغا يېتىپ كەلدى.

ھاتەم بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدى. كۈنلەردىن بىر كۈنى شاھزادىغا ئېيتتى:

— بۇرادىرىم، ماڭا كېتىشكە ئاتاڭدىن ئىجازەت ئېلىپ بەرگىن، خالىساڭ پەقىرنى ھوسنە ئاۋاتقا ئاپىرىپ قويغىن.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شاھزادە چەكسىز خۇرسەن بولدى. دەرھال ئاتىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ، ئەسكەرلىرىنى تەييارلاپ سەپەرگە ھازىر بولدى. ھاتەمنى تەختىرىۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ پەرىلەر كۆتەردى. ھاتەم شاھ بىلەن خوشلۇشۇپ يولغا راۋان بولدى. ئۇلار دەريائى قەھرىماندىن ئۆتۈپ، دىۋىلەر دۆلىتى دائىرىسىگە كىرىپ ئارام ئالدى. دىۋىلەر مېھرنىۋازغا كۆپ ھەدىيەلەر ئېلىپ كىلىپ ئىنئام قىلدى. قايتىشىدىمۇ مېھرنىۋازدىنمۇ كۆپلىگەن سوۋغىلارنى ئېلىپ كەتتى.

ئۇلار يەنە يولغا چۈشتى. مېڭىپ - مېڭىپ مەھكال دىۋە تەۋەسىگە قەدەم قويغاندا، مەھكال دىۋە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ مېھمان قىلىپ بىر كېچە قوندۇردى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئاراسوۋغا تەقدىم قىلىشتى. كېيىن ئۇلار مۇقرىناس دىۋىنىڭ تەۋەسىگە كىردى. بۇ ئەپرەس شاھنىڭ لەشكەر كاتتىلىرىدىن بى-



رى - مىڭ بېشى ئىدى. ئۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، قىزغىن قارشى ئېلىپ، ياخشى مەنزىلگە چۈشۈردى. دەرھال بىر نامە يېزىپ ئەپرەس شاھقا ئەۋەتتى.

بۇ نامىنى تىڭشىغان ئەپرەس شاھ ئورنىدىن قوزغىلىپ ھاتەم تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. ھاتەمنى كۆرۈپ بىسيار خۇرسەن بولدى.

ئۇلار ئەپرەس شاھنىڭ دەرگاھىدا كۆپ مەسلىھەتلەر قىلىشتى. ئەپرەس شاھمۇ شاھزادە مۇنىرى بىلەن ھوسنە بانۇنىڭ تويىغا بېرىش تەرەددۇتىنى قىلىشقا باشلىدى.

ھاتەم ئۇلارغا تەلەپ قىلىپ ئېيتتىكى:

— بۇنىڭ بۇ تەرىپى ئادەملەر تەۋەسىدۇر. سىلەر ئۇ يەرگە بېرىپ ئادەم بولۇپ ياشىساڭلار ناھايىتى ياخشى بولاتتى.

ھاتەمنىڭ بۇ تىلىگىنى ئۇلار بىجانىدىل قوبۇل قىلىپ، بىر كېچىدىلا ھوسنە ئاۋات تەۋەسىگە كېلىپ چۈشتى. بۇ كېچە ئۆتتى. ئەتىسى گۈزەتچىلەر مەلىكىگە، بۇ كېچە ھېساپسىز لەشكەرلەرنىڭ شەھەرنى قورشاپ چۈشكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. دەل شۇ چاغدا بىر تەرەپتىن ھاتەم تەنھا شەھەرگە كىرىپ كەلدى.

سارايغا كىرىپ شاھزادە مۇنىرىنى كۆردى. ئۆز ئارا خۇشال كۆرۈشۈپ قىزغىن سۆزلەشتى.

بۇ ئەھۋالدىن مەلىكە خەۋەر تېپىپ ئىنىك ئانىنى ئەۋەتتى.

ئىنىك ئانا كېلىپ ھاتەم بىلەن شاھزادە مۇنىرىدىن مەلىكىگە ۋاكالىتەن ھال سورىدى ۋە:

— بۈگۈن كەلگەن لەشكەرلەردىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئىنىك ئانا ھاتەمدىن، — بۇ لەشكەرلەر نىمە ئۈچۈن كەلدى؟

— بۇ لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بۇرادەرلىرىم، ھەرگىز ئەنسىرىمەڭلار، — دىدى ھاتەم.

ئىنىك ئانىنىڭ كوڭلى خاتىرجەم بولۇپ ئىككى يىگىتنى ئوردىغا بىر دىشقا تەكلىپ قىلدى.

ھاتەم بىلەن شاھزادە مەلىكىنىڭ مېھمانخانىسىغا بېرىپ، مەلىكىگە ئىنىك ئانىدىن سەپەر نامەسى بىلەن دورنى كىرگۈزدى. مەلىكە بۇ دور بىلەن ئۆزىدىكى دورنى بىر يەرگە قويۇپ سېلىشتۇرۇپ كوردۈيدى، رەڭگى، چوڭلىغى، ھالىتى ئوخشاش چىقتى.

مەلىكە ناھايىتى خۇرسەن بولدى. ھاتەمنىڭ ھىممىتىگە تەھسىن - ئاپىرىنلار ئوقۇپ، سىرۇپايىلار چىقاردى. كەلگەن مېھمان، لەشكەرلەرگە دوستىخان سېلىپ ھىساپسىز تائاملارنى كەلتۈردى،

ئىنىك ئانا ھاتەمنىڭ ئالدىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ تۇراتتى.

— ئەي ئانا، — دىدى ھاتەم ئىنىك ئانىغا، — مەلىكىنىڭ سوئاللىرى تامام بولدى. يەنە خىزمەتلىرى بولسا بۇيرىسۇن، بىجا كەلتۈرگەيمىز. ئەگەر باشقا خىزمەت بولمىسا، توي تەرەددۇتىنى قىلىپ، ئىشنى باشلىساق...

ئىنىك ئانا بۇ سوزنى مەلىكىگە يەتكۈزدى. مەلىكە ھەيران بولدى.



— ئەي مېھرىبان ئانا، — دىدى مەلىكە ئىنىك ئانىغا، — بۇ قىلغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئەرگە تەگمەسلىكىمنىڭ باناسى ئىدى. مەن پەلەكنىڭ ئويۇنلىرىدىن غاپىل ئىكەنمەن. ئەندى چۈشەندىم. ئىش بۇ يەرگە يەتتى. ئەندى نىمە دەپ جاۋاپ بېرىمىز؟

— ئەي مەلىكە، — دىدى ئىنىك ئانا يول كورسۇتۇپ، — ئەزەلدىن ئاللاتائالا ھەممە نەرسىنى جۈپلۈك قىلىپ ياراتقان، بىر يىگىت بىلەن بىر قىزنىڭ نىكاھى لەۋھى مەھپۇزدا يېزىلغاندىن كېيىن بەندىدە رازى بولۇشتىن باشقا ئامال يوق. ئەندى ئىختىيارنى كەردان شاھقا بېرەيلى.

بۇ مەسلىھەتكە مەلىكىمۇ قوشۇلدى. ئىنىك ئانا چىقىپ ھاتەمگە خەۋەر يەتكۈزدى. ھاتەممۇ خۇشال بولۇپ ئەپرەس شاھ بىلەن مېھرىۋاز شاھنىڭ قېشىغا بېرىپ، شاھ كەردان ئالدىغا بېرىشنىڭ ھازىرلىغىنى قىلىپ، ھەدىيىلەر ئېلىپ، شەھەرگە راۋان بولدى. ئەپرەس شاھ ۋەزىرىنى قوشتى، مېھرىۋاز شاھمۇ ۋەزىرىنى قوشتى.

كەردان شاھنىڭ كىشىلىرى بۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ شەھەرگە ئېلىپ كىردى. ئوردىسىغا باشلاپ كوپتىن - كوپ مېھرىبانلىقلارنى بىجا كەلتۈردى.

— ئەي شاھ، — دىدى ھاتەم تائامدىن كېيىن، — كەمىنەلىرى شۇنى ئىلتىماس قىلىدۇكى، شاھزادە مۇنىرە خارەزەمنى مەلىكە ھوسنىبانۇغا لايىق كورسىلە، پەرزەنتلىككە قوبۇل قىلسىلا ئىكەن، سائادەتلىرى تېخىمۇ زىيادە بولغاي، ئىنشائاللا،

كەردانشاھ ئۇشبۇ سوزنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇرسەن بولدى. چۈنكى، يەتتە سوئال ھەققىدىكى ھاتەمنىڭ قىسسىلىرىنى ئاڭلىغان ئىدى.

ئۇلار توي تەييارلىقىنى قىلىپ ھوسنە ئاۋات يولىغا راۋان بولدى. كەردان شاھ ئالدى بىلەن بىرىپ شاھ پەرىلەر بىلەن ئۇچرۇشۇپ، توي تەييارلىقىنى ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئوتكۈزدى. شۇنداق قىلىپ بىر نەچچە كۈن توي - تاماشىلار بولدى. ياخشى سائەتتە مەلىكە ھوسنە بانۇ شاھزادە مۇنىرغە نىكا قىلىپ قويۇلدى. مەلىكە ھوسنە بانۇ بىلەن شاھزادە مۇنىر ۋىسال تېپىپ، مۇراتلىرى ھاسىل بولدى. ئۇلار ھاتەمگە كوپتىن - كوپ دۇئالار قىلىپ، خۇدادىن رەھمەتلەر تىلىدى.

ھاتەم ھوسنە ئاۋاتتا بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ يەمەنگە قايتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. ھوسنەبانۇمۇ كوپ تەييارلىقلار قىلدى. ئۇلار ئىنسان ۋە پەرىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا يولغا چىقتى. بىر نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن يەمەن تەۋەسىگە يېتىپ كەلدى.

يەمەن پادىشاسى تەي، ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، نەچچە كۈنلۈك يەرگىچە ئالدىغا كېلىپ كورۇشۇپ، ئامان - ئېسەنلىك سوراپ، ھال - ئەھۋاللىشىپ، شەھەرگە باشلاپ كىردى. ياخشى مېھمانخانىلارغا چۈشۈرۈپ، ئالى زىياپەتلەر بىلەن مېھمان قىلدى.

مەلىكە ھوسنىبانۇمەلىكە زەردىن پوشنىڭ خانىسىغا چۈشتى، ئۇلار قەدىردان دوستلاردەك كورۇشۇپ مۇڭداشتى.

پادىشا تەيمۇ بىر نەچچە كۈن توي - تاماشا قىلىپ بەردى. ياخشى سائەتتە مەلىكە زەردىن پوشنى ھاتەمگە نىكاھ قىلدى. بۇ ئىككى ئىنتىزار ۋىساللار بىر - بىرلىرى بىلەن ئارزۇلىرىنى ھاسىل قىلىپ، كوڭۈللىرى لەززەتتىن بەھرى ئېلىپ، خۇداغا چىن قەلبىدىن شۇكرى ۋە مەدھىيىلەر ئوقۇدى.



توي بولۇپ بىر نەچچە ۋاقىتلار ئوتتى. مېھمانلار ھاتەمدىن ئىجازەت ئېلىپ، ئوز مەنزىللىرىگە قاراپ راۋان بولدى. شاھزادە مۇنىر بىلەن ھوسنىبانۇلارمۇ رۇخسەت ئېلىپ ھوسنىئاۋاتقا قاراپ مېڭىشتى. ئۇلار قايتىپ بارغانلىرىدىن كېيىن بىر يىل خارەزمدە، يەنە بىر يىل ھوسنە ئاۋاتتا تۇرۇپ ھايات ئوتكۈزۈشتى.

ھاتەم شۇندىن كېيىن ساياھەتكە ماڭمىدى. چۈنكى ساياھەتكە ھاجەت چىقمىدى. ئۇ ئومرىنىڭ ئاخىرىغىچە يەمەندە تۇرۇپ، يېتىم - يېسىر، ئاجىزلارغا ئىنئام ۋە ئېھسانلار قىلىپ ئالەمدىن ئوتتى. ئۇنىڭ ياخشى نامى تاكى زامانلاردىن - زامانلارغىچە ساقلىنىپ قالغۇسى...

# 哈 台 穆

*

刊布者：托·阿巴汗
责任编辑：阿·阿吉
喀什维吾尔文出版社出版
新疆新华书店发行
喀什日报印刷厂印刷
毫米787×1092开本 32/1
印张7插页1页
1982年12月第1版
1983年3月第1次印刷
印数：1—80.000
统一书号：10264.16
定价：0.54元

بۇ كىتاب 1899- يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ھاتەم نامە تۈركى» ناملىق كىتابتىن پايدىلىنىپ نەشرگە تەييارلاندى

《哈台穆》是中亚古典名著，在维吾尔民间也广为流传，书中对慷慨仗义，舍己为人多有描叙。

# ھاتەم ھەققىدە قىسسە

*

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092 × 787 م م 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 7، قىستۇرما ۋارىقى: 1
1982 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 3- ئاي 1 - بېسىلىشى
سانى: 1—80.000
كىتاب نومۇرى: 10264-16
باھاسى: 0.54 يۈەن

مۇقاۋىنى ئىشلىگۈچى: جورى قادىر

统一书号： 10264.16
定　　价：0．54 元